ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3

2013

新疆大学学报

哲学社会科学维吾尔文版

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇرسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

بۆ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**ئەخمەتجان ئۆمەر**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**تۇرسۇن قادىر**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇرسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**2013 - يىللىق 3 - سان**

**(ئومۇمىي 135 - سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا

بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر



**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بوۋچى

ئابلىكىم ياسىن

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ئابلىكىم ھەسەن

ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى

ئابدۇۋەلى هامۇت

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

ئابدۇرسۇل كىچىكئاخۇن

ئاسىمە نىياز

پەخرىدىن ھېسامىدىن

تۇرسۇن قادىر

چىمەن نەجمىدىن

راھىلە داۋۇت ئەلچىن

شېرىن قۇربان

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى

مۇختەر مەخسۇت

مۇھەببەت قاسىم

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
34-يىللىق 3-سان(ئومۇمىي 135-سان)　　2013-يىلى 9-ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

يېزىلاردا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سوغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
—— پىچان ناھىيەسى مىسال قىلىنىدۇ.........................منەۋەر مۆمىن (1)
سەزگۈ بىلىش ۋە سۆز مەنىسىنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدا........................جىن يەن، ئۆمەر ھاپىز(12)
پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى...................خاسىيەت ھەبىبۇللا(18)
تارىخىي ئەسەر «فىردەۋسىئەل ئىقبال» ھەققىدە ...............................ئوسمانجان ياقۇپ (28)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

«ئادەمنى ئاساس قىلىش» ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى سىياسىي تەربىيە توغرىسىدا..........
..................................... تۇرسۇنئاي سەمەت(37)
كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا.........................................................ھۆرنىسا قاسىم (41)
ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.............خەلچەم ئەمەت (47)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بابۇر ۋە تىلشۇناسلىق..........................................يۈسۈپ ئىگەمبەردى تىلتېكىن(51)
تەرجىمشۇناشلىقنىڭ پەن قۇرۇلمىسى توغرىسىدا.............................يۈسۈپجان قادىر(62)
ھېسسىيات ئامىلىنىڭ ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم رولى.........................ئاراپاتگۈل ئوسمان(67)
بىلىش تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان...............................رەيھانگۈل ئابلىز(74)
قىتانلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئەمەل ناملىرى ھەققىدە..........................................
..........................................نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن، مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم(79)
ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ...................ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار(84)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» نىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە..........
..................................................... ئابدۇللا مەتقۇربان(88)
غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھەققىدە .................. ئەخمەت سەيدۇللا(97)
«نەي ساداسى» ۋە شېئىر ئۈستىدە ھەمتېكىستلىك تەھلىل........... ئايگۈل ئابدۇرېھىم، ھوشۇرھاجى ئاخۇن(102)
مۇھەممەتجان سادىق ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى................................ئابلىكىم ئابدۇراخمان(111)
«فەرھاد-شېرىن» سۇژېتىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە بەدىئىي ئەھمىيىتى.....................
.....................................................ماھىنۇر يۇنۇس(118)
قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرى ئەنئەنىسى — ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ ئېپوس ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى .................................. ئالىيە ئابدۇللا(124)

## تارىخ تەتقىقاتى

موڭغۇللارنىڭ تۇرپان، قومۇلدىكى پاراكەندىچىلىكى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشى..........
..................................................... ئايىمگۈل قابىل(131)

## ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى توغرىسىدا ...........................ئەخمەتجان ئۆمەر (137)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-3

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版)

第 34 卷第 3 期（总 135 期）　　2013 年 9 月

# 目　录

**西域文化研究**

推行新型农村养老保险制度的必要性————新疆鄯善县为例………………米娜瓦尔·模明（1）

论感知、认知与词义的民族性………………………………………………靳焱，吾买尔·阿皮孜(12)

仙女与神奇姑娘民间故事分类…………………………………………哈斯也提·艾比布拉（18)

历史著作“幸福天堂”的评介……………………………………………………吾斯曼江·亚库甫(28)

**政治、经济与管理学研究**

论以人为本与大学生思想政治教育………………………………………吐尔逊娜依·赛买提（37)

深化收入分配制度改革扩大中等收入者比重…………………………月尔尼沙·哈斯木　(41)

论经济增值和经济发展……………………………………………………海丽且木·艾买提(47)

**语言与文化研究**

巴布尔与语言学……………………………………………………逖黎·铁肯·玉苏甫·依格穆(51)

翻译学学科架构简述…………………………………………………………玉苏普江·喀迪尔（62)

情感因素在第二语言学习中的重要作用………………………………阿尔帕提古丽·吾斯曼（67)

认知语言学简述…………………………………………………………热依汉古丽·阿卜力孜（74)

论契丹人的部分回鹘官号…………………努如拉·莫明·宇里魂，买买提祖农·阿布都克力木（79)

浅谈维吾尔人的古代文书和书籍文化………………………………………阿布拉江·买买提（84)

**文学研究**

新疆大学报》“花园”栏目作品研究……………………………………阿布都拉·买提库尔班(88)

试论西方马克思主义文学批评的主要特点……………………………………艾合买提·赛都拉（97)

谈《笛声》与诗歌比较分析…………………阿依古力·阿不都热热依木，吾舒尔阿吉·阿洪(102)

论述维吾尔古典诗学与穆罕穆德江·沙德克……………………阿布力克木·阿布迪腊合曼（111)

“帕尔哈德与西琳”情节在维吾尔书面文学中的地位及其艺术意义……玛依努尔·玉奴斯（118)

源远流长的突厥语民族口头史诗传统——维吾尔长篇历史小说叙事模式的文化渊源……………

………………………………………………………………………………阿丽亚·阿布都拉（124)

**历史研究**

蒙古人在吐鲁番、哈密的骚扰和吐鲁番维吾尔人迁移甘肃……………阿依木古丽·卡吾力(131)

**期刊研究**

论学术期刊编辑的信息素质……………………………………………艾合麦提·吾买尔(137)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-3

ماقالە نومۇرى: 11 - 100 - 1005 .5878 (2013)03 .001

# يېزىلاردا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا*

## —— پىچان ناھىيەسى مىسال قىلىندۇ

منەۋەر مۆمىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردا تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىنتايىن زۆرۈر. پىچان ناھىيەسى يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى، ناھىيەدە ئائىلە كۆلىمىنىڭ كىچىكلىشى، يەرنىڭ كاپالەت ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۆتكىلىشى، ئەنئەنىۋى ئائىلىدە كۆتۈنۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن «قېرىلىشىش» بىلەن «كۆتۈنۈش» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچىيىپ، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى بارغانسېرى گەۋدىلەندى. بۇ ماقالىدە پىچان ناھىيەسىدىكى يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى چىقىش قىلىنىپ، بۇ تۈزۈمنى ئورنىتىشنىڭ تۈپ سەۋەبى ۋە بىر قىسىم شەرت- شارائىتلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئاساسىدا، ناھىيەنىڭ ھازىرقىدەك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىدا بۇ تۈزۈمنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**摘要：** 随着人口老龄化速度的加快，在农村建立一个更科学，更有效的，新的社会养老保险制度是势在必行。鄯善县是新农保试点之一，农村家庭小型化，土地收益下降和农村劳动力的不断转移，使传统的家庭养老功能弱化，“老”与“养”之间的矛盾不断加大，建立新型农村养老保险制度的紧迫性越来越突出。本文主要阐述鄯善县新农保制度的现状，主要原因和一些条件的基础上探讨了县当前的经济，社会发展时期建立新农保制度的必要性。

**Abstract:** As the fastening pace of aging, the necessity of implementation of an effective, practicable new rural endowment insurance system is getting more and more imperative. As one of the experimental pilot of new rural endowment insurance system, the Shanshan County is facing several problems such as, miniaturization of rural families, shrinking incomes from plantation and transferring of labor forces. As a result, the traditional rural families are losing their function of endowment insurance. This makes the urgency of implementation of the new rural endowment insurance system in this county tenser than ever. This paper mainly states the current condition of rural endowment insurance system of Shanshan County and discusses the necessity of the implementation of the new rural endowment insurance system in this county from several aspects.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F121　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا، دۆلەت سىياسىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىز يېزا ئائىلىلىرىدىكى ئادەم سانى ئازلاپ، ئائىلە كۆلىمىنىڭ كىچىكلەش ئەھۋالى بارغانسېرى گەۋدىلەندى. يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەرلەرگە ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىشى بىلەن يېزا-

*بۇ ماقالە 2012- يىلى 10- ئاينىڭ 23- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2011-يىللىق مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇت بىرلەشمە مەبلىغى تۈرى، تۈر نومۇرى ( XY110209) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: منەۋەر مۆمىن ( 1970-يىلى تۇغۇلغان)، لېكتور، ماگىستىر، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلەپ، ئۆيدە تۇرۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياشلارنىڭ سانى ئازىيىشقا باشلىدى. بۇ يەردىن كېلىدىغان كىرىمنىڭ ئازىيىشىنى ۋە ياشانغانلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئائىلىدە كۈتۈش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا گوۋۇيۈەن 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» نى تارقىتىپ، 2009 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 10% ناھىيەنى تاللاپ، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى قانات يايدۇرۇش، كېيىن داۋاملىق كېڭەيتىپ، 2020 ـ يىلدىن ئىلگىرى يېزىلاردىكى يېشى ماس كەلگەن بارلىق ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى.

جۇڭگو ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت بولۇپ، ئاھالىنىڭ قېرىلىشىش سۈرئىتى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن تېز بولماقتا. 2010 ـ يىلى مەملىكىتىمىزدىكى 60 ياشتىن ئاشقان ياشانغان ئاھالە 174 مىليون بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 12.75% تىنى ئىگىلىگەن. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ھېسابلىساق بۇ سان 2025 ـ يىلغا بارغاندا كۆپىيىپ 293 مىليونغا يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20.06% تىنى ئىگىلەيدىكەن. يەنى ھەر بەش ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ياشانغان ئادەم بولىدىكەن. 2010 ـ يىللىق ئەڭ يېڭى نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە 674 مىليون 150 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 32.50% تىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن يېزىلاردىكى ياشانغانلار سانىنىڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا يېزىلاردا ياشانغانلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قېرىلىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان بىر قىسىم زىددىيەتلەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىر تۈزۈشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ـ ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يېزا نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 22 مىليون 434 مىڭ 700 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 12 مىليون 980 مىڭ كىشى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 58% نى ئىگىلىگەن. 2010 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا يېشى 60 تىن ئاشقان ياشانغانلار 2 مىليون 126 مىڭ 300 گە يەتكەن، بۇ پۈتۈن رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 9.81% تىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.36% كۆپەيگەن. بۇنى مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ قېرىلىشىش سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1.16 پوئىنت ئېشىپ كەتكەن.

نوپۇسنىڭ قېرىلىشىش يۈزلىنىشى كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ قېرىلىشىشىدا رايونلار ئارا تەكشىسىزلىك ۋە شەھەر بىلەن يېزالار ئالمىشىپ قېلىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شەرقى شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ قېرىلىشىش سۈرئىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن يۇقىرى، يېزا نوپۇسىنىڭ قېرىلىشىش سۈرئىتى شەھەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ياشانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلاردا ياشايدۇ. شىنجاڭدا يېزا نوپۇسىنىڭ قېرىلىشىشىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ ياشلىق دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش، مەنىۋى تۇرمۇش، داۋالىنىش ـ ساقلىنىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئېھتىياجى بارغانسېرى ئېشىپ، يېزا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا بولغان تەلىپى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە.

گوۋۇيۈەننىڭ «يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» نىڭ روھىغا ئاساسەن، 2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» توغرىسىدىكى 88 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى. بۇ لايىھەدە ئاساسىي پرىنسىپ، ۋەزىپە، نىشان ۋە سۇغۇرتىغا قاتنىشىش دائىرىسى قاتارلىق 14 تۈرلۈك مەزمۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، لايىھەنىڭ تەلىپى بويىچە 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ

يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. 2010- يىلى 6- ئايدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسىنى كېڭەيتىپ يولغا قويۇش لايىھەسى» نى تارقاتتى. لايىھەنىڭ روھىغا ئاساسەن 2010- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى خىزمىتىنى قوللاشنى زورايتىپ، ياشانغانلار ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىلىرى دائىرىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ بارلىق ناھىيە (شەھەر) لىرىگە ۋە باشقا رايونلارنىڭ چەت- چېگرا، نامرات ناھىيەلىرىگىچە كېڭەيتتى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 56 ناھىيەدە سىناق نۇقتىسى خىزمىتى يولغا قويۇلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىز يېزا- ئاھالىلىرىنىڭ % 60 نى ئىگىلەيدۇ.

2010- يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدىكى سىناق نۇقتا قىلىنغان 56 ناھىيەدىكى ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك 4 مىليون 235 مىڭ 600 كىشىنىڭ 3 مىليون 579 مىڭ 100 ى ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان، بۇ قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ % 85 تىنى ئىگىلىگەن[1]. بۇلاردىن قارىغاندا بۇ خىزمەتنى داۋاملىق ئىرىشىپ ئىشلەپ، دېھقانلارنىڭ تولۇق قاتنىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يەنىلا مۇھىم ۋەزىپە.

## 1. پىچان ناھىيەسىدىكى يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى خىزمىتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى

پىچان ناھىيەسى 2010- يىلى يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، 2010- يىلى 2- ئاينىڭ 4- كۈنى، پىچان ناھىيەسى يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، «پىچان ناھىيەسىنىڭ يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش تەدبىرى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. تەدبىردە ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شۇنداقلا شەھەر- يېزا ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئورنىتىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ھەم مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، تەدبىرلەر كۆرسىتىلدى. تەدبىرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ۋە خىزمەتچى خادىملار ئىرىشىپ ئىشلەپ، 2012- يىلى 6- ئايغىچە ناھىيە بويىچە سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك 77 مىڭ 859 ئادەمنىڭ 74مىڭ 636 نى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ، قاتنىشىش نىسبىتىنى % 96 كە يەتكۈزدى. پىچان ناھىيەسىنىڭ يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى 1- جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پىچان ناھىيەسىدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سىرتقا چىقىپ ئوقۇيدىغان ۋە ئىشلەيدىغان ياشلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۆيدە مۇقىم تۇرۇپ چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ياشلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازايدى. بۇ شۇ ئائىلىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىگە ۋە ياشانغانلار تۇرمۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئائىلىدە ياشانغانلارنى كۆتۈش، بېقىش ئىشلىرىدىن تارتىپ، قارىغۇچىسى يوق، مېيىپ، نامرات ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە بولغان بىر قاتار ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. ياشانغانلار مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنىڭ خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك جىددىي ۋەزىپە. بۇنىڭدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز يولغا قويغان

يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئەڭ ياخشى چىقىش يولىدۇر.

1 ـ جەدۋەل: پىچان ناھىيەسىنىڭ 2012 ـ يىللىق يېزا يېڭىچە كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى خىزمەتىنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى[1]
(پىچان ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى تەمىنلىگەن)

| يېزا ـ بازار | قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم سانى | قاتناشقان ئادەم سانى | قاتنىشىش نىسبىتى | داۋاملىق قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم سانى | داۋاملىق قاتناشقان ئادەم سانى | داۋاملىق قاتنىشىش نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| چىقتىم بازىرى | 5546 | 4994 | 90% | 4940 | 2096 | 42% |
| دۇڭ بازار | 1206 | 1206 | 100% | 1206 | 478 | 40% |
| پىچان بازىرى | 1833 | 1833 | 100% | 1825 | 493 | 27% |
| لەمجىن بازىرى | 13702 | 13313 | 97% | 13038 | 2762 | 21% |
| لۈكچۈن بازىرى | 13459 | 11405 | 85% | 11265 | 2198 | 20% |
| دىغار يېزىسى | 3911 | 3911 | 100% | 3911 | 787 | 20% |
| پىچان يېزىسى | 9402 | 9352 | 99% | 9323 | 1685 | 18% |
| قوش تۈگمەن | 396 | 396 | 100% | 396 | 72 | 18% |
| دالان كارىز | 4515 | 4515 | 100% | 4278 | 757 | 18% |
| تۇيۇق يېزىسى | 10500 | 10322 | 98% | 10305 | 1682 | 16% |
| جەمئىي | 77859 | 74636 | 96% | 60487 | 13010 | 22% |

## 2. پىچان ناھىيەسىدە يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ سەۋەبلىرى

### 1) قېرىلىشىش نىسبىتىنىڭ تېز ئېشىشى

2011 ـ يىلى پىچان ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 229467 غا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 156948 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 68. 4 تىنى ئىگىلىگەن. بۇنى 2010 ـ يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 16%. 1ئاشقان. يېزا نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، 66%. 1 كۆپەيگەن. 2011 ـ يىلى ناھىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە 60 ياشتىن ئاشقان يېزا نوپۇسىدىكى ياشانغانلار 13508 بولۇپ، بۇ ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ5%. 9 تىنى، يېزا نوپۇسىنىڭ % 6. 8 تىنى ئىگىلىگەن. 65 ياشتىن ئاشقان يېزا نوپۇسىدىكى ياشانغانلار 8705 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 3%. 8 تىنى، يېزا نوپۇسىنىڭ 5%. 5 تىنى ئىگىلىگەن. ئەمما 2010 ـ يىلى 60 ياشتىن ئاشقان يېزا نوپۇسىدىكىلەر 12663 كىشى بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 5%. 6 نى، يېزا نوپۇسىنىڭ 8% نى ئىگىلىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، پىچان ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە يېزا نوپۇسىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى كۆپ ھەم يېزا نوپۇسى ئىچىدە 60 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 6%. 0 كۆپەيگەن[2]. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 2030 ـ يىلغا بارغاندا، پىچان ناھىيەسىدە 60 ياشتىن ئاشقان يېزا نوپۇسىدىكىلەر ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 3%. 11نى ئىگىلەپ، ناھىيە قېرىلىشىش دەۋرىگە كىرگەن رايونغا ئايلىنىشى مۇمكىن. خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە، 60 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلار شۇ

رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ % 10 تىن يۇقىرى نىسبەتنى، 65 ياشتىن ئاشقانلار %7 تىن يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىسە، بۇ رايون قېرىلىشىش دەۋرىگە كىرگەن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، پىچان ناھىيەسىنىڭ قېرىلىشىش دەۋرىگە كىرىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشمەكتە. شۇڭا پىچان ناھىيەسىدە ھازىردىن باشلاپ دۆلىتىمىز يولغا قويغان يېزا يېگىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىياسىتىنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياشانغانلارنىڭ ۋە ياشانغانلار سېپىگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ سۇغۇرتىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياشانغاندىكى مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**2)ياشانغانلارنىڭ كۆتۈنۈش شارائىتىنىڭ ناچارلىشىشى**

قېرىلىشىش نىسبىتىنىڭ تېز ئېشىشى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ چىڭ تۇتۇلۇشى، دېھقانلارنىڭ ئائىلە كۆلىمىنىڭ كىچىكلىشى، يەردىن كىرىدىغان كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياشانغانلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا بېقىش ئىشلىرى ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلدى. «قېرىلىشىش» بىلەن «كۆتۈنۈش» ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل زىددىيەت پىچان ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن مۇۋاپىق ۋە ماس بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا.

بىرىنچى، ياشانغانلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا كۆتۈنۈش شارائىتى ناچارلاشماقتا. بىر تەرەپتىن، ئائىلىنىڭ كۆلىمى كىچىكلەپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. 90- يىللاردا تۆت ئەۋلادلىق ئائىلىلەرنى تېپىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ھەربىر ئائىلىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5. 4 ئەتراپىدا ئىدى. 2000- يىللارغا كەلگەندە، تۆت ئەۋلادلىق ئائىلىلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سانىمۇ ئەسلىدىكىدىن ئازىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئائىلىگە تەخمىنەن 08. 4 كىشى توغرا كەلدى. 2010- يىلغا كەلگەندە بۇ سان يەنىمۇ ئازىيىشقا باشلاپ ھەر بىر ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى 31. 3 گە چۈشۈپ قالدى[3]. يەنە بىر تەرەپتىن، ياش ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەش نىسبىتى بارغانسېرى كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى، كىرىمىنىڭ ئاز بولۇشى پىچان ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم ياشلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، بەس- بەستە شەھەر، بازارلارغا كىرىپ ئىش ئىزدەش سالمىقىنى زورايتتى. 2011- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان ياشلارنىڭ سانى 1010 غا يەتتى. بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە كىرگەندىن كېيىن، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەر ياكى ئەمگەك زىچلىقى يۇقىرى، تېخنىكا تەلىپى تۆۋەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئازغىنە تاپاۋىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەردىن بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ئائىلىسىگە كۆپ پۇل ئەۋەتەلمىگەن، چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تېخىمۇ قۇربى يەتمىگەن. تۇرمۇشتىكى بۇ قىيىنچىلىق ۋە بېسىم ياشلارنىڭ چوڭلارغا قاراش، بېقىش ۋە ۋاپادارلىق قىلىش ئىدىيەسىنىڭ سۇسلىشىنى پەيدا قىلىپ، ياشانغانلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا كۆتۈش ئۈنۈمى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى بىر مەسىلىگە ئايلانغان.

ئىككىنچى، يەرنىڭ كاپالەتلىك ئۈنۈمى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. يېزىلاردا يەر بولسا دېھقانلارنىڭ جېنى، ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى. پىچان ناھىيەسى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇب تەرىپى پەس بولۇپ، قىيپاش يۆزلۈك يەر شەكلىگە كىرىدۇ. شىمالى تەرىپى تەڭرىتېغىغا تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنى يالغۇن تاغ كېسىپ ئۆتىدۇ. جەنۇب تەرىپى كەڭ كەتكەن قۇملۇق ۋە ئېگىز- پەس دۆڭلۈك بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر يەنىلا ناھايىتى ئاز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھازىر بار بولغان

تېرىلغۇ يەرلەرنى قەدىرلەپ ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بېرى پىچان ناھىيەسىدە يەرلەرنىڭ قۇملىشىشى، سۇنىڭ قىس بولۇشى سەۋەبىدىن تېرىشقا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ مىقدارى بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەن. سىرتتىن كېلىپ ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ سانى ناھىيەنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئىشلەيدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ سانىدىن كۆپ بولۇپ، ئادەم سانىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشى بىلەن يەرگە بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى يۇقىرىلىغان.

2ـ جەدۋەل: پىچان ناھىيەسى 2012ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى كۆچمە نوپۇس ئىستاتىستىكا جەدۋىلى [II]

( پىچان ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەمىنلىگەن)

| رايون | باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگەن كۆچمە نوپۇس | شىنجاڭ ئىچىدىن كىرگەن كۆچمە نوپۇس | سىرتقا چىقىپ كەتكەن كۆچمە نوپۇس |
|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سان | ئومۇمىي سان | ئومۇمىي سان |
| جەمئىي | 9221 | 2737 | 1025 |
| شەھەر بازار | 2816 | 475 | 102 |
| چىقتىم بازىرى | 311 | 297 | 14 |
| ۋوگزال | 4495 | 734 | 82 |
| لەمجىن بازىرى | 113 | 31 | 174 |
| لۈكچىن بازىرى | 463 | 71 | 11 |
| پىچان يېزىسى | 86 | 5 | 66 |
| دۇڭ بازار يېزىسى | 179 | 179 | |
| تۇيۇق يېزىسى | 59 | 782 | 352 |
| دالانكارىز يېزىسى | 67 | 25 | 177 |
| دىغا يېزىسى | 431 | 30 | 20 |
| سەنئەت مەيدانى | 201 | 108 | 27 |

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىغان. دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مو سانى ئەسلىدىكىدىن خېلىلا تۆۋەنلەپ، كىرىمگە كاپالەتلىك قىلىش تەس بولۇپ قالغان. 2011ـ يىلى ناھىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 229500 بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1.16% كۆپەيگەن. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە غەيرى يېزا نوپۇسىدىكىلەر 61100 بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 0.78% كۆپەيگەن، يېزا نوپۇسىدىكىلەر 168400 بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1.32% كۆپەيگەن[4]. يېزا نوپۇسىدىكىلەرنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى غەيرى يېزا نوپۇسىدىكىلەرنىڭكىدىن تېز بولغان. بۇ مۇشۇ رايوندا تېرىلغۇ يەرلەرگە بولغان ئېھتىياجنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ سانائەت قۇرۇلمىسى ئاددىي، تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىنتايىن ئاجىز، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پىچان ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى دائىم ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، يەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش بىر قەدەر تەس بولغان. 2011ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزاققا داۋاملاشقان تۆۋەن تېمپېراتۇرا، كەلكۈن، شامال ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ تەسىرىدە يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلات مىقدارىدا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كېلىپ چىققان. دېھقانچىلىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 383 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 13.8% چۈشكەن[5]. يېڭى قۇرۇلغان كارخانا، زاۋۇت ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپلەپ ئىگىلەپ كېتىشى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ تېخىمۇ ئازىيىشى ۋە كىرىمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 2011ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پىچان ناھىيەسىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 151

مىلك مو ئىدى، بۇ يەرنى يېزا نوپۇسىدىكى 156948 (مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم سانى) ئادەم بېشىغا سۇندۇرغاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر سانى 0.9521 مو بولۇپ، بىرموغىمۇ يەتمىگەن. بۇنى 2010-يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر 0.03 مو ئازىيىپ كەتكەن. 2011-يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 6304 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 11.12% ئاشقان[6]. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى گەرچە ئازراق ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆڭۈلدىكىدەك ياخشىلىنىش بولمىغان.

**3) ئەسلىدىكى ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك**

1991-، 1992-يىلى ئارىلىقىدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، شەندۇڭنىڭ موۋپىڭ ۋە جياڭسۇنىڭ جاڭجياگاڭدا ئايرىم يېزا ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن يىغىنغا بارغان رەھبەرلەر قايتىپ كېلىپلا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ [1991] 184-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا يوللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا سىناق نۇقتىسى قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى [1991] 60-نومۇرلۇق ھۆججەتنى چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچى، مىچۈەن، بورتالا قاتارلىق ئون ناھىيە-بازارنى سىناق نۇقتىسى قىلىشنى تەستىقلىدى. 1991-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى تارقاتقان «ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى ئاساسىي لايىھەسى» گە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئاساسىي لايىھەسى» نى تۈزدى.

1993-يىلى 5-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى لايىھەنىڭ ماقۇللانغانلىقى توغرىسىدىكى [1993] 51-نومۇرلۇق ھۆججەتنى چۈشۈردى. پىچان ناھىيەسى سىناق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە مۇشۇ «لايىھە» نىڭ روھىغا ئاساسەن بۇ تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئەمما ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدا «شەخسىيلەرنىڭ پۇل تاپشۇرۇشى ئاساس، كوللېكتىپنىڭ قوشۇمچە بولۇپ، دۆلەت پەقەت سىياسەت جەھەتتىن قوللايدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، بۇنى بۇ «لايىھە»نىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى دېيىشكە بولىدۇ. كونا كۆتۈنۈش سۇغۇرتا تۈزۈمى شەخسىي ھېسابات جۇغلانمىسى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭدا ئورتاقلىق كەمچىل بولۇپ، كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. بۇخىل ئىجتىمائىيلىقنىڭ تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى مەبلىغىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇشى، مەبلەغنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ھەمدە سۇغۇرتا كاپالەت دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن تار، كاپالەت دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولۇشىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. شۇڭا پىچان ناھىيەسىدە ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، كاپالەت سوممىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىيلىقنى ئاساس قىلغان يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئوبيېكتىپ تەلەپكە ئايلاندى.

## 3. پىچان ناھىيەسىدە يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

بىرىنچى، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ـ شەھەرلەرنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا پەرقىنى كىچىكلىتىپ، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىدا: «شەھەر ـ يېزىلارنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى شەھەر ـ يېزىلارنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پەرقىنى كىچىكلىتىشتىكى مۇھىم يول. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە، بىرى، دېھقانلارنى يەرگە مەھكەم باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىختىيارىي ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقى بوغۇپ قويۇلدى. يەنە بىرى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ ئېھتىياجى تەمىن ئېتىلدى. بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئەينى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەر بىلەن يېزا پەرقىنى چوڭايتىۋەتكەنلىكتىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، يېزىلارنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن بىچارە ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىز دۇنيادىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، خەلقئارا ئىقتىسادى پائالىيەتلەردىكى ئورنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە دۆلىتىمىز باشقا تەرەققىي قىلغان ۋە قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئوخشاش يېزىلارغا قاراتقان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىش، يېزىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پەرقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كىچىكلىتىپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى ۋە ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، كەلگۈسى تەرەققىيات ئۈچۈن داغدام يول ئېچىشنىڭ جىددىي تەلىپى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەركەز دېھقانلارغا ياردەم بېرىش، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما دۆلىتىنىڭ شەخسلەرنى تەمىنلەيدىغان بەزى تۈرلىرىدە، دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ئېرىشىدىغان مەنپەئەت پەرقلىق بولۇپ، بۇ داۋالىنىش ۋە كۈتۈنۈش مەسىلىسىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىدى. يېڭى يولغا قويۇلغان يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سىياسىتى بىلەن ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى دېھقانلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كۈتۈنۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدىغان، كۈتۈنۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم تەدبىر بولۇپ قالدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ تەسىرىدە پىچان ناھىيەسىدە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، كىرىمى ئېشىپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يېزالارنىڭ قىياپىتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. چۈنكى يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى دېھقانلارنى بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ، ياشىنىپ ئېتىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ خۇددى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىپ پېنسىيە مائاشى بىلەن كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگىنىدەك، كۈتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە بولۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. شۇڭا، بۇ تۈزۈم دېھقانلارنى ياخشى كۈتۈنۈش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ۋە شەھەر بىلەن يېزا پەرقىنى كىچىكلىتىش، شۇنداقلا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر توغرا تاللاش. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ئىستېمال ئېڭى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، بولۇپمۇ داۋالىنىش، كۈتۈنۈش جەھەتتە بەھرىمەن بولىدىغان مۇئامىلە قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش پىچان ناھىيەسىنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ جىددىي

ئېھتىياجى.

مەملىكىتىمىزدە يېزا ئاھالىسى بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇنلىغان دېھقانلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ شەھەرلەرگە كىرىپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كەسىپنىڭ غوللۇق قوشۇنى بولۇپ قالدى، ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ 2. ۋە 3. كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 60% تىن ئاشىدىكەن. گەرچە بىر قىسىم دېھقانلار يەرلىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغاچقا، ياشانغاندا يەنىلا يېزىلىرىغا قايتىپ، ئائىلىدە كۈتۈنۈشى كېرەك. نۇرغۇنلىغان ياش ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى بىلەن يېزىلاردا ئاساسلىق ئايااللار ۋە بالىلار قېلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بۇ خىل ئەھۋال مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قەدەر نامرات رايونلىرىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ مەملىكىتىمىز يېزىلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرىنچىدىن، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بېكىتىش تەس بولدى. پىچان ناھىيەسىدە شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن يېڭى ئەمگەك كۈچلىرى گەرچە نامى جەھەتتىن دېھقان ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۇلار بازارلاردا ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا دېھقانچىلىق كەسپىگە يات باشقا تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم كەسپىي ئورۇنلار، كارخانا ئورۇنلىرى، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر مۇھىتى ئورۇنلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك ھەسسىسىنى قوشماقتا. بىراق ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخى قىسقا، مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، سالاھىيىتىنى بەلگىلەش تەس بولماقتا. ئىككىنچىدىن، دېھقان ئىشلەمچىلەر يېزىدىكى ئۆيلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ شەھەرلەردە مۇقىم تۇرالغۇ جايىغا ئېرىشىشى ئىنتايىن تەس. ناھىيەدە گەرچە بىر قىسىم يەرلەر بىكار تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىلىرى بار بولۇپ، ئىگىسى ۋاقىتلىق يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلارغا ئىشلىگىلى كەتكەن. شۇڭا بۇ جايلارنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ يەرلەر يەنىلا يېزا يەرلىرى بولۇپ، شەھەر رايونلىرىغا ئايلىنالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، شەھەردىكى دېھقان ئىشلەمچىلەر دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىللىرىدە يەنىلا يۇرتىغا قايتىپ، ئائىلىدە ئەڭ ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار يېزىلاردا دېھقان ھېسابلانسا، شەھەرگە كىرگەندە ئىشچى-خىزمەتچى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىككى خىل رولنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھېرىپ- چارچاپ ياشايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېزا يېڭىچە ياشانغانلار ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ كۈتۈنۈش مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل قىلىنىپ، شەھەرلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشىگە زور كۈچ قوشىدۇ.

ئۈچىنچى، يېزا يېڭىچە ياشانغانلار ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ھۆكۈمەتنىڭ دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ۋاقتىدا، جىددىي ھەل قىلىشقا مۇھتاج، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە كېلىپ چىققان تەڭسىزلىك ئەھۋاللىرىغا قارىتا ھۆكۈمەت مالىيە جەھەتتە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى مەيلى تۈزۈم جەھەتتە بولسۇن ياكى مەبلەغ جەھەتتە قوللاش بولسۇن ئالدى بىلەن شەھەر- بازارلارنى ئاساس قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. شەھەر- بازارلاردا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەندە، ئاندىن يېزىلاردا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى

ئورنىتىلىدۇ. بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئادىللىق ئەمەس. بۇ خىل تەڭسىزلىك دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىناق، ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا ئىنتايىن پايدىسىز.

پىچان ناھىيەسىدە ياشانغان دېھقانلارنىڭ كۆتۈنۈشى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر، يەنى ياشانغان دېھقانلار ئېتىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىرىمنىڭ تۆۋەنلەپ، تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىشىشى، بالىلىرىنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماسلىقى ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلىيەلمەسلىكى، مۇشۇ سەۋەبتىن چوڭلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىلىشىش، كۆتۈنۈش زىددىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، چوڭلارنىڭ يالغۇزلۇق، نامراتلىق ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى، بۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتىكى ئازابىنىڭ كۆپىيىشى، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى قاتارلىق ئەھۋاللار يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ ئۈنۈملۈك، ئىلمىي بولغان ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىگە نەقەدەر ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەھەرلەردە يولغا قويۇلۇپ، شەھەر ئاھالىسىگە نەپ كەلتۈرگەن پايدىلىق سىياسەت، تۈزۈملەر يېزىلاردىمۇ ئوخشاشلا يۈرگۈزۈلۈشى ھەم دېھقانلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ دېھقانلارنىڭ كۆچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ياكى دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئاق تاشلاپ، شەھەرگە كۆپلەپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە مۇقىملىقىغا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى دېھقانلارنىڭ كۆتۈنۈشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مالىيە تولۇقلىمىسى سوممىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئادىل ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەڭسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى زۆرۈر تەدبىر.

تۆتىنچى، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قېرىلىشىش باسقۇچىغا كىرىش ۋاقتىنىڭ جىددىي تەلپى

بىر تەرەپتىن، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ جىددىيلىكىنى قېرىلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىش ۋاقتى، يەنى قېرىلىشىش باسقۇچىغا كىرىش ۋاقتى بەلگىلەيدۇ. پىچان ناھىيەسىدە يېزا نوپۇسىدىكى ياشانغانلار سانىنىڭ يىلدىن- يىلغا ئېشىپ بېرىشى ياشانغانلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان تەلەپنى بارغانسېرى كۈچەيتتى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك 2011- يىلى پىچان ناھىيەسىدە 60 ياشتىن ئاشقان يېزا نوپۇسىدىكى ياشانغانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 9.5% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.3 % ئاشقان. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىساق 2030- يىلغا بارغاندا كۆپىيىپ تەخمىنەن 11% كە يېتىدىكەن. بۇ ھەر 9 ئادەم ئىچىدە بىر ياشانغان ئادەم بار دېگەنلىك بولىدۇ. پىچان ناھىيەسىدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىشى، ياش دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەرگە ئېقىشى بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سانى ئازلاپ، كۆلىمى كىچىكلەپ، ياشانغانلارنىڭ ئائىلىدە ياخشى كۆتۈنۈشى بارغانسېرى تەس بولۇۋاتىدۇ. ياشانغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى ياشلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز- ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشىغا بېسىم ئېلىپ كەلمەكتە. « قېرىلىشىش» بىلەن «كۆتۈنۈش» ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەت ئىلمىي، ماس بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دېھقانلارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي تەلپى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ جىددىيلىكىنى مۇشۇ تۈزۈمنى

ئورنىتىش ۋاقتى بەلگىلەيدۇ. يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ياشلار جۇغلانمىسى ئارقىلىق ياشانغانلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بولۇپ، باشقا سۇغۇرتا تۈرلىرىگە ئوخشىمايدۇ. يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىدا سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ پۇل تۆلىگەندىن باشلاپ، قېرىپ سۇغۇرتا سوممىسىنى ئېلىپ ئىشلەتكىچە چوقۇم ئاز دېگەندىمۇ 15- 20 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا پىچان ناھىيەسى ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ سۇغۇرتا تۈزۈمىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلگەن بارلىق كىشىلەرنى سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىشى، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، 20 يىلدىن كېيىن ياشانغانلار سېپىگە كىرىدىغانلارنىڭ، ياشانغاندىكى تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىشى، بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەسلىكى كېرەك.

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، «گوۋۇيۈەننىڭ يېزا يېڭىچە ياشانغاندا ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىناق نۇقتىسى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى» نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا پائال يۈزلىنىپ، ھەممە ئىشتا خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشتەك سىياسىي ئاڭدا چىڭ تۇرغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، يېزا يېڭىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىلمىي تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا - شەھەر ئاھالىلىرىنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى سىستېمىسىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىشتىكى زور تاكتىكا. شۇنداقلا دۇنياۋى ئىقتىسادىي كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى كېڭەيتىشتىكى زور تەدبىر، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىپ، ئاساسىي جامائەت مۇلازىمىتىنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم قورۇلۇش، كەڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئائىلە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى ياخشى سىياسەت. شۇڭا يېزىلاردا بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## ئىزاھاتلار

[1] 阿里木江. 阿不来提，阿布杜外力. 依米提：《新疆农村养老保障体系构建研究》[M]，中国经济出版社，2011 年 6 月，36 页

[2] پىچان ناھىيەلىك كادىرلار ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

[3]郭新慧：鄯善县领导干部手册 2012[M]。鄯善县：鄯善县统计局。2012 年，44 页

[4] پىچان ناھىيەلىك ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

[5][6]郭新慧：《鄯善县领导干部手册》[M]，2012。鄯善县：鄯善县统计局。2012 年，26 页，14- 15 页

## پايدىلانمىلار


1. «يېزا يېڭىچە ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى» غا ئائىت ھۆججەتلەر.
2. 郭新慧。鄯善县领导干部手册 2012[M].鄯善县：鄯善县统计局.2012 年。
3. 高仲霞，周毅。新疆农村社会保障体系研究[M].乌鲁木齐：新疆人民出版社，1999 年。
4. 阿里木江·阿不来提，阿不都外力·依米提.新疆农村养老保障体系构建研究[M].北京：中国经济出版社，2011 年。
5. 葛燕，牙克甫，葛红艳。鄯善县春季寒潮天气的分布特征及对策[J]。乌鲁木齐；新疆农垦科技，2009 年，第五期。


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-012-06

# سەزگۈ بىلىش ۋە سۆز مەنىسىنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدا*

## جىن يەن[1]، ئۆمەر ھاپىز[2]

(1. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پىلان ـ تەرەققىيات باشقارمىسى، ئۈرۈمچى. 830046
2. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە ئاساسلىق خەنزۇتىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەم سەزگۈ سۆزى «aʧʧiq » نىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇش ۋە لېكسىكىلىق مەنە بىلەن مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلاپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى ۋە تىل مەدەنىيەت ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ھەمدە بۇ ئادەتلەر تىلنىڭ ئۆزلىشىشىگە ئەگىشىپ ، كېيىنكىلەرنىڭ سۆز ئىشلىتىشىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر قىلىپ كەلگەنلىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要：** 本文阐释汉维语味觉词语 “aʧʧiq” 本义及引申义的差异，并从词汇意义与文化的视角加以解释，说明不同民族的人们在历史长河里各自形成了自己的生活习惯和语言文化认知习惯，这些习惯又在语言里沉淀下来，对后来的语言使用者对味觉的认知不断地产生着影响。

**Abstract:** This article focuses on the Uyghur gustatory word "aʧʧiq", the original meaning and the extended meaning of it, and compares it between relative expressions in Chinese, and makes reasonable cultural interpretation. The author also states that these differences in subject cultures have been formed by different cultural habits and effects language users' gustatory perceptions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H03   ماتېرىيال بەلگىسى: A

تىل ۋە مەدەنىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىزچىل ھالدا ئومۇمىي تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. لېكسىكىلىق مەنە ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشىنى تەسۋىرلەش ـ تىل ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل. مەدەنىيەت بىلىش تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ بىلىش رولى تىل ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارا-بارا كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدى. كىشىلەر تىلىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ بىۋاستە ئەكس ئېتىشى بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان بىلىشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. تىل يېپىق، ناتۇرال سىستېما بولماستىن، بەلكى ئوچۇق، تايىنىشچان بولۇپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىق، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، فىزىيولوگىيەلىك ئاساس، بىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق ھەرخىل ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال ھاسىلاتى.

يېڭى تىل قارىشىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تىلدىكى مىللىي مەدەنىيەتنى قېزىشتىن تىل مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈش قاتلىمىغا چوڭقۇرلاشتى. مەدەنىيەت پەقەت ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغاندىلا ئاندىن ئېنىق بولىدۇ. خەنزۇ

*بۇ ماقالە 2012- يىلى 11- ئاينىڭ 2- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتور رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەن مەبلىغىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى ۋە خەنزۇ تىلى قوش تىل ھادىسىسى ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت (تۈر نومۇرى: 07020428090 )» نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** جىن يەن (1967- يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتورانت، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تىلىدىكى (苦，辣，酸)لارنىڭ ئۆز ئالدىغا فونېتىكىلىق شەكلى ۋە مول بولغان كۆچمە مەنىسى بار. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، بۇ ئۈچ خىل تەم سەزگۈ تۇيغۇسى «aččiq » دېگەن بىر سۆزگە يىغىنچاقلانغان. تۆۋەندە بۇ خىل ھادىسە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى تەھلىل قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «aččiq» سۆزىنىڭ كۆپ خىل مەنىسى بار بولۇپ، ئاساسلىق تۆۋەندىكىچە: قىرتاق(苦)، مەسىلەن «بۇ دورا بەك قىرتاق» (这种药很苦).

بۇ خىل مەنىنى بىلدۈرگەندە خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى تەم سەزگۈ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاچچىق(辣)، «بۇ قورۇما ناھايىتى ئاچچىق» (这个菜很辣). بۇ خىل مەنىنى بىلدۈرگەندە خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش.

چۈچۈمەل(酸)، مەسىلەن، «چۈچۈمەل ئۆرۈك، قېتىق» (酸杏子、酸奶子). ئۇيغۇرلار قېتىق ئىستېمال قىلغاندا شېكەر قوشمايدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە دىسلەپتە قېتىق ئىچكەندە چۈچۈمەل تەمگە چىدىيالماي ئازراق شېكەر قوشۇپ ئىچكەن، بۇنداق بولغاندا تەمى تېخىمۇ ياخشى بولغان. بۇ خىل مەنىنى بىلدۈرگەندە خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش. قېنىق(酽)، مەسىلەن، «ئۇ قېنىق چاي ئىچكەچ پولو يەۋاتىدۇ» (他喝着酽茶吃着抓饭).

بۇ خىل مەنىنى بىلدۈرگەندە، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. خەنزۇ تىلىدا رەڭگىنىڭ ۋە تەمىنىڭ قېنىق-سۇسلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، ئاساسلىق تەم جەھەتتىلا ئىپادىلىنىدۇ. كۈچلۈك(劲大的)، مەسىلەن، «كۈچلۈك تاماكا» (劲大的烟). بۇ خىل مەنىنى بىلدۈرگەندىمۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى «劲大»نىڭ «冲，味道呛人»دېگەن مەنىسى بار. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۈچلۈك» بولسا يەنىلا تەمنى تەكىتلەيدۇ. ئابستراكت مەنىگە كېڭەيتىلگەن«苦»، مەسىلەن، «ئاچچىق كۈلمەك»(苦笑). بۇ خەنزۇ تىلىدىكى كېڭەيگەن مەنە بىلەن ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەم سەزگۈ سۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا «aččiq » سۆزىنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسى ئاساسلىق ھالدا تەم ياكى سەزگۈ جەھەتتىكى غىدىقلاشقا ئۇچراشنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، كونكرېت تەمى تەپسىلىي ئايرىلمايدۇ. «چۈچۈمەل، قىرتاق، ئاچچىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە «قېنىق، كۈچلۈك» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئەگەر چوقۇم تەپسىلىي ئايرىشقا توغرا كەلسە چۈچۈمەل تەمنى بىلدۈرىدىغان «čüčük »سۆزى ئىشلىتىلىدۇ، قىرتاق ۋە ئاچچىققا كەلسەك، يەنىل«aččiq » ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛ خەنزۇ تىلىدا بولسا، «چۈچۈمەل» (酸)، «قىرتاق»(苦)، «ئاچچىق» (辣) قاتارلىق سۆزلەر بىۋاستە تەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قاتلىمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئوخشىمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئوخشىمىغان تەمنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى تەم سەزگۈ سۆزلىرى خەنزۇ تىلىدىكىگە ئوخشاش بىۋاستە ھالدا ئوخشىمىغان تەمنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئوخشىمىغان تەمنىڭ خاسلىق پەرقىنى گەۋدىلەندۈرمەستىن، بەلكى ئوخشىمىغان تەم سەزگۈسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولغان غىدىقلىنىش ۋە كۈچلۈك سەزگۈگە ئېتىبار بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەم مەنىسىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلغاندا، جىپسىلىشىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنمەستىن، كېسىشىش مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدا تەم سەزگۈ سۆزىدىن كېڭىيىپ چىققان مەنە خەنزۇ تىلىدىكىدىن ئاز ھەمدە بۇ سۆز ياكى بۇ مورفېمىلارنىڭ يېڭى سۆز ياساش ئىقتىدارى روشەن ھالدا خەنزۇ تىلىنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس. خەنزۇ تىلىدا تەم سەزگۈ سۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنىسىدىن كېڭىيىپ چىققان ئوخشىتىش مەنىلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇ خەنزۇ تىلىدا تەم سەزگۈسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە

ئىنچىكە سېزىمنىڭ بارلىقىنى، بۇ سېزىملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى، فىزىيولوگىيەلىك تەم سەزگۈسىنىڭ پسىخىكىلىق بىلىشكە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، تەم سەزگۇ مەنىسىدىكى ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق پسىخىكىلىق بىلىشنى ئىپادىلەشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ خىل ئالاھىدە بىلىش ۋە ئىنكاسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولسا ئېگىزلىك ۋە قۇملۇقتىكى چارۋىچى مىللەت، دېھقانچىلىق تارىخى بەك ئۇزاق ئەمەس. بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمىكى ئاساسەن سۈت، ناننى ئاساس قىلغان، ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەكتە كۆكتات ناھايىتى ئاز بولۇپ، پىياز، چامغۇر، سەۋزە قاتارلىقلار بار ئىدى. يېمەك ـ ئىچمەكتىكى تېتىتقۇلارمۇ تۇزنى ئاساس قىلغان بولۇپ، مول ئەمەس ئىدى، تەم سەزگۇ مەنىسىدىكى سۆزلەر تىلدا ئەكس ئەتكەندە تەمنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ بىر ئاز يىرىك ئىدى. خەنزۇ مىللىتىنىڭ دېھقانچىلىق تارىخى ئۇزاق، ماددىي تۇرمۇشتىكى تەم سەزگۇ بىلىشى بىلەن تىلدىكى تەم سەزگۇ مەنىسىنىڭ ئىنچىكە تۈيغۇسى تىلدا زىچ بىرلەشكەن، تارقىلىشى كەڭرى بولغان. خەنزۇ مىللىتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ھەممە جايلاردا ئوخشىمىغاچقا، «جەنۇبتا تاتلىق، شىمالدا تۇزلۇق، شەرقتە ئاچچىق، غەربتە چۈچۈمەل» دېگەن قاراش پەيدا بولۇپ، مول بولغان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن، ماددىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ تەم سەزگۇ مەنىسىگە بولغان ئوخشىمىغان بىلىشى تىلغا تەسىر كۆرسەتكەن، شۇڭا ئىنچىكە ھالدا تەم سەزگۈنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنىڭ مول كۆچمە مەنىسى شەكىللەنگەن.

بۇنىڭدىن سىرت بىز يەنە خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەم سەزگۇ سۆزلىرىنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ «چۈچۈمەل» دېگەن بۇ تەم تۇيغۇسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسىدىكى ئاڭ قىممىتىنىڭ خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئالدى بىلەن ئىككى خىل تىلدىكى «چۈچۈمەل» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

| خەنزۇ تىلى | ئۇيغۇر تىلى |
| --- | --- |
| 酸味儿 | چۈچۈمەل |
| 酸溜溜 | چۈچۈمەل ئاچچىق |
| 酸不溜丢 | ئاچچىق |

خەنزۇ تىلىدا، چۈچۈمەل تەمنىڭ تەم سەزگۈسى ئادەمدە بىر خىل ئېچىشىپ ئاغرىشنىڭ تۇيغۇسىنىمۇ پەيدا قىلالايدۇ، شۇڭا بۇ خىل مورفېما يېنىك دەرىجىدىكى ئاغرىقنى ئىپادىلىيەلەيدۇ؛ چۈچۈمەل دېگەن بۇ سەزگۇ سۆزى يەنە كۆڭۈلنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا بۇ ئارقىلىق كۆڭۈلنىڭ يېرىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. «چۈچۈمەل» (酸) يەنە ئۇچىغا چىققان تالىپ مىجەز ئادەمنىڭ قەستەن چوڭقۇر بىلىملىك ئۆلىما قىياپىتىگە كىرىۋالغانلىقىنى، يەنە ئاياللارنىڭ نازاكەتلىك ئەركىلىشىنىڭ كىشىگە بەرگەن پسىخىكىلىق ئىنكاسىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار دېگەننى بىلدۈرۈپ، ئادەمدە بىر خىل بىئاراملىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. تۆۋەندە كونكرېت مىسال ئارقىلىق كۆرۈپ باقايلى.

(1) ئاچچىقسۇنىڭ پۇرىقى ياكى تەمگە ئوخشاش: ئاچچىق-چۈچۈك 酸溜溜

我把它做成了酸酸甜甜的番茄炒蛋。

مەن ئاچچىق-چۈچۈك پەمىدۇر تۇخۇم قورۇمىسى ئەتتىم.

酸中带甜，加以奶香，也别具其风味。

چۈچۈمەلگە تاتلىق ئارىلىشىپ سۈتنىڭ مەززىلىك ھىدى بىلەن تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ.

(2) ھارغىنلىق ياكى ئاغرىق سەۋەبىدىن ماغدۇرسىزلىنىش تۇيغۇسى: ئېچىشىپ ئاغرىش، سىرقىراپ ئاغرىش، بەل- پۇتلىرى ئاغرىش.

发酸，酸痛，腰酸腿痛

最近开始训练了，一天下来腰腿酸酸的。

مەشىق باشلانغاندىن بۇيان ھەر كۈنى بەل- پۇتلىرىم ئاغرىيدۇ.

不难看出她蹲着摘了一下午的菜，腰背和腿都很酸疼。

ئۇ يېرىم كۈن زوڭزىيىپ كۆكتات تېرىپ قول-پۇتلىرى

سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «酸» نى «سىرقىراپ ئاغرىش»، «تېلىپ ئاغرىش» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

(3)ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ: ئىچى سېرىلماق، ئېچىنماق، قايغۇرماق 辛酸，悲酸，酸楚

看到信上说的情形，母亲心里酸酸的，只想掉眼泪。

خەتتە دېيىلگەن ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئانىنىڭ ئىچى سېرىلىپ، يىغا تۇتتى.

光军不由地心里一阵发酸，当年第一次参加高考没考上时，母亲…

ئەينى يىلى بىرىنچى قېتىم ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگىنى يادىغا كېلىپ گۇاڭ جۇننىڭ كۆڭلى تۇيۇقسىز يېرىم بولۇپ كەتتى، ئانىسى...

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ئېچىنماق»، «ئىچى سېرىلماق»، «قايغۇرماق» قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

(4) ئادەمنى تەسۋىرلىگەندە، ئادەتتە دۆت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، پىخسىق، تىنجىمەل قاتارلىقلار.

寒酸，穷酸:鲁迅笔下的孔乙己是小镇上有名的穷酸秀才。

لۇشۇن قەلىمىدىكى كۇڭ يىجى كىچىك بازاردىكى نامى چىققان تىنجىمەل تالىپ.

虽然既显且贵非“穷酸”，却为正直文人所不齿。

ئۇ قارىماققا دۆتتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىن ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەردىنمۇ بەكرەك ياخشى گەپلەر چىقىدۇ.

(5) خەنزۇ تىلىدىكى «چۈچۈمەل» سۆزى ئادەتتە باشقا تەم سۆزلىرى بىلەن بىرىكىپ، مۇرەككەپ تەجرىبە-ساۋاقلار ۋە ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئىچكى ھسياتلارنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا « aʧʧiq ʧuʧuk » مەنىسى ئارقىلىق «ئىسسىق-سوغۇق، جاپا-مۇشەققەت» نى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئاچچىق-چۈچۈكنى تېتىغان. ياكى ئىسسىق-سوغۇقنى تېتىغان دەپ ئىپادىلىنىدۇ مەسىلەن:

听了他的话，那酸甜苦辣的滋味一块儿挤到了嗓子眼儿。

ئۇنىڭ بۇ ئاچچىق گەپلىرى مېڭەمگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

职业试药人的酸甜苦辣。

كەسىپ ئادەمنى سىنايدىغان جاپا- مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.

十年间，他尝尽了酸甜苦辣。

ئون يىل جەريانىدا، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىسسىق-سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈردى.

(6) ئازراق ھەسەت قىلىش ۋە كۆڭلى بىئارام بولۇشتەك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەيدۇ. (زېرىكىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ): ئىچى سىيرىلماق، كۆڭلى يېرىم بولماق، ياقتۇرماسلىق مەنىسىدە .

看到桂芹和铁娃在一起又说又笑，芹妹心里酸溜溜的不好受。

گۈي چىن بىلەن چىن مېينىڭ بىللە پاراڭلىشىپ كۈلۈشۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىن مېينىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ كەتتى.

当他难得有次机会为玉莹出头,他还要说些酸不留丢的话。

مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭغا يۈيىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پۇرسەت كەلگەندە، ئۇ يەنە كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان گەپلەرنى قىلدى.

奢气酸气，可喜可厌。

ھەشەمەتچىلىك بىلەن نامراتلىق كىشىنى ھەم خۇشال قىلىدۇ ھەم بىزار قىلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا «酸» بىلدۈرىدىغان مەنىسى : (1)خۇددى ئاچچىقسۇنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىغا ئوخشاش . «酸» خەنزۇ تىلىدا باشقا تەم سۆزلىرىگە ئوخشاش بىر مۇستەقىل تەم تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. تەلەپپۇزى«[suan55]» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىراق كۆچمە مەنىسىدە «酸» نىڭ كۆچمە مەنىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يەكلەش تۇيغۇسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. (2) كۆچمە مەنىدە «ھېرىپ-چارچاش ياكى كېسەل سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئاغرىق ۋە ماغدۇرسىزلىنىش» تەك كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تەن سالامەتلىك تۇيغۇلىرى؛ (3) «ئاچچىقى كەلمەك، قاتتىق قايغۇرماق، ئىچى سىيرىلماق» قاتارلىق ئازابلىق ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. (4) كەمبەغەل ھەم دۆت كىشىلەرنى كەمسىتىش مەنىسىنى

ئىپادىلەيدۇ. (6) كىشىلەرنىڭ ھەسەت قىلىشتەك بىزارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن . بىلىش تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا «چۇچۇمەل» بىر تەم سۆزىدىن چىقىپ پىسخىكا ھەرىكىتىنىڭ ئابستراكت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. خەنزۇ تىلىدا «چۇچۇمەل» سۆزىنىڭ بۇنداق جىق كۆچمە مەنىدە كېلىشىدىكى سەۋەب، كىشىلەر مېتافورا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەم سەزگۇ تۇيغۇسى بىلەن پىسخىكا تۇيغۇسى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش قۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۇنداقتا، «چۇچۇمەل» بۇ سۆز بىلەن پىسخىك تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈكمۇ ـ ئەمەس؟ ئەگەر ھەقىقەتەن ئومۇمىيۈزلۈك بولسا، بىز بۇ مەسىلىگە نېرۋا پىسخولوگىيەسى تەرەپتىن چۈشەنچىگە ئېرىشەلەيمىز. بىراق ئەمەلىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس. ئىنگلىز تىلىدا «sour,酸» ئەسلىي مەنىسى «ئاچچىق تەم، چۇچۇمەل تەم» دېگەن مەنىدە. كۆچمە مەنىدە، تەم تۇيغۇسى ياكى تەجرىبە ـ ساۋاق ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش بولماستىن بەلكى «چۇچۇمەل تەم» نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، نەرسىلەرنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن مۇناسىۋەت قۇرۇلغان. شۇڭا كۆچمە مەنىدە «بۇزۇلغان، غەلىتە، بىر قىسما»، «ئادەم ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرگە ئۆزگىرىش، بۇزۇلۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا كىچىك بالىلارنىڭ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدىغان ھالەتنى «تىلى چۈچۈك» دەپ ئىپادىلەيمىز. بىراق كۆچمە مەنىدە «ئاغزى تاتلىق» «ئاغزى يۇمشاق» دېمىمىز. بۇنىڭدا «تاتلىق» ۋە «يۇمشاق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، مەسىلەن: «ئۇنىڭ تىلى ناھايىتى چۈچۈك، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئامراق»(她的嘴甜，大家都喜欢她) . «چۇچۇمەل» دېگەن تەم سۆزىنىڭ مىللەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىپادىلىگەن مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوخشاش تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ باغلىنىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. كۆچمە مەنىدە ئورتاق ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى ئوخشاش بولمىغان مىللەتنىڭ بۇ تەم سۆزگە بولغان قىممەت قارىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. خەنزۇ تىلىدا كۆچمە مەنىنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى خەنزۇ مىللىتىنىڭ «چۇچۇمەل» سۆزگە پاسسىپ جەھەتتىن ئىپادىلىشىدۇر. ئەكسىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى «چۈچۈك» نىڭ كۆچمە مەنىدە ئەكس ئەتتۈرگىنى «ئاغزى تاتلىق»، «ئاغزى يۇمشاق» مەنىلىرىدىكى «تاتلىق ۋە يۇمشاق» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «چۇچۇمەل» سۆزگە بىر قەدەر ئىجابىي مەنىدە قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە كىشىلەردە «چۇچۇمەل» تەمدىكى يېمەكلىكلەرگە ئىجابىي قاراش شەكىللەنگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا ئاللىقاچان ئاشلىقنى ئاساس قىلغان سۈت، گۆش ۋە مېۋە تۈرلىرىنى قوشۇمچە قىلغان مۇكەممەل يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، چۇچۇمەل تەمدىكى يېمەكلىكلەر بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلىگەن. سۈت ئاسانلا ئېچىپ قالىدىغان بولغاچقا، ساقلاش قىيىن، شۇ سەۋەبتىن ساقلاش ئاسان بولغان سۈت تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر پەيدا بولغان. مەسىلەن: قېتىق (酸凝乳) ، سۈزمە (乳渣酸凝乳)، سۈت يېمەكلىكلىرى ، سوغۇت، سۈت ئۇيۇتمىسى، قۇرۇت، سۈتنىڭ ئۇيۇتمىسى، تاماق سەۋەبىدىن چوڭ تاھارەتتى راۋان بولمىغان ئەھۋالدا قېتىق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى يېسە تاھارەت راۋانلىشىدۇ. قېتىق ۋە سۈتتىن ئېچىتىلغان يېمەكلىكلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. (乳酸曲)، سۈتنى ئېچىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋە قاچىنىڭ ئاستىدىكى قېتىق ۋە سۈت ھارىقىنىڭ ئۈستىگە قېتىق قۇيۇپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن سۈت ھارىقى ياسىلىدۇ. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ چۇچۇمەل سۈتنى ئۆزىگە خاس يېمەكلىك سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرمىغانلىقى مېنىڭچە ئۇلارنىڭ كالا سۈتىنى ئېچىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ياز كىرگەندىن تارتىپ كەچكۈزگىچە ھەرخىل تۈردىكى مېۋىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پىشىشقا باشلاپ، ھۆل مېۋىلەردىن كېيىن قۇرۇق مېۋىلەر چىقىشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مېۋىدىن ئايرىلمايدۇ. مېۋىلەر ئىچىدە چۇچۇمەل تەملىكلىرى كۆپرەكتۇر. ئۈزۈم [üzüm]، قارائۈزۈم [qara'üzüm]، شاپتۇل، ئۆرۈك، قارائۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى ئۆرۈك [örük]، بۇ تۈردىكى مېۋىلەرنى مېۋە پوستىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈكلۈك ئۆرۈك[tüklük örük]، سېرىق ئۆرۈك[sériq örük]، قارائۆرۈك[

qara] دەپ بۆلۈنىدۇ. ئۈجمە[üjme]، ئالما[alma]، ئالۇچا[alucha]، ئەينۇلا[eynula]، قوغۇن[qoghun] قاتارلىق بۇ مېۋىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىمۇ قۇرۇق مېۋە قىلىشقا بولىدۇ.

بولۇپمۇ تەم تېگىشكەندە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «چۈچۈمەل»گە بولغان ئىنچايبى قارىشى بەكرەك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: سىركە[sirke] ، ئۈزۈمدىن ياسالغان ئاچچىقسۇ. تۈركچىدە ئاچچىقسۇ [mandu]دېيىلىدۇ ، ياساش ئۇسۇلى، ئۈزۈم شەربىتىنى ئېچىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قويۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كاسىنە[kasina] (菊苣) بىلەن قېتىقنى شورپىغا قوشسا، شورپىغا رەڭ بەرگىلى بولىدۇ. بۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ چۈچۈمەل تاماقنى ياقتۇرۇشىنى بۈگۈنگە قەدەر ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئالا بولغان ئۆرۈكنى ئاغزىغا سېلىپ ، بۇ ئۆرۈكنىڭ چۈچۈمەل تەمىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. باھار كەلگەندە، بۇ ئۆرۈكلەر باققاللارغا ئىقتىسادىي كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ. تەم سەزگۈ ۋە تەم سەزگۈ سۆزلىرى بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ، پىسخىكىسى، تەبىئىي شارائىتى، روھىي كەيپىياتى، ئىچكى ھېس-تۇيغۇلىرى قاتارلىق شارائىتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ باغلىنىشلار تەم سەزگۈ مەنىلىرىنىڭ ئىچكىي مەدەنىيەت ئامىلىنى بېيىتىشقا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى ۋە تىل مەدەنىيەت ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ ئادەتلەر تىلنىڭ ئۆزلىشىشىگە ئەگىشىپ ، كېيىنكىلەرنىڭ تەم سەزگۈ سۆزلىرىنى ئىشلىتىشىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر قىلىپ كەلدى. ھەتتا كۆچمە مەنىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. گەرچە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوخشاش ماددىي دۇنيادا ياشىسىمۇ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتنىڭ تۇرمۇش ۋە تىل ئادىتىنىڭ ئۆزلىشىشىدە ماددىي دۇنياغا بولغان نازۇك پەرقى تۇيۇلىدىن، شۇنداقلا تىل دۇنيا قارىشىنىڭ رېئال دۇنيادىكى «پەرق ئېتىش رولى»، توختاۋسىز ئۆزگىرىۋاتقان جانلىق تىل تۇرمۇشىنى قوشقاندا، ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ ئوخشاش بىر ماددىي دۇنيادىكى تەم سەزگۈ سۆزلىرىگە نىسپەتەن سۇبيېكتىپ ھالىدىكى سەزگۈ پەرقى ۋە بىلىش پەرقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل پەرق دەل سۆز مەنىسىنىڭ مىللىيلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

## پايدىلانمىلار


1．汉语大词典出版社，《汉语大词典》普及本，2004年版。

2．商务印书馆《现代汉语词典》2002年增补本。

3．新疆人民出版社《维汉词典》2000年版。


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 018 ـ 03(2013) 5878 ـ 1005

# پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى*

خاسىيەت ھەببۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە خىلمۇ-خىل ئوبرازلار بار بولۇپ، بۇ ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. بۇ ئوبرازلارنىڭ ئىچىدە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۆچەكلەردىكى بۇ ئوبرازلارنى تۈرگە ئايرىپ سىستېمىلىق تەتقىق قىلغاندىلا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋالغىلى، شۇ ئارقىلىق ئوبرازلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

**摘要**: 维吾尔民间故事中有各种各样的形象，这些形象凝聚了维维尔民众的智慧与高尚的道德。这些人物形象当中仙女及神奇姑娘形象及其重要。通过对仙女与神奇姑娘故事的分类可以更深入地了解故事内容、艺术特征,更加突出其形象的特性及特质。

**Abstract:** There are so many portraits and figures widely described in Uyghur folk stories. Those portraits and figures well expressed the wisdom and ethic of Uyghur people. Angels and magic girls were potentially described among those portraits and figures. Therefore, it is very important to classify and systemize those figures. This can help us to understand contents and literature values of the Uyghur folk stories, as well as can pointed out the essence and characteristics of those figures.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەجمى نىسبەتەن چوڭ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور بولغان مۇھىم بىر تۈردۇر. ئۇ خەلق ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان ئاغزاكى تىل سەنئىتىنىڭ بىرى. ئەينى زاماندا خەلق چۆچەكلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنى تەربىيەلەيدىغان ۋە كۆڭلىنى ئاچىدىغان قورالى بولغان. چۈنكى ئۇ ئەدەبىيات بىلەن بىلىمنى بىرلەشتۈرگەن، خەلق مەدەنىيىتىنى ئۇنىۋېرسال ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل ژانىر.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى خىلمۇ- خىل ئوبرازلارغا كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى قىممەتلىك پەلسەپىسى يىغىنچاقلانغان. بۇ ئوبرازلار ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئۇلار رېئال تۇرمۇش تۇپرىقىغا يىلتىز تارتىپ، روشەن دەۋر ۋە مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، شۇنداقلا چۆچەك ئاپتورلىرى بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇبالىغە قىلىش، توقۇش، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتۈپ، فانتازىيە بىلەن رېئاللىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنغان. شۇڭا بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىنى ئىگىلىۋالغاندىلا، ئاندىن چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى، رولى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ئىچىدە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. پەرىزات ئوبرازى ئىجابىي خاراكتېردىكى ئوبراز بولۇپ، ئۇ گۈزەل ۋە ئەقىل-

---

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 19- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: خاسىيەت ھەببۇللا(1975-يىلى -9ئايدا تۇغۇلغان) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماگىستىرانتى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پاراسەتلىك ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك ھەرىكىتى ۋە توغرا مەسلىھەتلىرى بىلەن قەھرىماننىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ- غارايىپ كارامەت كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى ئەر باش قەھرىماننىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار باش قەھرىماننىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازى ئارقىلىق ھەققانىيەت ۋە ئادىللىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، گۈزەللىك، پاكلىق ۋە ۋاپادارلىققا بولغان ئىنتىلىشنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئارزۇلىرىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ.

سېھىرلىك چۆچەكلەردە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازى بولمىسا، ئەر باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتى قانات يايمايدۇ، ئۇنىڭ كۆرەش نىشانى بولمايدۇ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ ۋە ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرى، مىللىي پسىخىكىسى ۋە ئېستېتىك غايىسى يارقىن ئىپادىلەنگەن. شۇڭا بۇ ئوبرازنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، چۆچەكلەردىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئوبرازلارنىڭ يىلتىزى ۋە خاراكتېرىنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋالغىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلىرى سېھىرلىك چۆچەكلەرگە مەنسۇپتۇر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نەشر قىلغان 20 قىسىم توپلامدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقەدەر سىستېمىلىق رەتلەنگەن. بۇ ماقالىدە ئەنە شۇ توپلامدىكى چۆچەكلەر تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىندى. بۇ 20 قىسىم توپلامدىكى چۆچەك سانى جەمئىي 858 پارچە بولۇپ، سېھىرلىك چۆچەك 309 پارچە، مۇئەللىپ بۇ چۆچەكلەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازى بار بولغانلىكى 53 پارچە چۆچەكنى تاللىۋالدى. بۇ 53 پارچە چۆچەك پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەك، ئومۇمىي سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىز بىر پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سېھىرلىك چۆچەك ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدە «ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار دېگەندە، يالماۋۇز، دىۋە، ئەجدىھا، پەرىزات، خىزىر، سېھىرگەر، يەكچەشمە، ئالۋاستى، سۇمرۇغ، ئۆزى بىر غېرىچ قۇيرۇقى 40 غېرىچ كېلىدىغان مەخلۇقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ خىل ئوبرازلار ئاجايىپ-غارايىپ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلارغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلاردىن روشەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. تۈپ پەرقى شۇكى، ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار ئىپتىدائىي دىنىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئالەمدىكى نەرسىلەرنى ئىجات قىلغان ۋە بۇ نەرسىلەرنى داۋاملىق كونترول قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ، چوقۇنىدۇ ۋە باش ئۇرىدۇ. چۆچەكلەردىكى يۇقىرىقى ئوبرازلار بولسا، ئالەمدىكى مەلۇم كونكرېت نەرسىلەرنىڭ (كۈن، ئاي، يۇلتۇز، دەريا، تاغ قاتارلىقلارنىڭ) ياراتقۇچىلىرى ئەمەس، شۇڭا ئىلاھ دەپ قارالمايدۇ. ئەمما بۇ ئوبرازلارنىڭ سېھىرلىك كۈچ-قۇدرىتى ۋە ماھارىتى بەزىدە ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلاردىن قېلىشمايدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنى نىسپىي ھالدا ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار دەپ ئاتىدۇق.»[1]

«بۇنداق ئوبرازلارنىڭ سېھىرلىك خاراكتېرى تۇغما ئەمەس. ئۇلار چۆچەكلەردە دەسلەپتە ئادەتتىكى

ئادەملەرگە ئوخشاش خاراكتېرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كېيىن مەلۇم سېھىرلىك كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرەر كونا كىتابنى قولغا چۈشۈرۈپ، شۇنىڭغا يېزىلغان سېھىرلىك ئەپسۇننى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىدە كارامەت قابىلىيەتنى يېتىشتۈرىدۇ، بەزىلىرى بىرەر جادۇگەرگە شاگىرت بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ، بەزىلىرى دېۋە، پەرىزات ماكانىدا بىرەر مەزگىل هايات كەچۈرگەچكە، سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، يەنە بەزىلىرىگە خىزىر ۋە پەرىزاتلار شۇنداق قابىلىيەتنى ئاتا قىلىدۇ. دېمەك چۆچەكلەردىكى بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئەسلىدە ئادەتتىكى ئادەملەردىن هېچقانداق پەرقى يوق بولۇپ، ئۇلاردىكى سېھىرلىك قابىلىيەت چۆچەك مەزمۇنىنىڭ ئېهتىياجى بىلەن كېيىن قوشۇلغان. شۇڭا، سېھىرلىك ئادەملەر ئوبرازلىرى باشقا تۈردىكى چۆچەك ئوبرازلىرىغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئالاهىدىلىكى بىلەن ئايرىم سىستېما هاسىل قىلالمايدۇ.» [2]

دېمەك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى سۇژېتقا ئاساسەن خۇلاسىلىگەندە، پەرىزات بىلەن خىسلەتلىك قىزنىڭ ماهىيەتلىك پەرقى ــ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدۇر. خىسلەتلىك قىز ئادەم نەسلىدىن بولۇپ، ئۇ چۆچەكلەردە كۆپىنچە مەلىكە سالاهىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پەرىزات ئادەم بىلەن توي قىلىپ باللىق بولىسمۇ، ئەمما ئۇ ئادەم نەسلىدىن ئەمەس. پەرىزات كۆپىنچە تىلسىملىق ماكانلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دائىم دېۋىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇ چۆچەكلەردە دېۋىنىڭ ئايالى، قىزى، سىڭلىسى ۋە ياكى سۆيگۈنى بولۇشى مۇمكىن. سيۇژېتنىڭ ئېهتىياجى بويىچە ئادىمزاتتىن بولغان ئەر باش قەهرىمان بىلەن بىللە بولىدۇ.

چۆچەكلەردىكى خىسلەتلىك قىز بولسا هەر خىل غەيرىي تەبىئىي يوللار بىلەن سېھىر ئۆگىنىپ، بەزىدە پەرىزاتلاردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە سېھىرلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «ئەجدىها يىگىت» ناملىق چۆچەكتە تە ئېرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتلانغان مەلىكە كەنجى پەرىزاتنىڭ هېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، ئوغرىلىقچە سېھىر ئۆگىنىپ، يول بويىدا پەرىزاتلارغا قارىشى هەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ ئاخىرىدا يولدىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ قاچىدۇ، بۇ مەلىكە خىسلەتلىك قىزدۇر. «شاهزادە بىلەن مايمۇن مەلىكە»دە خىسلەتلىك مەلىكە خۇشرۇي يالماۋۇزنىڭ سېھىرگەر كىتابنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، كىتابتىن ئوغۇرلۇقچە سېھىر ئۆگىنىدۇ ـ دە، شاهزادە ئەمرۇل جاهان بىلەن هەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ قاچىدۇ.نۇرغۇن چۆچەكلەردە خىسلەتلىك قىز ئوبرازى ئۇچرايدۇ، ئۇلار بۇ خىل سېھىرلىك قابىلىيەتكە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. ئەگەر ئىنچىكە تەهلىل قىلمايدىغان بولساق، دەماللىققا پەرىزات بىلەن خىسلەتلىك قىزنى پەرقلەندۈرەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ بىزنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ئۇقۇملارنى، ئوبرازلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا پايدىسىز بولۇپ، تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىشىمىزگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ قىلىدۇ.

پەرىزات بىلەن خىسلەتلىك قىزنى دائىم ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىكى سەۋەب، ئۇلاردىكى ئورتاقلىقنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىندۇر. مەيلى پەرىزات ياكى خىسلەتلىك قىز بولسۇن، هەر ئىككىلىسىلا گۈزەل بولۇپ، ئەر باش قەهرىمانغا ياردەم بېرىدۇ، دائىم ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت ياكى ئاشىق ـ مەشۇقلۇق مۇناسىۋەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاخىرىدا شۇنداق دەپ خۇلاسىلايمىزكى، ئۇلارنىڭ ماهىيەتلىك پەرقى، كېلىپ چىقىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا.

تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكت ئوخشىمىغان ئالاهىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن تۈرگە بۆلگەندە، شۇ ئوبيېكتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان قانۇنىيەت ۋە ئالاهىدىلىكنى ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈرگىلى، مەزكۇر ئوبيېكتنى تونۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇهىم رول ئوينايدۇ. خەلق چۆچەكلىرىدىكى پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئوبرازلىرى خىلمۇخىل رەڭگارەڭ يارىتىلغان، بۇ خىل ئېهتىياج بويىچە چۆچەك ۋەقەلىكى ئۈستىدە ئىنچىكە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنى ئىلمىي يۇسۇندا تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىيالايمىز.

پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز هەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئوخشىمىغان

تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىز تۆۋەندە ئۇنى ئىككى نۇقتىدىن تۈرگە بۆلۈپ كۆرستىمىز.

## 1. باش قەھرىمان ۋە ياندىش قەھرىمان نۇقتىسىدىن تۈرگە بۆلۈنۈشى

بەزى چۆچەكلەردە پەرىزات باشتىن ئاخىر مۇھىم پېرسوناژ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ، بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى پەرىزاتنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى مەركەز قىلىپ راۋاجلىنىدۇ. يەنە بەزى چۆچەكلەردە پەرىزات ئىككىنچى ئورۇندىكى پېرسوناژ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى پەرىزات چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنىپ، مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باش قەھرىماننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بىز بۇ نۇقتىدىن چۆچەكلەرنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلەلەيمىز:

**1) پەرىزات باش قەھرىمان قىلىنغان چۆچەكلەر**

بۇنداق چۆچەكلەردە ئىككى باش قەھرىمان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى بەخت ئىزلەۋاتقان يىگىت، يەنە بىرى بىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمىز بولغان پەرىزات ياكى خىسلەتلىك قىز. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار ئەر باش قەھرىمان بىلەن ئاشىق - مەشۇقلۇق ياكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. پۈتۈن ۋەقەلىك بۇ ئىككى باش قەھرىماننى چۆرىدەپ قانات يايىدۇ. چۆچەك ئاۋۋال ئەر باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتىدىن باشلىنىدۇ. بۇ يىگىت كۆپىنچە چۆچەكلەردە شاھزادە، ئاز بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئاددىي پۇقرا، ھەتتا بەزى چۆچەكلەردە بىر تاز، بىر يېتىم بالا سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«خاسىيەتلىك چۈش» چۆچىكىدە بىر تاز يىگىت ئوڭ تەرىپىدە ئاي، سول تەرىپىدە كۈننى قۇچاقلاپ يېتىپ چۈش كۆرىدۇ. بۇ چۈشكە، تاز كەلگۈسىدە مەلىكە ۋە پەرىزات بىلەن توي قىلىدىكەن، دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. بۇ چۈشنى ئاڭلىغان ئەمما ئۆرۈپ بەرمىگەن مەلىكە تازغا تېگىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت بىلەن قاچماقچى بولىدۇ، كېچىدە ئۇ تازنى ئۆز يىگىتىگە ئوخشىتىپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، باشقا شەھەرگە ئېلىپ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ تاز مەلىكىنىڭ ئېرى بولۇپ قالىدۇ. كېيىن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مەلىكىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تازغا ئۈچ قىيىن شەرت قويىدۇ (ئۈچ قىيىن ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ). تاز مەلىكىنىڭ ياردىمىدە ئالدىنقى ئىككى ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ ۋە دىۋىلەر ماكانىدىكى پەرىزاتنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىمۇ نىكاھىغا ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن، پەرىزاتنىڭ ياردىمىدە ئۈچىنچى ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ ۋە زالىم پادىشاھنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى پادىشاھ بولىدۇ. بۇ چۆچەكتىكى تازنىڭ چوڭ خوتۇنى بولغان مەلىكە خىسلەتلىك قىز بولسا، كىچىك خوتۇنى كوھىقاپتىن چىققان قىز ھەقىقىي پەرىزاتتۇر. خىسلەتلىك مەلىكە ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتى ئارقىلىق، تازنىڭ پادىشاھ ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ۋەزىپىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. پەرىزات بولسا تازنىڭ ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇندىشىغا ۋە زالىملارنى يوقىتىشىغا يار-يۆلەكتە بولىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، تازنىڭ بارلىق قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشى ۋە دۈشمەنلىرىنى يوقىتىشىدا خىسلەتلىك مەلىكە بىلەن پەرىزات ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۆچەكتە بۇ ئۈچ باش قەھرىماننىڭ تەقدىرى بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كېتىدۇ.

«خاسىيەتلىك چۈش» چۆچىكىنىڭ «ياخشى نىيەت بەختكە ھەمرا»، «سالىق باي» ناملىق ۋارىيانتلىرىمۇ بار. بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارنىڭ كارامەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ رولى ئەر باش قەھرىماندىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان.

«ھۆرۈنلۈكتىن شاھلىققىچە» دىكى گۈلجەمىلەمۇ خىسلەتلىك قىزدۇر. ئۇ ئالدىن بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇنىڭ قولىدا خىسلەتلىك پىچاق بولۇپ، بۇ پىچاق مۈشۈك قىياپىتىگە كىرىۋالغان دىۋىنى بوغۇزلىيالايدۇ. ئۇ يەنە پادىشاھ ئىسكەندەردىن قالغان تىلسىملىق غەزىنىگە قانداق ئېرىشىشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ بۇ جاھاندىكى ئەڭ ھۇرۇن ئەرنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن پادىشاھلىق تەختكە چىقىرىدۇ. بۇ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى ۋە ئەرنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي گۈلجەمىلەنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چۆچەكلەردىن باشقا، «خىسلەتلىك رەسىم»، «تەدبىرلىك پادىشاھ»، «مايمۇن قىز»، «پادىچى بوۋاي ۋە ئوغلى»، «ئەجدىھا يىگىت»، «تويدىن كېيىنكى قىزىقچىلىق» قاتارلىق35 پارچە چۆچەكلەردە پەرىزات ياكى خىسلەتلىك قىزنىڭ پائالىيەتلىرى مەركىزى ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا پەرىزات ياكى خىسلەتلىك قىز بىرەر كەمبەغەل يىگىتنى (مالاي، دېھقان بېلىقچى، ئوۋچى قاتارلىقلارنى) ياكى شاھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ئادىمىزات بىلەن توي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان كۈھقاپتىكى قېرىنداشلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ، يىگىتنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىدۇ، پادىشاھ ۋە ۋەزىرنىڭ سۇيىقەستىنى بىت ـ چىت قىلىدۇ، قىيىن شەرتلەرنى ئورۇندايدۇ ۋە يىگىتنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزىدۇ...ۋاھاكازا.

بۇ چۆچەكلەردىكى يەنە بىر باش قەھرىمان(پەرىزاتنىڭ سۆيگىنى) بولغان يىگىت پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ھەممە ئىشتا پەرىزاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ. پەرىزات بولسا ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن قۇدرەتلىك بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشنى پۇختا پىلانلاپ، ئاكتىپلىق بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ ۋە يېڭىلمەس كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ، ئەر باش قەھرىماننى مۇرات ـ مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ، 20 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلاملىرىغا ئاساسلانغاندا پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز باش قەھرىمان قىلىنغان چۆچەكتىن جەمئىي 35 پارچە ئېنىقلاندى. بۇ چۆچەكلەر پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارنىڭ باش قەھرىمانلىق رولىنى شەرھلەش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشتا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

**2) پەرىزات ياندىش قەھرىمان قىلىنغان چۆچەكلەر**

چۆچەكلەرنىڭ سيۇژىتىنى ئېنىقلاشتىن مەلۇم بولىدىكى، ئاز ساندىكى بىر قىسىم چۆچەكلەردە خىسلەتلىك قىز ۋە پەرىزات ياندىش قەھرىمان قىلىنغان. بۇنداق چۆچەكلەردە پەرىزاتنىڭ سۆيگىنى بولغان ئەر كۆرۈنمەيدۇ، يەنى پەرىزات ياكى خىسلەتلىك قىزنىڭ بىرەر يىگىت بىلەن بولغان مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنمايدۇ. ئۇلاردا چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى بولغان مەلۇم كىشى ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتقاندا، پەرىزات پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ جەرياندا پەرىزات ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدۇ: ھەر خىل يىرتقۇچ كۈچلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، ئەسكى كىشىلەرنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ جازالايدۇ، ياخشى كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، كېسىلنى ساقايتىدۇ، قېرىنى ياشلىقىغا قايتۇرىدۇ، سەت قىزنى ساھىبجامالغا ئايلاندۇرىدۇ...ۋاھاكازا. پەرىزات كىشىلەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىدۇ. بۇ چۆچەكلەرنىڭ سيۇژىتى قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا قالدۇرىدىغان تەسىرى چۈشەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكى كۈچلۈكرەك.

خىسلەتلىك قىز ياندىش قەھرىمان قىلىنغان ئەڭ ۋەكىللىك چۆچەك «زۇلخۇمار» چۆچىكىدۇر. بۇ چۆچەكتە ئىككى قوزغۇننىڭ بىر شەھەر خەلقىگە بالا ـ قازا ئېلىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يىرتقۇچ قۇشلار بىر باغۋەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قاتتىق ئازابلايدۇ. باغۋەننىڭ قىزى زۇلخۇمار بىر تەرەپتىن قوزغۇننىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاچ كۆز مومايىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇ چاغدا بىر توپ پەرىزات پەيدا بولۇپ، زۇلخۇمارنى قۇتقۇزىۋالىدۇ ۋە قوزغۇننى يوقىتىپ، شەھەر خەلقىنى ئاپەتتىن خالاس قىلىدۇ.

بۇنداق چۆچەكلەردىن يەنە «خىسلەتلىك بۇلاق»، «گۈزەللىك بۇلىقى»، «ئەتىرگۈل پەرى»، «ئېشەكباش پادىشاھ»، «مەستان كەمپىر» قاتارلىقلارمۇ بار. «خىسلەتلىك بۇلاق» دا، پەرىزاتنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە ۋاپادار بوۋاينى بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، ئاچ كۆز باينى جازالىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «گۈزەللىك بۇلىقى» دا، پەرىزاتنىڭ خۇيىمۇ سەت، ئۆزىمۇ سەت بىر قىزنى ئەخلاقلىق، ئىشچان، گۈزەل خۇلقلۇق ساھىبجامالغا ئايلاندۇرغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. «ئېشەكباش پادىشاھ» دا خىسلەتلىك ئايال زالىم ئوغلىنىڭ بېشىنى

ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە گۇناھىغا تەۋۋا قىلغاندىن كېيىن ئەسلىگە قايتۇرىدۇ. چۆچەكلەردىكى پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار ياندىش قەھرىمان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارسىز باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتى قانات يايمايدۇ، قىيىنچىلىقى ھەل بولمايدۇ، يامان كىشىلەر جازالىنىپ، ياخشى كىشىلەر بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ.

بىز پەرىزات ياكى خىسلەتلىك قىزلار ياندىش قەھرىمان قىلىنغان چۆچەكلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى، پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار ھېكايىدىكى باش قەھرىماننىڭ ھامىيسى ياكى پاسىبانى بولىدۇ. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە، ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە كۆرۈلىدىغان 50 موتىفنىڭ بىرسىنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ سيۇژىتى قىسقا، پېرسوناژلىرى ئاز، ۋەقەلىكى كەڭ قانات يېيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا شۇنداق قىزىقارلىق ۋە جەلب قىلارلىق. بۇ خىل چۆچەكلەر موتىفلارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىپ، پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ئاياللارغا ئائىت سېھىرىي چۆچەكلەرنى يەنىمۇ بېيىتتى ۋە جەلپ قىلارلىق قىلدى. پەرىزاتلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىن قىلىپ ياراتتى. بۇ تۈردىكى ھېكايىلەرنىڭ گەرچە سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەزىرىدە پەرىزات ئوبرازىنىڭ يۈكسەك ھەم مۇكەممەل ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر شاھىدىدۇر.

## 2. ۋەقەلىكى جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈنۈشى

پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

**1) قېچىپ كەتكەن پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر**

بۇ تۈرگە تەۋە چۆچەكلەر «مايمۇنەك»، «مايمۇن قىز»، «شاھزادە بىلەن مايمۇن مەلىكە»، «پاقا ئايال»، «غايىب نىكاھ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارغا ئورتاق بولغان ۋەقەلىك مۇنداق: ئۈچ شاھزادە ئوقيا ئېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە لايىق تاللايدۇ. چوڭ ئوغۇلنىڭ ئاتقان ئوقى ۋەزىرنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئوقى سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەچكە، ئۇ سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. كەنجى شاھزادىنىڭ ئوقى بولسا بىر پاقىنىڭ يېنىغا ياكى بىر مايمۇننىڭ يېنىغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئاشۇ ھايۋانلارغا ئۆيلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى شاھزادە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما، بۇ ھايۋان ئەسلىدە پەرىزات بولۇپ، ئۇ كېچىسى گۈزەل قىزغا، كۈندۈزى ھايۋانغا ئۆزگىرىۋالىدۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش كېلىنىنى ھايۋان شەكلىدە كۆرۈشنى خالىماي، ئۇنىڭ ھايۋان تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ياكى چوڭ شاھزادە پەرىزاتقا شەھۋانىي نىيەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى كەلگەن پەرىزات كەنجى شاھزادىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ماكانىغا قايتىپ كېتىدۇ. شاھزادە ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ، نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن، ئاخىرى ئۇنى تېپىپ، ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

«مەلىكە پەرى»، «ھېزىم بىلەن جادۇگەر»، «يەتتە كەپتەر سۈرىتى»، «پەرىزات قىز» قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى يۇقۇرقى چۆچەكلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما بۇ چۆچەكلەرنىڭ باش پېرسوناژى ئوقيا ئېتىپ كېلىن تاللىمايدۇ، بەلكى تەسادىپىي پۇرسەتتە كۆلدە يۇيۇنىۋاتقان پەرىزاتنى كۆرۈپ، كىيىمىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي پەرىزات پۇرسەت تېپىپ كىيىمىنى قايتۇرىۋېلىپ، كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە، پەرىزات يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، يىگىتكە مەلۇم ئىش -ھەرىكەتنى قىلماسلىق ھەققىدە پەرھىز بەلگىلەپ بېرىدۇ. بىراق يىگىت بۇ پەرھىزگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، پەرىزات قېيداپ كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئۇنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەردىن كېيىن پەرىزاتنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ. چۆچەكلەردە ئەر باش قەھرىماننىڭ بۇ سەپىرىنىڭ مۇشەققەتلىكىنى

سۈپەتلەيدىغان بىر جۈملە سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ: «تۆمۈر كەشىنىڭ چەمى ئۇۋىراپ تېشىلگەندە، تۆمۈر ھاسىسى ئۇۋىراپ يىڭنىچىلىك قالغاندا، ئۇ ئاخىرى پەرىزاتنىڭ ماكانىغا يېتىپتۇ.» بۇ يەردە پەرىزات يىگىتنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى، ساداقىتىنى، ئۇنىڭ غەيرەت- شىجائىتىنى ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى سىناپ كۆرىدۇ. يىگىت سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىلەن قايتا ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى باشلايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى ھېكايىلەردە ھايۋان تېرىسى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، پەرىزات قېچىپ كەتمەي باش قەھرىمان بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ئەمما «خەير، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز» دېيدۇ. كەينىدىنلا ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى 23 ـ موتىف، يەنى ئېرىگە قىيىن شەرت قويىدىغان «پادىشاھنىڭ ساھىبجامال ئايالىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى»[3] دېيدىغان يېڭى ۋەقەلىك باشلىنىدۇ. بۇ موتىفتا پادىشاھقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى زورلۇققا قارشى تۇرغان پەرىزات ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

**2) زورلۇققا قارشى تۇرغان پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر**

بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانى پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭدىن پەرىزاتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ (ياكى زالىملار) بىلەن باش قەھرىمان ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش قانات يايىدۇ. «ئوۋچى يىگىت بىلەن پەرى قىز»، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»، «بايۋەچچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى»، «گۈلى رەنا»، «سۇ پەرىسى دىلئارام»، «ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ»، «نۇرلۇق شەمشەر»، «ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش»، «بېلىقچى بىلەن پادىشاھ»، «خىسلەتلىك رەسىم» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. بۇ چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانى بۆرە، يىلان، بېلىق، مۈشۈك قاتارلىق ھايۋانلارنى قۇتقۇزىۋالىدۇ ياكى ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ھايۋانلار پەرىزاتقا ئايلىنىپ، چۆچەك قەھرىمانى بىلەن توي قىلىدۇ، ئەمما پەرىزاتنىڭ گۈزەللىكى پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىنىپ، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. پادىشاھ پەرىزاتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يىگىتنى ئىنتايىن خەتەرلىك جايغا ياكى ئىنتايىن قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا ئەۋەتىدۇ. يىگىت پەرىزاتنىڭ سېھرىي قابىلىيىتى بىلەن بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يېڭىلىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە پادىشاھ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئاشكارىلاپ، يىگىتنى ئۆلتۈرۋەتمەكچى بولىدۇ ياكى پەرىزاتنى بۇلاش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. پەرىزات پادىشاھنىڭ بۇخىل سۈيىقەستى ۋە ھۇجۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىدۇ. پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارغا ئائىت نۇرغۇن چۆچەكلەردە بۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تېپتۇر. بۇ تېپنىڭ ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يېرى، ئوتتۇرىغا قويغان قىيىن شەرتلەرنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىقى، قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بولسا، پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارنىڭ ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەقلى، يولى، ئىشلەتكەن خىسلەتلىك ئەنگۈشتەرلىرى ياكى ئەر باش قەھرىمان ئۆزى ياخشىلىق قىلغان، قۇتقۇزۇپ قالغان ھايۋان - ھاشارەتلەرنىڭ ياردىمى، چۈشىدە ياكى ئوڭىدا ئەقىل كۆرسەتكەن خىزىرنىڭ ياردەملىرى بۇ تېپتىكى چۆچەكلەرنى كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان يېشىمگە ئېرىشتۈرىدۇ.

**3) باتۇر ۋە ئىشچان يىگىتنى سۆيىدىغان پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر**

چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلار ھەرقانداق يىگىتنى ياخشى كۆرىۋەرمەيدۇ، بەلكى قورقماس، باتۇر يىگىتلەرنى ۋە ئىشچانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز «قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز»، «خىسلەتلىك گۈل» چۆچەكلىرىدە بۇ ھالنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئالدىنقى چۆچەكتىكى شاھزادە پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ، نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا زادىلا ئىرادىسىدىن بوشاشماي، ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىپ، پەرىزاتنى قولغا چۈشۈرىدۇ. «خىسلەتلىك گۈل» چۆچىكىدە، بىر دېھقان يىگىتنىڭ تەرىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، گۈلدىن بىر پەرىزات پەيدا بولۇپ، يىگىت بىلەن توي قىلىدۇ. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ دېھقان يىگىت

ھۇرۇنلىشىۋالىدۇ. پەرىزاتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تورغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، قايتىدىن ئىزىشىپ ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەرىزات ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ چۆچەكلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار ئاق كۆڭۈل، باتۇر ۋە ئىشچان يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە ئالدىن بىلىدىغان دانالىقى بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىگە جۆرە تاللاشتا ئەۋزەللىككە ئىگە. «ھەسنەم ۋە گۈلپەرى»دىكى گۈلپەرى پۈتۈن جاھاننى كېزىپ، ئاخىرى ھەسنەمنى ئۆمۈرلۈك جورا قىلىپ تاللايدۇ. «ئەقىللىق شاھزادە بىلەن گۆھەر مەلىكە»دىكى گۆھەر مەلىكمۇ شاھزادىنى تۇنجى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ.

**4) قەستلەنگەن پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر**

بىر قىسىم چۆچەكلەردە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىن ئاجىزراق تەسۋىرلىنىدۇ. دۈشمەنلىرى ئۇلارنى ئاسانلا تۇتۇپ كېتىپ نەزەر بەنت قىلىۋالىدۇ. بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرگە «قىلىچ ئۆمەر»،«قارا چاچ قىز»، «كۆكۈلداش»، «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى»،«كەنجى باتۇر»، «ئۈچ ئاكا-ئۇكا باتۇرلار» ناملىق چۆچەكلەر ۋەكىل بولالايدۇ. ئۇلاردا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: چۆچەك قەھرىمانى پەرىزات ياكى خىسلەتلىك مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇن مەلىكە تەرىپىدىن تەلپى رەت قىلىنغان پادىشاھ بىر جادۇگەر موماينى مەلىكىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ موماي كۆز بويامچىلىق بىلەن قەھرىماننىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ-دە، قەھرىماننى ئۆلتۈرۈپ مەلىكىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە جادۇگەر قەھرىماننىڭ خىسلەتلىك نەرسىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، شۇ نەرسە ئارقىلىق مەلىكىنى سېھربەنت قىلىپ، يىراقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. مەلىكە دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدا بىر مەزگىل دىشۋارچىلىق تارتقاندىن كېيىن، يىگىتى ياكى يىگىتنىڭ دوستلىرى تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردىكى مەلىكە گەرچە پەرىزاتقا ئوخشاش خىسلەتلىك قىز سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقا چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلارغا ئوخشاش، دېۋە-ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلغۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس. ئەكسىچە يىگىتى ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بولۇپ، دائىم يىگىتى ئۇنى قوغداپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەلىكىنى بۇلاپ كەتمەكچى بولغانلار ئالدى بىلەن ئەر باش قەھرىماننى سۇيىقەست بىلەن ھالاك قىلىپ تاشلاپ، ئاندىن مەلىكىگە قول سالىدۇ. يىگىتىدىن ئايرىلغان مەلىكە بولسا ئىنتايىن ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىدۇ، بولۇپمۇ سېھرى قابىلىيەتكە ئىگە جادۇگەر ئۇنى ئاسانلا ساندۇققا سولاپ ئېلىپ قاچىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئەپسۇن ئارقىلىق ھايۋانغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ.

**5) ياردەم بېرىدىغان پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر**

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار ئېرىغا ياردەم بېرىدىغان، باش قەھرىمان بولىدىغان ھېكايىلەردىن باشقا يەنە، بۇ قىزلار يانداش قەھرىمان رولىدا كېلىدىغان ھېكايىلەرمۇ بار. بۇ خىلدىكى ھېكايىلەر پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارنىڭ يانداش قەھرىمانلىق رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەر باش قەھرىمان بىلەن توي قىلغان پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلارنىڭ ياردىمى كۆپىنچە تۆۋەندىكىدەك:

(1) ئەر باش قەھرىمانغا دىۋىنىڭ جېنىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرىش.

(2) دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغاندا ياردەم بېرىش.

(3) كېسەل ساقايتىش.

(4) ئېرىنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش قاتارلىقلار.

پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار ئۇيغۇر خەلق سېھرلىك چۆچەكلىرىدە ھەر دائىم ئەر باش قەھرىماننىڭ ئايالى بولۇپ يارىتىلغان ئەمەس. بەزى ئاز بىر قىسىم ياردەم بېرىدىغان پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىزلار بۇ خىل ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن مۇستەسنادۇر. بۇ چۆچەكلەردە ئۇلار پەقەت ئەر باش قەھرىمانغا ياردەم بېرىش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن،«خىسلەتلىك بۇلاق» چۆچىكىدە باش قەھرىمان بوۋاي چۈشىدە كۆرگەن سېھرلىك ماكاندىكى خىسلەتلىك بۇلاققا ئېرىشىش جەريانى تولىمۇ ئۇزۇن ۋە جاپالىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا پەرىزات

گۈزەل قۇشقا ئايلىنىپ ھەر دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. پەرىزاتنىڭ ياردىمى بىلەن بوۋاي - موماي ياش قىز - يىگىتكە ئايلىنىپ، كەمبەغەللەرگە زۇلۇم سالىدىغان مىڭبېشى يوقىتىلىدۇ. بۇ خىل مىننەتسىز ياردەم ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشتەك ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتىنى نامايان قىلغان. ياردەم بېرىدىغان پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىن يەنە «گۈزەللىك بۇلىقى»، «ئېشەكباش پادىشاھ»، «ئەتىرگۈل پەرى» ۋە «خىزىرنىياز» قاتارلىقلار بار. بۇ چۆچەكلەردە پەرىزاتلارنىڭ ھەر خىل كېسەللەرنى ساقايتقانلىقى، قېرىلارنى ياشارتقانلىقى، كۆرۈمسىز قىزلارنى ساھىبجامالغا ئايلاندۇرغانلىقى، كەمبەغەللەرگە خىسلەتلىك نەرسە سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى جازالىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

**6) پاجىئەگە يولۇققان پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر**

زور كۆپ ساندىكى پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەردە پەرىزات بىلەن ئۇنىڭ يىگىتى دائىم دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ، پادىشاھ بولىدۇ ۋە يۇرتنى ئادىل سورايدۇ، بۇ نۇرغۇن پەرىزات توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنىڭ يېشىمىدۇر.

بۇ خىل يېشىم يەنى چۆچەكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك بولۇشىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھلۇق، ئۈمىدۋار، ئاكتىپ بولغان تۇرمۇش كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئاۋام خەلق ئۆتمۈشتە شۇنچە جاپا-مۇشەققەتتە، تەڭسىزلىكتە ھەتتا بەزىدە ئاچ-زارلىقتا ياشىسىمۇ، ئەمما ھەرقاچان، ھەر زامان ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمىدى. خەلق بۇ خىل خۇشاللىقنى ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆز چۆچەكلىرىنىڭ يېشىمى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. نەتىجىدە، نۇرغۇن چۆچەكلەر ئاشىقلارنىڭ ۋىسال تاپقانلىقى، زالىم مۇتىھەملەرنىڭ جاجىسىنى يېگەنلىكى، تۆۋەن تەبىقىدىكى يىگىتلەرنىڭ مەلىكىگە ياكى پەرىزاتقا ئېرىشىپ، بەختلىك بولغانلىقى، ھەتتا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقى بىلەن ئاخىرلاشتى.

بىراق رېئاللىق يەنىلا رەھىمسىز ئىدى. كىشىلىك دۇنيادا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بەختسىزلىكلەر ھەممە چۆچەكلەرنىڭ ئاخىرىدىكى يېشىمنى ئەجابىي قەھرىمانىنىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئىمكانىيەتنى بەرمىدى. نەتىجىدە بىر قىسىم تراگېدىيەلىك چۆچەكلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ ھال پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

«ئاقۋەت» ناملىق چۆچەكتە تۇرسۇن ئىسىملىك بىر يىگىت پەرىزات بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. پەرىزات ئۇنىڭغا قىرىق كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان بىر كىتابنى بېرىدۇ. بىراق تۇرسۇننىڭ ھەسەتخور ۋە ئاچ كۆز ئاكىسى كىتابنى ئوغرىلىۋالىدۇ. نەتىجىدە پەرھىز بۇزۇلۇپ، پەرىزات، تۇرسۇن ۋە تۇرسۇننىڭ ئانىسى كەينى- كەينىدىن ۋاپات بولىدۇ، ئاچ كۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، ئىناق ۋە باياشات بىر ئائىلىنى گۇمران قىلىدۇ.

«گۈل ئادەم»دە، بىر پەرىزات كېپىنەك شەكلىدە كۆرۈنۈپ، قويچى ھېيتقا ئۈچ قېتىم مال-دۇنيا سوۋغا قىلىدۇ. بىراق ھېيت ھەددىدىن ئارتۇق دۆت بولغانلىقى ئۈچۈن مال-دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۇنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدۇ ۋە ئورۇنسىز خەجلەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېيت پەرىزاتقا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئۆمۈرۋايەت جاپا-مۇشەققەتتە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

«ئىككى تۈپ شاپتۇل»دا، ئاسمان پادىشاھىنىڭ قىزى ئوتۇنچى يىگىت بىلەن توي قىلىپ، ئىككى پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئاسمان پادىشاھى قىزىنىڭ ئادىمىزات بىلەن توي قىلىپ، پەرزەنتلىك بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگىنىدىن كۆيئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزىنى ئەرش زىندانىغا نەزەربەند قىلىدۇ. پەرىزات ئىككى ئوغلىغا خىسلەتلىك نەرسە سوۋغا قىلىپ، ئىجىل-ئىناق ئۆتۈش ۋە ئىتتىپاقچان بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. بىراق بۇ ئوغۇللار يارامسىزلىقى تۈپەيلىدىن خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى جايىدا ئىشلىتەمەي ھالاك

بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن بىر ئائىلە تۈزۈپ تۇگەيدۇ.

«يەتتە كەپتەر سۈرىتى»دە، قەيسەر ئىسىملىك شاھزادە نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، پەرىزات ئاينۇر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، باللىق بولىدۇ، بىراق ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى سەۋەبىدىن، ئاينۇرنى زەھەرلىك يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ. شاھزادە ئايالىنىڭ دەرت- ھەسرىتىدە چۆلدە قۇرۇپ ئۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ پەرىزات ۋە ئەر باش قەھرىمان ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە بىللە ئۆتەلمىگەن بىردىنبىر چۆچەك.

بىر يۇقىرىدا پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قىسقارتىپ بايان قىلدۇق. ھەربىر ھېكايىنىڭ يېشىمىدە بېرىلگەن پاجىئەنىڭ ئۆز ئالدىغا چوڭقۇر داۋلىسى، پەلسەپۋى پىكرى ۋە چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار. پاجىئەدىن چىققان ئاچچىق ساۋاقلار ۋە تۇرمۇش يەكۈنلىرى چۆچەك ئاڭلىغۇچىلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېز تەسىر قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن پەلسەپۋى پىكرنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

چۆچەكشۇناسلىق ئىلمىدە ئوبراز تەتقىقاتى مۇھىم بىر تېماتىك مەزمۇن بولۇپ، پەرىزات ۋە خىسلەتلىك قىز ھەققىدىكى چۆچەكلەرگە ئائىت تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش، چۆچەكلەرنى تۈرگە ئايرىش، ئوبرازلارنى يورۇتۇش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ چۆچەكلىرىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، مەزكۇر ماقالە بۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ رول ئوينىسا مەقسىتىمىزگە يەتكەن بولاتتۇق.

## ئىزاھلار

[2] [3] [1] ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»[M] شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى، 144-، 145-، 219- بەتلەر.

## پايدىلانمىلار


1. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»،1- قىسىمدىن20- قىسىمغىچە، 1979 - يىلى 8- ئايدىن 2000- يىلى 1- ئايغىچە بولغان نەشرى.
2. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009- يىلى9- ئاي نەشرى.
3. ئابدۇراخمان كېرىم: « ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989- يىلى 7- ئاي نەشرى.
4. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، (1-، 2- قىسىم) شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى 8- ئاي نەشرى.
5. ماھىنۇرئەلىيېۋا(قازاقىستان): «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى»، قازاقىستان دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، ئالمۇتا 1983- يىلى نەشرى.
6. جۇڭ جىنۋېن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1980- يىلى 7- ئاي نەشرى.
7. ليۇ شاۋخۋا، ۋۇ دۇەن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ھەققىدە كونسلتاتسىيە»، چاڭجياڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى،1997- يىلى5- ئاي نەشرى.
8. جاڭ جىنيى: «ئۇيغۇر-خەنزۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە سېلىشتۇرما»، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002- يىلى 10- ئاي نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

34 ـ يىللىق 3 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 34 卷第 3 期
2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2013 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-028-09

# تارىخىي ئەسەر «فىردەۋسۇئەل ئىقبال» ھەققىدە*

## ئوسمانجان ياقۇپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «فىردەۋسۇئەل ئىقبال» خىۋا خانلىقىغا ئائىت مۇھىم تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا ئۆزبېكلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى خانلىقنىڭ نەسەبنامىسى، دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈمى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي تۈزۈلمىسى، تارىخىي جۇغراپىيەسى، ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭلەر ، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئالدىنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ئاساسىدا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى، ئاپتورنىڭ ھاياتى پائالىيىتى، ئەسەرنىڭ خەلقئارادىكى تەتقىقات ئەھۋالى، ماتېرىيال مەنبەسى ۋە قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەر قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要**：幸福的天堂» 是一部关于希瓦汗国历史的重要著作，在研究边疆史地以及乌兹别克族历史文化方面具有较高的学术价值。其内容涉及希瓦汗国的汗室家族世系、汗国的体制和官制、社会经济、军事制度、历史地理、当时战争情况、风土人情等诸多方面。本文在前人的研究基础上，对此书的结构与体裁、作者生平、研究现状、史料来源、史料价值以及书中所出现一些文献做一简要的论述。

**Abstract:** Firdaws al-Iqbāl is an important historical masterpiece about history of Khiva Khanate. It involves in Khiva Khanate family's lineage, Khanate system and Bureaucracy, socio-economic, military systems, historical geography, war situation, customs and other aspects. This paper briefly discusses about structure and genre, author`s life story, material sources and historical values of this work.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مىلادىيە 18 ـ، 19 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارىخشۇناسلىق ئىلمىي ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان داڭلىق تارىخىي ئەسەرلەر ۋە تارىخشۇناسلار كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلدى[1]. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇنىس (Munis) ۋە ئۇنىڭ جىيەنى ئاگايى(Agahi) يازغان «فىردەۋسۇئەل ئىقبال» (Firdaws *al-Iqbāl*) خارەزم رايونىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى[2]. «فىردەۋسۇئەل ئىقبال» يەنە «خارەزم تارىخى»دەپمۇ ئاتىلىدۇ[3]، ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، مىلادىيە 1839 ـ يىلى تاماملانغان. بۇ ئەسەر 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، بولۇپمۇ خارەزمنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. داڭلىق شەرقشۇناس ئالىم يۇرى برېگېل (Yuri Bregel)بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىگە مۇنداق باھا بەرگەن: « مۇنىس بىلەن ئاگايىنىڭ ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى»[4]. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقالىدە بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى، يېزىلىش جەريانى ۋە ئەسەرنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى،

---

*بۇ ماقالە2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار تەتقىقات فوندى ۋە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى «16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى»(تۈر نومۇرى: 11CZS003) نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.
ئاپتور: ئوسمانجان ياقۇپ(1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور، مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ماتېرىياللىق قىممىتى قاتارلىقلارغا قارىتا قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 1. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى يىلنامە ۋە سالنامىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئاپتور ئەرەب ۋە پارس تارىخى ئەسەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى خانلىق تارىخىنى دەۋر بويىچە خاتىرىلىگەن. ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئاساسىي تېمىسى بولۇپ، بۇ ئاساسىي تېما دەل ھەربىر قىسمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«فىردەۋسۇل ئىقبال» دىباچە (Dibāqa)، مۇقەددىمە، بەش باب ۋە خاتىمەدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. دىباچە 1b—6a بەتلەر بولۇپ، ئاساسلىقى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. مۇقەددىمە 6a—9a بەتلەر بولۇپ، ئاساسلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى خانغا بولغان ھەمدۇ-سانالار يېزىلغان. ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدا، يەنى 9a—14b بەتلەردە ئادەم ئاتىدىن تارتىپ نوھنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى رىۋايەت قىلىنغان. ئىككىنچى بابىدا، يەنى 14b—23b بەتلەردە يافەستىن تارتىپ موڭغۇللارنىڭ قۇنغىرات رىۋايەتلىرى يېزىلغان. ئۈچىنچى بابىدا، يەنى 23b—53a بەتلەردە ئاساسلىقى ئوبۇلغازى خان ئىبنى يادىكارخاندىن بۇرۇنقى 48 خاننىڭ تارىخى يېزىلغان. بۇ بابدا يەنە ئوبۇلغازى خان ئىبنى يادىكارخان ھەققىدىكى ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللار قالدۇرۇلغان [5]. تۆتىنچى بابتا، يەنى 53a—95a بابلاردا ئاپتورنىڭ ئەجداتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بەشىنچى بابتا، يەنى 95a—321b بەتلەردە خىۋا خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. خاتىمە قىسمى بەشىنچى بابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى شۇ دەۋردىكى داڭلىق ئالىملار، ئەمىرلەر، بەگلەر، شائىرلار ۋە سەنئەتچىلەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىنقى ئۈچ بابىنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى «زەپەرنامە»نى مەنبە قىلغان. ئەسەرنىڭ كېيىنكى ئىككى بابى مۇھىم بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە. بۇ ئىككى باب بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2. ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە ئاپتورنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنىس خىۋە خانلىقىدىكى تۇنجى تارىخشۇناس [6]، شۇنداقلا مەشھۇر شائىر، تىلماچ. ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللار ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدىن كەلگەن. مۇنىسنىڭ تولۇق ئىسمى شىرمۇھەممەد ئەل مۇككەبىل مۇنىس ئىبن ئەمىر ئاۋازباي مىراب. يۇرى برېگېلنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ئۇ ھىجرىيە 1192-يىلى(مىلادىيە 1778-يىلى) 3-ئاينىڭ 19-كۈنى تۇغۇلغان. مۇنىس ئەسىرىدە ئاتىسىنى قەلەمگە ئالغاندا ئۇ تەۋە قەبىلە ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى خاتىرىلىگەن. مۇنىسنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى بىزنى ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن ئاپتورنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئاۋاز مىراب ئىبن شىرمۇھەممەد مىراب ئىبن ئىشمباي مىراب ئىبن ھەسەنقۇلى ئاتالىق ئىبن ئوراز مۇھەممەد باقاۋۇل ئىبن دەۋلەتباي ئىبن كىرەمباي ئىبن مۇھەممەدجان سۇفىباي يۈز (ئەسەرنىڭ 147، 161، 166-بەتلەر). يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن مۇنداق ئۈچ خىل ئۇچۇرنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز: بىرىنچى، يۇقىرىدىكى مۇنىسنىڭ ئاتا تەرەپ يەتتە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىسمى. ئىككىنچى، ئەجدادلىرى ئىشمبايدىن تارتىپ مىرابلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. چوڭ بوۋىسى ئىشمباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەرتىپ بويىچە شىرمۇھەممەد، ئاۋاز قاتارلىقلار مىرابلىق ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. مۇنىسنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن مۇنىس ئاتىسىنىڭ مىرابلىق ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۈچىنچىسى ئۆزبېكلەرنىڭ يۈز

ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلادى. ئەمما تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ ئەجدادى ئۆزبېكلەرنىڭ نايمان قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان.

مۇنىسنىڭ تەربىيەلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا، مۇنىسنىڭ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدىن ئازراق ۋاسىتىلىق ماتېرىيالغا ئېرىشەلەيمىز. يەنى، شۇ ۋاقىتتىكى مۇھەممەد رېھىمخان ئۇنى «رەۋزەتئۇل سافا »( روضة الصفا)ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن چاغاتاي يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرىغان. شۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ پارسچە ۋە ئەرەبچىنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇشبۇ ئەسەردە ئاپتور ئۆزى يازغان نۇرغۇن شېئىرلارمۇ بار. ئاپتورنىڭ قاچاندىن باشلاپ شېئىر ئىجاد قىلىشقا باشلىغانلىقى توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مۇنىسنىڭ خاتىرلىرىدىن قارىغاندا، گەرچە ئۇ مىرابلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن. مەسىلەن، ئۇ توي قىلىش ئۈچۈن باي دوستلىرىدىن قەرز سورايدۇ، ئەمما ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تەخمىنەن مىلادىيە 1806 ـ يىلىدىن 1819 ـ يىللار ئارىسىدا يۈز بەرگەن.

1805 ـ يىلى ئەلتۇزخان مۇنىسنى خىۋا خانلىقىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كىتابنى «فىردەۋسئەل ئىقبال»دېگەن تېما بىلەن يېزىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئىككىنچى يىلى (يەنى 1806 ـيىلى) ئەلتۇزخان ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنىس كىتابنى يېزىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ مۇشۇ ئەسەر يېزىلىش جەريانىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۈزۈلۈشسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد رېھىمخان (1806 ـ يىلدىن 1825 ـ يىلىغىچە)تەختكە چىققاندىن كېيىن مۇنىسنى بۇ كىتابنى داۋاملىق يېزىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنىس قايتىدىن يېزىشقا كىرىشىدۇ. 1819 ـ يىلى مۇھەممەد رېھىمخان مۇنىسنى يەنە «رەۋزەتئۇل سافا »نى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن «فىردەۋسئەل ئىقبال» نىڭ يېزىلىشى يەنە توختاپ قالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۈزۈلۈشسىزلىققا ئۇچرىشى ئىدى. مۇنىس «رەۋزەتئۇل سافا »نىڭ بىرىنچى دەپتىرىنى تەرجىمە قىلىپ بولۇپ، ئىككىنچى دەپتىرىنىڭ دىسلەپكى بۆلىكى ئاخىرلاشقاندا مۇھەممەد رېھىمخان ئالەمدىن ئۆتىدۇ. يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان ئاللاھقۇلى خان مۇنىستىن «رەۋزەتئۇل سافا »نىڭ تەرجىمىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق 1829 ـ يىلى مۇنىس يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ، «فىردەۋسئەل ئىقبال»نىڭ داۋامى يېزىلمىسىز قالىدۇ.

مۇنىس بىزگە مۇكەممەل بولمىغان ئىككى خىل ئەدەبىي مىراسنى قالدۇرۇپ كەتتى. «رەۋزەتئۇل سافا» نىڭ تەرجىمىسى خىۋا خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىمۇ تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «رەۋزەتئۇل سافا »نىڭ ئاپتورى تۆمۈرلەر سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن مۇھەممەد ئىبن خاۋەند شاھ ئىبن مەھمۇد بولۇپ، ئادەتتە مىرخاۋەند (Mir Khawand) ياكى مىرخوند(Mir Khond)دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بۇخارادا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەمدە شۇ يەردە ھىجرىيە 903 ـ يىلى (مىلادىيە 1498 ـ يىلى) ۋاپات بولغان. «رەۋزەتئۇل سافا »تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پارس يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەردۇر. ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئەسەرنىڭ ھەجمى ھەققىدە ئىلىم ساھاسىدە ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق [7]. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماقالىدە تونۇشتۇرۇلىدىغىنى «فىردەۋسئەل ئىقبال» دۇر.

مۇنىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەنى ئاگايى(مىلادىيە 1809 ـ 1874 ـ يىللىرى) مىلادىيە 1839 ـيىلى «فىردەۋسئەل ئىقبال»نى تاماملىغان. ئاگايىنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد رىزا ئىبن نىيازبېك بولۇپ، ئاگايى ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئاگايىنىڭ ئاتىسى مۇنىسنىڭ بىرتۇغقان ئاكىسىدۇر. مۇنىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاگايى ئۇنىڭ مىرابلىق ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى «فىردەۋسئەل ئىقبال»نى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ خىۋا خانلىقىنىڭ سىر ئىنشائات ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. ئۇ 1874 ـ يىلى، يەنى چارپادىشاھ ئارمىيەسى خارازىمنى ئىشغال قىلغان ئىككىنچى يىلى ۋاپات

بولىدۇ [8]. مۇنىس كىتابنى مىلادىيە 1812- يىلىدىكى ۋەقەلەرگىچە يازغان. قالغان قىسمىنى، يەنى مىلادىيە 1825\1826- يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئاگايى تولۇقلاپ يازغان [9]. بۇ ئەسەر ئاگايىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ئاللاھقۇلى خاننىڭ قوللىشى بىلەن مۇنىس ۋاپات بولۇپ ئون يىلدىن كېيىن تاماملانغان.

ئاگايىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، ئەدىب، تىلماچ. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان پارسچە شېئىر ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىن «يۈسۈپ - زۇلەيخا»[10]، «شاھ ۋە گادايى» [11] ،«قابۇسنامە»، «زەپەرنامە» قاتارلىق 20دىن ئارتۇق ئەسەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرلەرمۇ خىۋا خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە تارىخشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

## 3. دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى

يۇرى برېگېلنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر توققۇز خىل نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى لېنىنگراتتا، ئىككىسى تاشكەنتتە، بىرسى فىللاندىيەنىڭ خەلسىنكىدا، بىرسى ئىستانبولدا ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە لېنىنگراتتىكى نۇسخىسى مۇنىس ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىدۇر.

بۇ ئەسەرگە ئىگە بولغان تۇنجى شەخس روسىيەلىك شەرقشۇناش كۇخۇن (A. l. kuhn).ئۇ 1873- يىلى بىرقانچە ئالىم بىلەن بىرلىكتە ھەربىي ئىشلار ئېكسپېدىتسىيەسىگە قاتناشقان ۋاقىتتا، خىۋا خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئارخىپ- ھۆججەتلىرى ۋە 300 پارچىدىن ئارتۇق قولىيازمىنى ئولجا ئالغان. كۇخۇن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى بىردىنبىر شەرقشۇناش بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يازما ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئېلىپ كەتكەن. بۇ جەرياندا مۇنىسنىڭ تارىخىي ئەسىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يىلى تاشكەنتتە چىقىدىغان *Turkestanxkie vedomosti* ناملىق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرىدۇ. بىراق بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم مەخسۇس تەتقىق قىلغان كىشى يەنىلا بارتولددۇر. 1910- يىلى بارتولد بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى نەشر قىلىپ، كىرىش سۆز قىسمىدا ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانىنى تونۇشتۇرغان. كېيىنچە تۈركىيەلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم، ئابدۇلقادىر قاتارلىقلار شۇنداقلا ئىۋانوف، بورروكوف، ساكوف قاتارلىقلارمۇ بۇ ئەسەرگە دىققەت قىلغان. ئەمما بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە تولۇق بولغان تەتقىقات نەتىجىسى تېخى بارلىققا كەلمىگەن.

1972- يىلى موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى يۇرى برېگېل بۇ كىتابنى نەشردىن چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئەمما خىزمەتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقى تۈپەيلى نەشر قىلىش خىزمىتى ئىككى يىل توختاپ قالىدۇ. 1974- يىلىغا كەلگەندە قايتىدىن كىتابنى ئىشلەپ، تۆت يىلدىن كېيىن تاماملايدۇ. نابۇر(ھەرپ تىزىش) مەسىلىسى تۈپەيلى، بۇ كىتاب نەشردىن چىقالماي ئون يىل تۇرۇپ قالىدۇ. 1988- يىلىغا كەلگەندە گوللاندىيەنىڭ لەيدىن شەھىرىدە نەشردىن چىقىدۇ. ئاپتور تەتقىقات جەريانىدا ھەربىر ھالقا، ھەربىر مەسىلىگە قارىتا ئاللاھىدە كۆڭۈل قويۇپ، ھەربىر ئۇچۇرنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ، ئانالىز ئېلىپ بېرىپ ئىزاھات بېرىدۇ. قىسقىسى ئاپتور ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ھازىرقى شەرقشۇناسلار ئۇنىڭ تۆھپىسىنى بارتولدتىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ باھا بەرمەكتە.

## 4. ئەسەرنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى

بۇ تارىخىي ئەسەر ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسىم ماتېرىياللار تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاپتور «جامىئۇل تاۋارىخ» [12]،«تارىخئۇل ئەنبىيا»[13]، «تارىخىي جافارى» [14]،«قىسسەسۇل ئەنبىيا»[15]، «نەزىمئۇل تاۋارىخ» [16] ، «تابارى تارىخى»، «خافىز ئابرو تارىخى»، «ھۆكىمائى تارىخ»[17]، «تارىخ»، «شەجەرەئى تۈرك»، «شاھنامە»، «مۇقەددىمەئى

زەفەرنامە»، « زەفەرنامە »، «رەۋزەتئۇل سافا»قاتارلىقلارنى ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «جامىئۇل تاۋارىخ»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «شاھنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرگە خېلى تونۇش. شۇنداق بولغاچقا ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ئىنچىكە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەسەردىكى بىرقىسىم مۇھىم ماتېرىياللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

(1) «تابارى تارىخى». ئاپتورى تابارى، تولۇق ئىسمى ئابۇ جافار مۇھەممەد ئىبىن جارىئۇل تابارى. 838- يىلى ئىچكى دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى تابارىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ نامى بىلەن تونۇلغان. 932- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق تەپسىرچى، تارىخچى، ئىسلام قانۇنشۇناسى، ئەرەب سالنامە تارىخشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى. تابارى هاياتىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەرەب دۇنياسى، ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تابارى تارىخى»دەپ ئاتالغان[18]. بۇ كىتابنىڭ هازىر ئەرەبچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، گېرمانچە، فىرانسۇزچە، رۇسچە قاتارلىق كۆپ خىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىسى بار. دۆلىتىمىزدە دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ ئېنگىلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى بار.

(2) «خافىز ئابرو تارىخى»بولسا تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە (1507—1370) خۇراسان رايونىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئاپتورى خافىز ئابرو، تولۇق ئىسمى شىخابىئۇلدىن ئابدۇللاھ ئىبىن لۇتىف ئىبىن ئابدۇلرەشىد ۋافى. ھىراتتا تۇغۇلغان. تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇقنىڭ يېقىن ياردەمچىسى. « زەفەرنامە » نىڭ ئاپتورى شەرىفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ ياخشى دوستى. ئۇ ئىككىسى دەۋرداش داڭلىق تارىخشۇناسلاردۇر. خافىز ئابرو شاھرۇق ئۈچۈن «تارىخى شاھرۇق» ناملىق ئەسەرنى يازغان بولۇپ، بۇ كىتابتا ئاساسلىق 1413— 1430-يىللاردىكى شاھرۇقنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 1425 -يىلى ئاپتور داڭلىق تارىخىي ئەسەر«زەبدەتۇل تاۋارىخ» نى يازغان. يۇقىرىقى تارىخىي ئەسەرنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئادەتتە «خافىز ئابرو تارىخى»دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) «شەجەرەئى تۈرك». ئاپتورى ئۇبۇلغازى خان ئىبىن يادىكارخان. 1605- يىلى هازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي شىمالى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈرگەنجتە تۇغۇلغان. 1643- يىلى خىۋا خانلىقىنىڭ خانلىقىغا ئولتۇرۇپ، 1664- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بىر ھۆكۈمران بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ۋايىغا يەتكەن شائىر، تارىخچى. ئۇنىڭ تارىخىي ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، مۇڭغۇللارنىڭ ئەجداد ئەپسانىلىرىدىن تاكى 16-، 17- ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، خارازىم رايونلىرىنىڭ تارىخى يېزىلغان[19]. بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى تونۇش.

(4) «زەپەرنامە». ئاپتورى شەرەفىدىن ئەلى يەزدى. بۇ ئەسەر نىزامىدىن جامىنىڭ ئەسىرى بىلەن ئىسمىداش. شەرەفىدىن ئەلى يەزدىمۇ شاھرۇقنىڭ يېقىن ياردەمچىسى. بۇ كىتاب 1424 -يىلى يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى نىزامىدىن جامىنىڭ ئەسىرىنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭدا چاغاتاي خانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر تولىمۇ ئاددىي يېزىلغان. بۇ كىتاب 1772- يىلى Croix Peterdela تەرىپىدىن فىرانسۇزچىغا، ئىككىنچى يىلى J. Darby تەرىپىدىن فىرانسۇزچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1918- ۋە 1957 - يىلى تېهراندا هازىرقى زامان پارسچە نۇسخىسى نەشردىن چىققان. 1972- يىلى ئامانۇللا بۇرىيېۋ تاشكەنتتە نەشردىن چىقارغان. تاشكەنت نەشرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچە نەشرىمۇ توختى تىللا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 2007- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(5) «مۇقەددىمەئى زەفەرنامە». ئاپتورى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بىراق ئۇشبۇ كىتابنىڭ 85-بەت يان تەرىپىكە «ھىجرىيەنىڭ 1012- يىلى» دەپ يېزىلغان. ئەمما ئەسلىي نۇسخىنىڭ پوچۇركىسى بىلەن بۇ پوچۇركا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدىن بىلىشكە

بولىدۇكى، بۇ يىل دەۋرى باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان. «مۇقەددىمەئى زەفەرنامە» ھىندىستان ئىش بىجىرىش باشقارمىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.[20] «زەفەرنامە» ناملىق ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى كىتابتىن باشقا، يەنە 1401- 1404 - يىللار ئارلىقىدا يېزىلغان نىزامىددىن جامىنىڭ «زەفەرنامە» ناملىق ئەسىرى ۋە 1410- يىلى يېزىلغان تاجىئولدىن سالمانىنىڭ «زىيلى زەفەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلەر ئۇتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار؟ نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بىر ئەسەردە ئوخشاش ئىسىملىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن؟ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا كېيىنچە ئايرىم توختىلىمىز.

## 5. ئەسەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى

ئەسەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بۇ ئەسەر ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە خىۋا خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىلبارىسخاندىن(مىلادىيە 1511- يىلىدىن 1518-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان )تاكى ئاللاھقۇلى خانغىچە (مىلادىيە 1825- يىلىدىن 1842- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بولغان 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇ خانلارنىڭ ھاياتى، ئىش-ئىزلىرى، سۇيۇرغال ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ئىچكى سۈركىلىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەر مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، مىلادىيە1539 -يىلى بىر قىسىم ئۆزبېكلەر ئابدۇللا ئاجىر خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە خارەزىم رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن[21]، ھاجىمخان ۋاقتىدا(مىلادىيە 1558-يىلىدىن 1602-يىلىغىچە) بىرقىسىم ئۆزبېكلەر مەجبۇرىي ھالدا خارازىمدىن بۇخاراغا كۆچۈرۈلگەن[22]. بۇ خاتىرىلەر شۇ ۋاقىتتىكى مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھوقۇقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا ۋە توقۇنۇشلار، شۇنداقلا ئوردا تارىخى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئەسەردە يەنە خىۋا خانلىقى بىلەن ئىراق، تۈركمەنىستان، بۇخارا، روسىيە، ئافغانىستان قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئابدۇللا خان ۋاقتىدا خىۋا خانلىقى ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان[23]؛ ماردىغان (مىلادىيە 1568 - يىلى) ۋە ئابدۇللاخان ۋاقتىدا (مىلادىيە 1594- يىلى) ئۆزبېكلەر بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن[24]؛ ئۇبۇلخازى باتۇرخان ۋاقتىدا (مىلادىيە 1742- يىلىدىن 1747- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)خىۋا خانلىقى بىلەن تۈركمەنلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ھەم دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن [25] ؛ شىرغازىخان ۋاقتىدا (مىلادىيە 1754- يىلىدىن 1756- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) خىۋا خانلىقى بىلەن نىشاپۇر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈزبەرگەن[26]؛ ئابدۇللا ئاجىر خان ۋاقتىدا خىۋا خانلىقى بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆپ قېتىم توقۇنۇش يۈز بەرگەن [27]، مۇھەممەد رېھىم باھادىرخان ۋاقتىدا ( مىلادىيە 1806- يىلىدىن 1825- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، يەنى 1807- يىلى خىۋا خانلىقى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان، قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن خىۋا خانلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنگەن[28]. بۇ خاتىرىلەر خىۋا خانلىقىنىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ كېيىنكى ئىككى بابى، يەنى تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بابىدا تارىخىي ۋەقەلەر بىرقەدەر تەپسىلىي، ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ۋاقىت، يەرنامى، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىرقەدەر توغرا. ئاپتورنىڭ بۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن تارىخنى يېزىش پوزىتسىيەسى ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە ماتېرىياللىق قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. بۇ ئەسەردىكى تۈرك، تاتار، موڭغۇل، ئوغۇز، قازاق، تۈركمەن، ئۇيغۇر، قىپچاق ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئۆزبېكلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ خاتىرىلەر خەنزۇچە ماتېرىياللارنى تېخىمۇ تولۇقلاپ،

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۈچىنچى، بۇ ئەسەردە يەر باشقۇرۇش تۈزۈمى، يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، 1681 ـ يىلى ئانۇشاخان خانىقانىڭ شىمالىدىن تاكى ئەنبارغىچە بولغان قانالنى قازدۇرغان بولۇپ، شاخابات چوڭ قانىلى دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان قۇملىشىپ كەتكەن يەرلەر ئاستا ـ ئاستا بىنەملىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا نۇرغۇنلىغان قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆرگەنچ، جىيات، ۋاجىر قاتارلىق شەھەرلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ خاتىرىلەنگەن. دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىر قەدەر كەم بولغاچقا ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا ئىگىلىكى تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

تۆتىنچى، بۇ ئەسەردە 18–19 ـ ئەسىرلەردىكى خىۋا خانلىقىنىڭ داڭلىق ئالىملىرى، شائىرلىرى، ئاقسۆڭەكلىرى، سەنئەتچىلىرىنىڭ ھاياتى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، يۇقىرىقى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن سىرت، مىرزا نازىم خاراۋىنىڭ «دىۋان»[29]، ھۈسەيىن ئەفەندىنىڭ «مۈلكى تاۋارىخ»[30]، مەۋلانە سەيىد مۇھەممەد ئاخۇنىنىڭ «گۈلشەنى ئىقبال»[31]قاتارلىق ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا داڭلىق قۇرلۇش بىناكارچى، سەنئەتچى مەۋلانى ۋافا[32]، داڭلىق ۋەزىر سەيىد يۈسۈف [33]، داڭلىق ئۇيغۇر پالۋان ئالىكساندىر باھادىر[34]، ئافغانلارنىڭ داڭلىق يولباشچىسى ئالاقە بەردىبېك [35]، ئەمىرھەيدەر[36]، شائىر مۇھەممەد ئىمىن ئىناق [37] قاتارلىق داڭلىق تارىخىي شەخسلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇنداقلا خىۋا خانلىقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەرنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن، بۇ ئەسەردە ئەنئەنىۋى تارىخ يېزىش ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىنغان بولۇپ، سەھىپىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئادەمدىن تارتىپ نوھنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى، يافەستىن تارتىپ موڭغۇللارنىڭ قوڭغىرات ئەپسانىلىرىغىچە بايان قىلىنغان. ئەسەردە گەرچە ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەققىدىكى ماتېرىياللار تولىمۇ ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەر ئارقىلىقلا شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابنىڭ شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، بۇ ئەسەر مۇكەممەل ھېسابلانمايدۇ. بىر مۇكەممەل تارىخىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋاقىت، ئورۇن، شەخس كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئاپتور تارىخنى گەرچە يىل تەرتىپى بويىچە يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، بىراق تەپسىلىي ۋەقەلەرنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى جەھەتتە يەنىلا چۈشۈرۈپ قويۇلغان ئورۇنلار كۆپ. ئەگەر دەۋرداش باشقا ئەسەرلەردىن پايدىلانمىغاندا نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

كونكرېت ئېيتقاندا، ئاپتور ئەدەبىيات جەھەتتىن تارىخىي جەھەتتىنكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى تەربىيەلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن كۆرە، ئۇ ئىجاد قىلغان باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭ تارىخىي بىلىمى دەۋرداش تارىخچىلارغا قارىغاندا يەنىلا يۇقىرى. بۇ دەل ھەرقايسى خانلارنىڭ ئاپتورغا تارىخ يېزىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇشتىكى سەۋەبىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تارىخىي ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (بۇ ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە ـ چاغاتايچە نۇسخىسىنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لوشىن مۇئەللىم ماڭا تونۇشتۇرۇپ، پۈتۈن كىتابنى نۇسخىلىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغان. بۇ يەردە ئۇقۇتقۇچىمغا بولغان تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن).

## ئىزاھلار

[1] نىياز مۇھەممەت ئىبن ھۇشۇر مۇھەممەت قۇقەندىنىڭ «شاھرۇق يىلنامىسى» (بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە

فەن جىپىگىنىڭ (قوقەند خانلىقى ۋە غەربىي يۇرت سىياسىيسى ) ناملىق ئەسىرىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى 134 -بەت ۋە Jana Gough نىڭ(ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى) نىڭ 2005- يىللىق ئىنگىلىزچە نەشرى، تۆتىنچى قىسىم 42-بەت)، نامىسىز ئاپتورنىڭ ئەسىرى «ئۆزبېك خانلىقىنىڭ تارىخى» (بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە ئا.ب ئەخمەدوف يازغان، چىن يەنگۋاڭ تەرجىمە قىلغان ‹16-18-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جوغراپىيە ماتېرىياللىرى› ناملىق ئەسەرنىڭ يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى 174-بەت)، مۇھەممەد سالىمنىڭ «خانلار تەزكىرىسى»(بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە Yuri Bregelنىڭ «فىردەۋسىئەل ئىقبال»ناملىق ئەسىرىنىڭ لېيدېن نەشرىياتى، 1988- يىللىق ئىنگىلىزچە نەشرىنىڭ 551، 565، 568 - بەتلىرىگە ۋە B. A ئەخمەدوف يازغان‹16-18-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جوغراپىيە ماتېرىياللىرى›126- بەت) قاتارلىقلار مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەر.

[2] خىۋا خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۆت ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق. مىلادىيە 1512-يىلى ئىلبارسخان قۇرغان بولۇپ، دۆلەت مەركىزى ئۈرگەنچ ، تارىخىي ئەسەرلەردە ئادەتتە مۇشۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. 18-ئەسەردىن كېيىن رۇسچە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى تارىخىي ئەسەرلەردە خىۋا خانلىقى نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. نېمە ئۈچۈن باشقا ئەللەر بۇ خانلىققا خىۋا خانلىقى دەپ نام بەرگەن؟ بۇ مەسىلىلەر يەنىلا تارىخشۇناسلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلىلەردۇر. خىۋا خانلىقى 1873-يىلى چاررۇسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، 1920-يىلى ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىقى روسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، خانلىق ئۈزۈل-كېسىل تارىخىي سەھنىدىن چۈشكەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇشى ۋە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەسەردە كۆرۈلگەن بارلىق لاتىن يېزىقىدىكى تىرانسكرىپسىيەلەرنىڭ يېزىلىشى خەلقئارادا ئورتاق ئىشلىتىدىغان يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەم قىلدىم.

[3] يۇرى برېگېل ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ساھاسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم بولۇپ، 1925-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى رۇسىيەدە تۇغۇلغان. رۇسچە ئىسمى Юрий Энохович Брегель. 1974-يىلىدىن 1981-يىلغىچە ئېروسالىمنىڭ خېبرۇۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن. كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركچە، پارسچە قەدىمكى ماتېرىياللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغىچە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى خەرىتىسى» قاتارلىق نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازغان. 1988-يىلى يۇرى برېگېل بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئىشلەپ، ئىزاھات بېرىپ، ئىندېكس بىلەن گوللاندىيەنىڭ لېدىن شەھىرىدە نەشر قىلغان. 1999-يىلى ئۇ يەنە لېيدىن شەھىرىدە بۇ ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان.

[4]Yuri Bregel, *Firdaws al-iqbāl*, Leiden,1988,p. 36

[5] ئۇبۇلغازى خان ئىبنى يادىكارخان مىلادى 1605-يىلى تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي شىمالى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈرگەنجدە تۇغۇلغان. 1643-يىلى خىۋا خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان، 1664- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بىر داڭلىق ھۆكۈمران بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ۋايىغا يەتكەن شائىر، تارىخشۇناس ئىدى. ئۇ ئىلىم ساھاسىگە «شەجەرەئى تۈرك »ناملىق ئەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئەسەر ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشردىن چىققان.

[6] .Yuri Bregel, *Firdaws al-iqbāl*, p. 36

[7] Muhammad bin Khavenshah bin Mahmud, *The Ruazat-us-Safa:or Garden of Purity*,VOL I ,Translated by E. Rehatsek,London,1891。

[8] ئاگايىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە يەنە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار. ئەخمەتوفنىڭ «16-18-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جۇغراپىيە ئەسەرلىرى» (چېن يۈەنگۇاڭ تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نەشرى، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 161- بەت) دە ئاگايى 1864-يىلى ۋاپات بولغان دەپ ئېلىنغان. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» (*The Encyclopedia of Islam*، ئىنگلىزچە نەشرى، 12-قىسىم، 2004-يىلى، لېدىن نەشرى، 46-بەت) دە 1874- يىلى چار پادىشاھ ئارمىيەسى خارازمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ۋاپات بولغان دەپ ئېلىنغان.

[9]B.A.艾哈迈多夫著、陈远光译：《16-18世纪中亚历史地理文献》，云南人民出版社2002年，第161页。

[10] A. V. Williams Jackson, A Catalogue of a collection of Presian Manuscripts, Columbia University, New York, VOL. 1,1914 ,p. 145.

[11]*The Encyclopedia of Islam,E. J. Brill`s First Encyclopedia of Islam, 1913-1936*, Leiden , 1987,p. 897.

[12] بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرى 1997-يىلى نەشردىن چىققان.

[13]Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*,VOL I,Oxford, 1903, No. 596,p. 241。

[14] بۇ كىتابنى بارتولد تۇنجى قېتىم بايقىغان ھەمدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات «بارتولد ماقالىلىرى» نىڭ 8 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

[15] *The Encyclopedia of Islam*, VOL Ⅱ, pp. 688、810; VOL Ⅲ, p. 542、981、1031; *Encyclopedia of Islam and the Muslim World*, VOL Ⅰ, p. 268; Hermann Ethe, PH. D,*Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*,VOL I,Oxford, 1903,No. 596,p. 241。

[16]N. K. Singh · A. Samiuddin,*Encyclopaedic Historiography of the Muslim World*,vol Ⅰ,India,2003,p. 153.

[17]Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*, VOL I, Oxford. 1903,No. 618,p. 250;C. A. Storey,*persian Literature a Bio-Bibliographical Survey*,VOL Ⅰ,Part Ⅱ,London,1953,p. 1105-1107.

[18] *Tabari's Tarikh al-rusul wa-al-muluk*, Translated by G. Rex Smith. Albany: State University of New York Press, 1994; Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*, VOL I. Oxford,1903,No. 568,p. 222。

[19] B. A. 艾哈迈多夫著、陈远光译：《16—18世纪中亚历史地理文献》，第86页。

[20]Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*, VOL I. Oxford, 1903,No. 187,p. 81.

[21] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 112.

[22] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 112.

[23] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 126.

[24] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 121.

[25] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 131,132,137.

[26] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 154.

[27] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 138,139,140,141,518,519.

[28] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 541,542.

[29] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 19.

[30] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 84.

[31] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 138.

[32] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 145.

[33] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 517.

[34] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 1172,1174,1176.

[35] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 1180.

[36] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 1179.

[37] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 304,309

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

34 - يىللىق 3 - سان
2013 - يىلى 9 - ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 34 卷第 3 期
2013 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-037-04

# «ئادەمنى ئاساس قىلىش» ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى سىياسىي تەربىيە توغرىسىدا*

تۇرسۇنئاي سەمەت

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى : « ئادەمنى ئاساس قىلىش» ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ زاپاس كۈچ. ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيەدە « ئادەمنى ئاساس قىلىش» ئېڭىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

**摘要**：“以人为本”就是要从学生的心理特点、认知特点出发，去创设有利于学生发展的环境。学生是祖国的未来，是国家建设的后备人才。他们的健康成长关系着祖国的前途，关系着社会主义现代化事业的成败。在思想政治教育中确立“以人为本”的理念，以促进学生健全的发展。

**Abstract:** As the future of the nation, university students' healthy growth has been seen as the key factor for the success to the socialist modernization process. Therefore, the "People-Oriented" idea can be applied in the ideological and political education courses for the university students in order to pursue their mental and ideological healthiness.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيەۋى ئۆزگىرىشىنى پۇختا ئىگىلەشتە«ئادەمنى ئاساس قىلىش» تا چىڭ تۇرۇش، ئۇلارغا بولغان ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۈنۈمدا يېڭىلىق يارىتىش تولىمۇ زۆرۈر.

## 1. ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، بىلىمنى، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەش جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلاندى. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى يۈزلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام بولۇپ، كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، ئىدىيەسى جانلىق بولۇپ، ئۇلاردىكى يۈكسەك غايە، ئۈمىدۋارلىق قارىشىدىن ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى، يېڭىلىقنى قوغلىشىش ئېڭى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزگىرىشچانلىقى يۇقىرى، جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 5- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇنئاي سەمەت (1970 - يىلى 8- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئىدىيەۋى - سىياسىي مائارىپ كەسپىنىڭ 2011- يىللىق دوكتورانتى.

كۆڭۈل بۆلۈش ئېڭى ئاجىز، چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك، ئىشنى كىچىكتىن باشلاش ئىدىيەسى ئاجىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ كۆنسايىن كۈچىيىپ بېرىشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يەنە توردىكى نۇرغۇنلىغان ئەخلەت ئۇچۇرلارمۇ ئۇلارغا ھەرخىل سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئەسلىدىكى قېلىپلىشىپ قالغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، مەزمۇن ۋە شەكىللەر تازا ماسلىشالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلدى. ھازىرقى باسقۇچتا، قانداق قىلىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش نوقتىلىق تەتقىق قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم تېما بولۇپ قالدى. شۇڭا بىز مۇشۇ ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قاتار تەتقىقات، ئىزدىنىش ۋە كۆپلىگەن سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ تۆۋەندىكىدەك يەكۈننى چىقاردۇق:

(1) كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىدىيەۋىي ـ سىياسىي تەربىيەنى جانلىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىشى، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئادەم تەربىيەلەپ، مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرۈشى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ھالقىلىرى، تور سىستېمىسى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنى جانلىق ئىشلىشى لازىم. قانداق ئۇسۇل ـ چارىلارنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر «ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىش» نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئىشلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى لازىم.

(2) كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە پسىخىك توسالغۇلارنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەنى نىشانلىق، مەقسەتلىك، ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇش لازىم. ئىلغار ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاسسىپ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيەنى پەرقلەندۈرۈش، كۆپرەك ۋاقىتنى ئوتتۇرا ھال ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشكە قارىتىش، ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئوقۇغۇچى كادىرلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تايانچ ئوقۇغۇچى كادىرلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.يەنە، ئىدىيەسى پاسسىپ، جاھىل، قاتمال، ئىچمىجەز، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە خام ئوقۇغۇچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار يولۇققان قىيىنچىلىقنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

(3) ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاۋال دوست بولۇپ، ئاندىن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك. يەنى ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ھېسسىياتى ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي دوستانە ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ، ھەممە ئىشتا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ھەققانىيەت ئارقىلىق قايىل قىلىش لازىم. يەنە ئۇلارغا ئائىلىسىدىكى قېرىنداشلىرىدەك كۆيۈنۈپ، ئۆگىنىش، ئىنتىزام، تۇرمۇش جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئىشىنىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ ۋە چۈشىنىپ، ئۇچۇرنىڭ راۋان ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

(4) ئۈلگىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ئىش ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن بىر كونكرېت باھاسى بولىدۇ.

شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى، ھەقىقىي بىلىم سەۋىيەسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىشى كېرەك. ھەقىقىي تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئۇلگىنىڭ غايەت زور قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا كىرگەن، ئەلا ئوقۇپ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەم ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدا تىرىشىپ ئىشلەپ نەتىجە يارىتىۋاتقان مۇنەۋۋەر مەكتەبداش، كەسىپداش ئاكا-ھەدىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەسىرات سۆزلەتسەك بۇ تىرىك ئۈلگىنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

## 2. ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيەدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم

ئوخشىمىغان مەزگىلدە، ئوخشاش بولمىغان يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ئىلىپ بېرىش كېرەك.

(1) ئەمدىلا مەكتەپكە قەدەم قويغان، يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېتىراپلىق، مول مەزمۇنلۇق مەكتەپكە كىرىش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى غەلبىلىك بېسىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويغان ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن تاللىنىپ چىقالىغانلىقىدىن، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. بىراق ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچى ئوخشاشلا تاللانغان بولۇپ، بۇ يەر قابىلىيەتلىكلەرنىڭ بەيگە مەيدانىغا ئايلانغان. شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە شەكىللەندۈرگەن ئۈستۈنلۈك ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىر مەكتەپ، بىر سىنىپتىكى ئۆزىدىنمۇ تالانتلىق ساۋاقداشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بارا - بارا ئۈمىدسىزلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى گۈزەل مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ ھەم ئۆزىنى تاشلىۋېتىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەسلەپتىلا پسىخىك مەسىلىھەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى پسىخىك تەييارلىقى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىتىش، ئۆگىنىش ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىلغار يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ تېز سۈرئەتتە ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ، ئۆگىنىش جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىكى تەجرىبىلىرىنى سۆزلىتىش، مۇتەخەسسىسلەر ۋە فاكۇلتېت مۇدىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا كەسىپ تەربىيەسى، ئىدىيەۋى تەربىيە ۋە ئىنتىزام تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(2) يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەر خىل ئۇنىۋېرسال كەسپىي تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇپ يېتىلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ، يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى چۈشەندۈرۈش، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، كەسپىي بىلىم ئاساسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن ھەر خىل كۇرسلارغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى بىلىم قۇرۇلمىلىرىنى تولۇقلىشىغا تۈرتكە بولۇش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش تەربىيەسى ۋە ئىگىلىك تىكلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، توغرا كەسىپ تاللاش قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا ئۇلارنىڭ كەسپىي بىلىم، ئەقلىي بىلىم ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ چىقىش ئاساسىنى ھازىرلاشقا شارائىت يارىتىپ

بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجلىرىغا بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپتە يېتەرسىزلىكىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، نىشانلىق تەربىيە ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىدە بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر بولۇشتەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپ، جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورنىنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

(3) ئالاھىدە تىپقا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ نورمال، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئايرىم ئالاھىدە تىپ: بىرىنچىسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئوخشاش تاللىنىپ كەلگەن رىقابەتچىلىرىگە يولۇققاندا، بىر مەھەل قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ، كەيپىياتىدا داۋالغۇش كۆرۈلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات تۇسالغۇسى ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان پسىخىك ئامىلغا ئايلىنىپ، مۇددىئا ۋە ئىرادە قاتارلىقلارنى تەڭشەشتە كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن پسىخىك ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىپ كېتىش سەۋەبىنى يەكۈنلەپ، ئىلگىرىكىدەك تىرىشىپ ئۆگىنىشكە يول كۆرسىتىش كېرەك. ئىككىنچىسى، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چۈنكى بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامداش بىلەن ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆگىنىشنى تەڭ ئېلىپ مېڭىش بىر مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قوشۇمچە ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامداشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئوقۇشقا سەل قارىغانلىقتىن، كۆپلىگەن پەنلەردە لاياقەتسىز بولۇپ قېلىپ، تاپقىنى لاياقەتسىز بولۇپ قالغان پەنلەرنى تولۇقلاپ ئۆگىنىش راسخودىغىمۇ چىقىش قىلالمايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، خاراكتېرى غەيرىي، كەيپىياتى چۈشكۈن، ئىچ مىجەز، باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، تەربىيەنى ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە ئېلىپ بېرىش كېرەك. يەنى ئوخشىمىغان پەيتتە، ئوخشىمىغان شەكىل، ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارغا كوللېكتىپنىڭ ئىللىقلىقى ۋە مېھرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسىدە «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلىش» نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان تەربىيە شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بەرگەندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ۋە مۇكەممەل يېتىشىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

[1] شىن جۇاڭخەي: « ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە تەتقىقات»، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 11 ـ سانى.

[2] شۇ گۇاڭمىڭ: « ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا»، جۇڭگو مائارىپ گېزىتى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى سانى.

[3] شۇ بۇسەي: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆزگەرتىش ھەققىدە مۇلاھىزە»، جۇڭنەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)03_041_06

# كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا*

ھۆرنىسا قاسىم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن سىياسىي فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى : كىرىم تەقسىماتى مەسىلىسى خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال، جانىجان مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان مەسىلە. مۇۋاپىق كىرىم تەقسىماتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مۇۋاپىق كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، جەمئىيەت ئادىللىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. لېكىن، بۇ خىل ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقى قەدەممۇ-قەدەم چوڭىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

**摘要：** 收入分配问题涉及到人民最关心，最直接，最现实的切身利益。合理的 收入分配既有利于提高经济效率，又有利于充分发挥各方面的积极性。合理的收入分配制度是全体人民的共同愿望，也是社会公平的重要体现。但这种愿望在现实生活中却在一步步地拉大。在这种情况下，扩大中等收入者的比重是时代的迫切需要。

**Abstract:** The income distribution directly involves vital interests of people. Therefore, an equal income distribution both improves economic efficiency and has been a common dream for the people at the same time. That's why it has been seen as an indicator of social equality by society. However, the inequality of income distribution recently, is giving a rise to the income polarization. Under such circumstance, enlarge the proportion of middle-income earners becomes urgently needed.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F21    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ GDP ئومۇمىي كىرىمى دۇنيا بويىچە 2- ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بىر بالداق ئۆرلىدى، 2012- يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 52 تىرىلليون 932 مىليارت 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى، ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى، خەلقئارادىكى تەسىرى زور دەرىجىدە ئېشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىدە يېڭى تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى. شەھەر- يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە داۋاملىق ئاشتى. لېكىن تەقسىمات ئادىل بولماسلىق، كىرىم پەرقى چوڭ بولۇش مەسىلىسى پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلاندى. شۇڭا كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىپ، كىرىم پەرقىنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. 12- بەش يىللىق پىلان تۈزۈلۈش ئالدىدا پارتىيە - ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 2002- يىلىلا پارتىيەنىڭ 16- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم ئېنىق قىلىپ «ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 16- نۆۋەتلىك 6- ئومۇمىي يىغىنىدا كىرىم تەقسىماتىنى ماكرو جەھەتتىن كونترول قىلىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئىجتىمائىي ئادىللىققا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، «2020- يىلىغا بارغاندا مۇۋاپىق، تەرتىپلىك كىرىم تەقسىماتى ۋەزىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈش» تەلەپ قىلىندى. پارتىيە

---

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 23- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ھۆرنىسا قاسىم(1969 ـيىلى 2 ـئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئىقتىساد ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

17 ـ قۇرۇلتىيىدا ئېنىق قىلىپ «دەسلەپكى تەقسىمات ۋە قايتا تەقسىماتتا ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، قايتا تەقسىماتتا ئادىللىققا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2010 ـ يىلى مەركەز رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم كىرىم تەقسىماتى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. زۇڭلى ۋېن جىاباۋنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلى 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلغان «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا كىرىم تەقسىماتى پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، يۆلىنىدىغان نامراتلارنى زور دەرىجىدە ئازايتىش، ئاھالىنىڭ كىرىمىنى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆپەيتىپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى 2010 ـ يىلىدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نىشاندا ئاھالە كىرىمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېشىشىنى، ئەمگەك ھەققىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپى تېخىمۇ ئېنىق تەكىتلەندى. ھەممە خەلقنى تەرەققىيات مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، كىرىم تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى. بۇ خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان ئاساس خاراكتېرلىك ھالقا بولۇپ، بۇنىڭ يادروسى ـ سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە كىرىم تەقسىماتى شارائىتىدا، خەلقنىڭ كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، قايتا تەقسىماتنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاھالىلەرنىڭ كىرىم تەقسىمات پەرقى يەنىلا بىرقەدەر چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يېتەكچى ئىدىيە كىرىم تەقسىماتى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، تەقسىمات ۋەزىيىتىنى ياخشىلاشقا نىشان كۆرسىتىپ بەردى.

## 1. ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر سانىنى ئاشۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى

**1) پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ كىرىم تەقسىماتى ئىسلاھاتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، كىرىم تەقسىماتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ جىددىي تەلىپى.**

كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى — ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ نىشانى — كىرىم تەقسىمات پەرقىنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت. دىڭ شياۋپىڭ بۇرۇنلا سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەمەس، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كۆرسەتمىگە ماس كېلىدىغان تەقسىمات قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى دەل «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىدۇر. «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتى دېگىنىمىز، ئىككى بېشى كىچىك، ئوتتۇرىسى چوڭ دېگەنلىك بولۇپ، ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بايلار قاتلىمى بىلەن نامراتلار قاتلىمىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان، خۇددى زەيتۇن شەكلىدەك كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كىرىم تەقسىماتىنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش، «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل ئىزدەنگەن نىشان ۋە فاڭجېن. شۇڭا بۇ سىياسەت ۋە فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش نۆۋەتتىكى زور سىياسىي ۋەزىپە.

**2) ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كىرىم تەقسىماتى ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان گەۋدىلىك**

مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تۈزۈم ئورنىتىلىپ، كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس ھالدا ئۆزگىرىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشى توغرا بولغاچقا، ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى بولمىغان بولسا، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بولمىغان بولاتتى. لېكىن شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، كىرىم تەقسىماتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەچكە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، كىرىم تەقسىماتى ساھەسىدە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەدرىجىي يىغىلىپ قالدى. (1) ئاھالىلەرنىڭ كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىش يۈزلىنىشى تۈپتىن ئۆزگىرىپ بولالمىدى. شەھەر بىلەن يېزا، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەر ئارىسىدىكى كىرىم پەرقى ۋە ئاھالىلەر كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق يەنىلا بىرقەدەر چوڭ. (2)مىللىي دارامەتنى تەقسىملەش ئەندىزىسىدە ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ئاھالە كىرىمىنىڭ مىللىي دارامەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىلەن ئەمگەك ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2000- يىلىدىن 2010- يىلىغىچە بولغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىستاتىستىكا جەدۋىلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئەمگەك ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتىكى نىسبىتى 53.3% تىن 47.8 % كە تۆۋەنلىگەن، مىللىي دارامەتتە ھۆكۈمەت كىرىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 14.5% تىن 18% كە كۆتۈرۈلگەن، كارخانىلار كىرىمىنىڭ نىسبىتى 17.9 % تىن 21.6% كە كۆتۈرۈلگەن، ئاھالىنىڭ كىرىم نىسبىتى 67.6% تىن 60.4% كە تۆۋەنلىگەن. (3)كىرىم تەقسىمات تەرتىپى قېلىپلاشمىغان. قىسمەن ساھەلەردىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ كىرىمى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى بىلەن بولغان پەرقى بەكلا چوڭ. بەزى ساھەلەر قانۇن ئىزىغا سېلىنمىغان، تۈزۈم قېلىپلاشمىغان، باشقۇرۇش قاتتىق بولمىغانلىقتىن، تۈرلۈك يوشۇرۇن كىرىم كۆپىيىپ كەتكەن. تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش، ئۆي-زېمىن كەسپى، كاپىتال بازىرى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ساھەلەردە ئىچكى قىسمدا سودىلىشىش، بازارنى تىزگىنلەش، سودا پارىخورلىقى قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەسىلىلىرى بىرقەدەر ئېغىر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، چىرىكلىشىش ھادىسىسى تېخى تۈگىتىلگىنى يوق. ھوقۇق بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بىرقىسىم جامائەت باشقۇرۇش ساھەسى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا ھوقۇقنى تايىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق- پۇل سودىسى قىلىش مەسىلىلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك، چىرىكلىشىش دېلولىرىغا چېتىلغان پۇل ناھايىتى كۆپ بولغان، مەسىلەن، شىنخۇا تورىنىڭ 2013- يىلى 2- ئاينىڭ 2- كۈنى ئېلان قىلىنغان خەۋىرىدە: جياڭشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق مۇئاۋىن كاتىبات باشلىقى ۋۇ جىمىڭ ئالغان پارا 47 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئۇ تەپتارتماي، مەن دەسلەپتىلا ئەمەلدار بولۇپ بېيىشنى ئىستىگەنىدىم دېگەن. جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش بەلگىلىك تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بىر تەرەپتىن، جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەت. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودىكى مۇتلەق نامرات نوپۇس 40 مىليوندىن ئاشىدۇ، 270 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە تۆۋەن كىرىملىكلەرگە كىرىدۇ. جۇڭگودا كىرىم پەرقىنىڭ زىيادە چوڭىيىپ كەتكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شۇڭا كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىرىم پەرقىنى كىچىكلىتىش كېرەك.

**3) ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى.**

ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر قاتلىمى دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەرگىزمۇ نوقۇل ئىقتىسادىي ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ ھەم كىرىم سەۋىيەسى ئوتتۇراھال، تۇرمۇش سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئىجتىمائىي توپنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، شەخسىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىجتىمائىي توپنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆسكەندىن كېيىن، ئوتتۇراھال كىرىم قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئىدىيە- ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىمۇ ماس ھالدا ئۆسىدۇ-دە، پارتىيە-ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغان قىممەت قاراش ۋە ئىجتىمائىي نىشانغا ماسلىشالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باشقا ئىجتىمائىي توپقا نىسبەتەن ئۈلگە بولۇش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىك كۈچلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

## 2. ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى

**1) سىياسەت جەھەتتە، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىدا قالغانلىقتىن، مائاش تۈزۈمى مۇكەممەللەشمىدى. كارخانىلارنىڭ مائاش بېكىتىش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى بەكلا تۆۋەن، ئۆز بېشىمچىلىق ئېغىر. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارقىدا قالغانلىقتىن، ئوخشاش رايون، ئوخشاش ئىش ئورنى، ئوخشاش ئىشقا بېرىلىدىغان ھەق بىلەن ئوخشاشمىغان رايون، ئوخشاشمىغان ئىش ئورنىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئىش ھەققىنى بېكىتىش ھەم تەڭشەشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مېخانىزم تېخى بەرپا قىلىنمىدى. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مائاشتىن سىرتقى كىرىمى، پۇلدىن باشقا پاراۋانلىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، مائاشنىڭ نورمال ئېشىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر كىرىمىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى كىرىم تەقسىمات ساھەسىدىكى كۆرۈنەرلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. مائاش ئەمگەكچىلەر ھەققىنىڭ مۇھىم شەكلى، مائاشىنى ئۆستۈرۈش ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولى. شەھەر- يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى بولۇپمۇ، ئوتتۇرا-تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەر خىل ئىجتىمائىي كاپالەت ئۆلچىمىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسى تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ مال-مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىمى بولۇشىغا شارائىت ھازىرلاش كېرەك. ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بىر تۈركۈم كىچىك كارخانا خوجايىنلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلغان ھالدا كۆپرەك قۇرۇلسا قۇرغۇچىلار كىرىمگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، تەدرىجىي ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىغا قېتىلىدۇ، ھەتتا ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قىسمەن تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىش بوسۇغىسىنى پەسەيتىش؛ ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار، پۇقراۋى ئىگىلىك، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ پۇل-مۇئامىلە، سۇغۇرتا مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش؛ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى مۇۋاپىق يۆلەش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش كېرەك. ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە سودا- سانائەتچىلەرنىمۇ قوللاش كېرەك. 2008- يىلى مەملىكىتىمىزدىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ سانى 29 مىليون 17 مىڭغا يېتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %3.8 نى تەشكىل قىلغان. يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللاپ، ئۇلارنى ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرگە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلارنى كۆلەم ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. 2002- يىلىدىن 2009-

يىلىغىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2476 يۈەندىن 5153 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى 7.2% بولغان. بۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى يېزا ئاھالىلىرى كىرىمى ئەڭ تېز ئاشقان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ۋە يېزا-ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سىياسىتىنى كەڭ يولغا قويۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئاكتىپ قوللاپ، ئۇلارنى ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**2) ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر تۈپىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.**

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاپلىنىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، كاپالەتلەندۈرۈش تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان زامانىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى نوپۇسنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، نامرات نوپۇس سانىنى كونترول قىلىش ۋە ئازايتىش ھەمدە ئوتتۇراھال كىرىملىك ئاھالىلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن قاپلىنىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە، يېزىلاردا شەھەرلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنغىنى يوق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت بايلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش نىسبىتى شەھەر ئاھالىلىرىدىن يەنىلا تۆۋەن. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەت سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، يېزىلاردىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش تۈزۈمى، يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈزۈمى، نەپىقە تۈزۈمى، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە تۈزۈمى قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈملىرى ئارقىلىق، يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، نامرات نوپۇسنىڭ سالمىقىنى تەدرىجىي ئازايتىش كېرەك. شەھەرلەردە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى باي-نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىشنى بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىپ، شەھەرلەردىكى ئىشتىن قالغانلار، ئىشسىزلار قاتارلىق تۆۋەن كىرىملىك توپلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى مەسىلىسىگە نۇقتىلىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىدىن بەھرىمەن قىلىش لازىم. بىر تەرەپتىن شەھەرلەردىكى تۆۋەن كىرىملىكلەر توپىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن قىسمەن ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۆۋەن كىرىملىكلەر قاتارىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

**3) ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.**

ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي- ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، شەھەر - يېزا تەرەققىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر - يېزا پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، شەھەر- يېزىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ دېھقانلارنى زامانىۋىلىشىشنىڭ مېۋىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى، ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، يەر ئېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يەر ئېلىش دائىرىسىنى تارايتىپ، ئېلىنغان يەرلەرگە تولۇقلىما بېرىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يەرلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش يەرلىرى بىلەن

ئوخشاش ھوقۇق، ئوخشاش باھادا بولۇشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەر قوشۇلما قىممەت كىرىمىدىن دېھقانلارغا تەقسىم قىلىنىدىغان نىسبەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەھەر يېزىنى يېتەكلەيدىغان، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، شەھەر بىلەن يېزا بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىچە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**4) ئۆي-مۈلۈك بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مائارىپ، سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.**

ئۆي باھاسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى كونترول قىلىپ، ئۆي باھاسى بىلەن مائاشلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىسىدا تەدرىجىي ھالدا مۇۋاپىق نىسبەت مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مائارىپ، سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئائىلىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش چىقىمى ۋە داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كېتىشىنى كونترول قىلىش؛ كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا-تۆۋەن كىرىملىكلەرگە بولغان ئۆي باھاسى قىممەت بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇش تەس بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت ھەم تەس بولۇشتەك «ئۈچ چوڭ تاغ»نىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھۆكۈمەت يەنە كىرىم تەقسىمات تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنلۇق كىرىمنى قوغداش، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، زىيادە يۇقىرى كىرىمنى تەڭشەش، قانۇنسىز كىرىمنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق قانۇن-نىزاملار، ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئوچۇق-ئاشكارا، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان كىرىم تەقسىمات تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، رىقابەت مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، مونوپول كەسىپلەر ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى تېزدىن توسۇش كېرەك. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا كەسىپ ئورۇنلارنىڭ مائاش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش، مائارىپ، بولۇپمۇ يېزا مائارىپىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق «زەيتۇنسىمان» كىرىم تەقسىماتى ۋەزىيىتى بەرپا قىلىشنى كۆپ تەرەپلىمە قوللاش لازىم.

پارتىيەمىز خېلى بۇرۇنلا، 2020-يىلىغا بارغاندا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىنى بېكىتكەن ئىدى. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسىدە، مەيلى ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ پەرقىنى تۈگىتىش، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىپ خەلقنى تىنچ، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش بولسۇن ياكى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيەۋى-ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە ساغلاملىق ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش بولسۇن ھەممىسى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر كۆپ ساننى تەشكىل قىلغان «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئائىلىنىڭ كىرىمىنى تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن كۆپەيتىپ، كىرىم تەقسىماتى پەرقىنىڭ زورىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىگە قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگەندىلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. پارتىيە 18-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى 12-ئاي، 1-نەشرى.
2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 18-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى.
3. پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال-جاۋابلار، مىللەتلەر نەشرىياتى. 2012-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى.
4. 苏海南， 常风林:《构建“橄榄型”分配格局》时事报告 大学生版 2010—2011 学年度 1 期。
5. 汪同三， 张涛:《如何看当前经济形式》，时事报告 大学生版 2010—2011 学年度 2 期。
6. 赵丽萍:《税制公平与公平收入分配》，税务研究， 2008 年第 1 期。
7. 青草:《渴望缩减的收入差距》，就业与保障， 2010 年第 1 期。

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

بولىدۇ [8]. مۇنىس كىتابنى مىلادىيە 1812- يىلىدىكى ۋەقەلەرگىچە يازغان. قالغان قىسمىنى، يەنى مىلادىيە 1825\1826- يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئاگاھىي تولۇقلاپ يازغان [9]. بۇ ئەسەر ئاگاھىينىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ئاللاھقۇلى خاننىڭ قوللىشى بىلەن مۇنىس ۋاپات بولۇپ ئون يىلدىن كېيىن تاماملانغان.

ئاگاھىيمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، ئەدىب، تىلماچ. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان پارسچە شېئىر ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىن «يۇسۇپ - زۇلەيخا»[10]، «شاھ ۋە گادايى» [11]، «قابۇسنامە»، «زەپەرنامە» قاتارلىق 20دىن ئارتۇق ئەسەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرلەرمۇ خىۋا خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىقىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

## 3. دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى

يۇرى برىگېلنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر توققۇز خىل نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى لېنىنگرادتا، ئىككىسى تاشكەنتتە، بىرسى فىللاندىيەنىڭ خەلسىنكىدا، بىرسى ئىستانبولدا ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە لېنىنگرادتىكى نۇسخىسى مۇنىس ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىدۇر.

بۇ ئەسەرگە ئىگە بولغان تۇنجى شەخس روسىيەلىك شەرقشۇناس كوخۇن (A. I. kuhn).ئۇ 1873- يىلى بىرقانچە ئالىم بىلەن بىرلىكتە ھەربىي ئىشلار ئېكسپېدىتسىيەسىگە قاتناشقان ۋاقىتتا، خىۋا خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئارخىپ- ھۆججەتلىرى ۋە 300 پارچىدىن ئارتۇق قوليازمىنى ئولجا ئالغان. كوخۇن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى بىردىنبىر شەرقشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يازما ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئېلىپ كەتكەن. بۇ جەرياندا مۇنىسنىڭ تارىخىي ئەسىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يىلى تاشكەنتتە چىقىدىغان Turkestanxkie vedomosti ناملىق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرىدۇ. بىراق بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم مەخسۇس تەتقىق قىلغان كىشى يەنىلا بارتولددۇر. 1910- يىلى بارتولد بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى نەشر قىلىپ، كىرىش سۆز قىسمىدا ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانىنى تونۇشتۇرغان. كېيىنچە تۈركىيەلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم، ئابدۇلقادىر قاتارلىقلار شۇنداقلا ئىۋانوف، بوروكوف، ساكوف قاتارلىقلارمۇ بۇ ئەسەرگە دىققەت قىلغان. ئەمما بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە تولۇق بولغان تەتقىقات نەتىجىسى تېخى بارلىققا كەلمىگەن.

1972- يىلى موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى يۇرى برىگېل بۇ كىتابنى نەشردىن چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئەمما خىزمەتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقى تۈپەيلى نەشر قىلىش خىزمىتى ئىككى يىل توختاپ قالىدۇ. 1974- يىلىغا كەلگەندە قايتىدىن كىتابنى ئىشلەپ، تۆت يىلدىن كېيىن تاماملايدۇ. نابۇر(ھەرپ تىزىش) مەسىلىسى تۈپەيلى، بۇ كىتاب نەشردىن چىقالماي ئون يىل تۇرۇپ قالىدۇ. 1988- يىلىغا كەلگەندە گوللاندىيەنىڭ لەيدىن شەھرىدە نەشردىن چىقىدۇ. ئاپتور تەتقىقات جەريانىدا ھەربىر ھالقا، ھەربىر مەسىلىگە قارىتا ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ، ھەربىر ئۇچۇرنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ، ئانالىز ئېلىپ بېرىپ ئىزاھات بېرىدۇ. قىسقىسى ئاپتور ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ھازىرقى شەرقشۇناسلار ئۇنىڭ تۆھپىسىنى بارتولدتىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ باھا بەرمەكتە.

## 4. ئەسەرنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى

بۇ تارىخىي ئەسەر ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسىم ماتېرىياللار تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاپتور «جامىئۇل تاۋارىخ» [12]،«تارىخئۇل ئەنبىيا»[13]، «تارىخىي جافارى» [14]،«قىسسەسۇل ئەنبىيا»[15]، «نەزمىئۇل تاۋارىخ» [16]، «تاباري تارىخى»، «خافىز ئابرو تارىخى»، «ھۆكمائى تارىخ»[17]، «تارىخ»، «شەجەرەئى تۈرك»، «شاھنامە»، «مۇقەددىمەئى

زەفەرنامە»، « زەفەرنامە »، «رەۋزەتئۇل سافا»قاتارلىقلارنى ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «جامىئۇل تاۋارىخ»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «شاھنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرگە خېلى تونۇش. شۇنداق بولغاچقا ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ئىنچىكە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەسەردىكى بىرقىسىم مۇھىم ماتېرىياللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

(1) «تابارى تارىخى». ئاپتورى تابارى، تولۇق ئىسمى ئابۇ جافار مۇھەممەد ئىبىن جارىئۇل تابارى. 838- يىلى ئىچكى دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى تابارىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ نامى بىلەن تونۇلغان. 932- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق تەپسىرچى، تارىخچى، ئىسلام قانۇنشۇناسى، ئەرەب سالنامە تارىخشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى. تابارى ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەرەب دۇنياسى، ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تابارى تارىخى»دەپ ئاتالغان[18]. بۇ كىتابنىڭ ھازىر ئەرەبچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، گېرمانچە، فىرانسۇزچە، رۇسچە قاتارلىق كۆپ خىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىسى بار. دۆلىتىمىزدە دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ ئېنگىلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى بار.

(2) «خافىز ئابرو تارىخى»بولسا تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە (1507—1370) خۇراسان رايونىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئاپتورى خافىز ئابرو، تولۇق ئىسمى شىخابىئۇلدىن ئابدىللاھ ئىبىن لۇتىف ئىبىن ئابدۇلرەشىد ۋافى. ھىراتتا تۇغۇلغان. تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇقنىڭ يېقىن ياردەمچىسى. « زەفەرنامە » نىڭ ئاپتورى شەرىفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ ياخشى دوستى. ئۇ ئىككىسى دەۋرداش داڭلىق تارىخشۇناسلاردۇر. خافىز ئابرو شاھرۇق ئۈچۈن «تارىخى شاھرۇق» ناملىق ئەسەرنى يازغان بولۇپ، بۇ كىتابتا ئاساسلىق 1413— 1430-يىللاردىكى شاھرۇقنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 1425-يىلى ئاپتور داڭلىق تارىخىي ئەسەر«زەبدەتۇل تاۋارىخ» نى يازغان. يۇقىرىقى تارىخىي ئەسەرنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئادەتتە «خافىز ئابرو تارىخى»دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) «شەجەرەئى تۈرك». ئاپتورى ئۇبۇلغازى خان ئىبىن يادىكارخان. 1605- يىلى ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي شىمالى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈرگەنجتە تۇغۇلغان. 1643- يىلى خىۋا خانلىقىنىڭ خانلىقىغا ئولتۇرۇپ، 1664- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بىر ھۆكۈمران بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ۋايىغا يەتكەن شائىر، تارىخچى. ئۇنىڭ تارىخىي ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، مۇڭغۇللارنىڭ ئەجداد ئەپسانىلىرىدىن تاكى 16-، 17- ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، خارازىم رايونلىرىنىڭ تارىخى يېزىلغان[19]. بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى تونۇش.

(4) «زەپەرنامە». ئاپتورى شەرفىدىن ئەلى يەزدى. بۇ ئەسەر نىزامىدىن جامىنىڭ ئەسىرى بىلەن ئىسمداش. شەرفىدىن ئەلى يەزدىمۇ شاھرۇقنىڭ يېقىن ياردەمچىسى. بۇ كىتاب 1424-يىلى يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى نىزامىدىن جامىنىڭ ئەسىرىنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭدا چاغاتاي خانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر تولىمۇ ئاددىي يېزىلغان. بۇ كىتاب 1772- يىلى Croix Peterdela تەرىپىدىن فىرانسۇزچىغا، ئىككىنچى يىلى J. Darby تەرىپىدىن فىرانسۇزچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1918- ۋە 1957 - يىلى تېھراندا ھازىرقى زامان پارسچە نۇسخىسى نەشردىن چىققان. 1972- يىلى ئامانۇللا بۇرىيېۋ تاشكەنتتە نەشردىن چىقارغان. تاشكەنت نەشرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچە نەشرىمۇ توختى تىللا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 2007- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(5) «مۇقەددىمەئى زەفەرنامە». ئاپتورى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بىراق ئۇشبۇ كىتابنىڭ 85-بەت يان تەرىپىكە «ھىجرىيەنىڭ 1012- يىلى» دەپ يېزىلغان. ئەمما ئەسلىي نۇسخىنىڭ پوچۇركىسى بىلەن بۇ پوچۇركا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدىن بىلىشكە

بولىدۇكى، بۇ يىل دەۋرى باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان. «مۇقەددىمەئى زەفەرنامە» ھىندىستان ئىش بىجىرىش باشقارمىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.[20] «زەفەرنامە» ناملىق ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى كىتابتىن باشقا، يەنە 1401- 1404 - يىللار ئارلىقىدا يېزىلغان نىزامىدىن جامىنىڭ «زەفەرنامە» ناملىق ئەسىرى ۋە 1410- يىلى يېزىلغان تاجىئولدىن سالمانىنىڭ «زەيلى زەفەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار؟ نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بىر ئەسەردە ئوخشاش ئىسىملىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن؟ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا كېيىنچە ئايرىم توختىلىمىز.

## 5. ئەسەرنىڭ تارىخي ماتېرىياللىق قىممىتى

ئەسەرنىڭ تارىخي ماتېرىياللىق قىممىتى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بۇ ئەسەر ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە خىۋا خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىلبارىسخاندىن(مىلادىيە 1511- يىلىدىن 1518 -يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان )تاكى ئاللاھقۇلى خانغىچە (مىلادىيە 1825- يىلىدىن 1842- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بولغان 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇ خانلارنىڭ ھاياتى، ئىش-ئىزلىرى، سۇيۇرغال ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ئىچكى سۈركىلىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەر مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، مىلادىيە1539 -يىلى بىر قىسىم ئۆزبېكلەر ئابدۇللا ئاجىر خانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خارەزىم رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن [21]، ھاجىمخان ۋاقتىدا(مىلادىيە 1558 -يىلىدىن 1602 -يىلىغىچە) بىرقىسىم ئۆزبېكلەر مەجبۇرىي ھالدا خارازىمدىن بۇخاراغا كۆچۈرۈلگەن[22]. بۇ خاتىرىلەر شۇ ۋاقىتتىكى مىللەتلەرنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھوقۇقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا ۋە توقۇنۇشلار، شۇنداقلا ئۇ ئوردا تارىخى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئەسەردە يەنە خىۋا خانلىقى بىلەن ئىراق، تۈركمەنىستان، بۇخارا، روسىيە، ئافغانىستان قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئابدۇللا خان ۋاقتىدا خىۋا خانلىقى ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان[23] ؛ مارىدىغان (مىلادىيە 1568 - يىلى) ۋە ئابدۇللاخان ۋاقتىدا (مىلادىيە 1594- يىلى) ئۆزبېكلەر بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن [24]؛ ئۇبۇلخازى باتۇرخان ۋاقتىدا (مىلادىيە 1742- يىلىدىن 1747- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)خىۋا خانلىقى بىلەن تۈركمەنلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ھەم دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن [25] ؛ شىرغازىخان ۋاقتىدا (مىلادىيە 1754- يىلىدىن 1756- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) خىۋا خانلىقى بىلەن نىشاپۇر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈزبەرگەن[26]؛ ئابدۇللا ئاجىر خان ۋاقتىدا خىۋا خانلىقى بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆپ قېتىم توقۇنۇش يۈز بەرگەن [27]، مۇھەممەد رېھىم باھادىرخان ۋاقتىدا ( مىلادىيە 1806- يىلىدىن 1825- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، يەنى 1807- يىلى خىۋا خانلىقى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان، قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن خىۋا خانلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن چېكىنگەن[28]. بۇ خاتىرىلەر خىۋا خانلىقىنىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ كېيىنكى ئىككى بابى، يەنى تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بابىدا تارىخي ۋەقەلەر بىرقەدەر تەپسىلىي، ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ۋاقىت، يەرنامى، تارىخي شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىرقەدەر توغرا. ئاپتورنىڭ بۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن تارىخنى يېزىش پوزىتسىيەسى ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە ماتېرىياللىق قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئەسەرنىڭ تارىخي قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. بۇ ئەسەردىكى تۈرك، تاتار، موڭغۇل، ئوغۇز، قازاق، تۈركمەن، ئۇيغۇر، قىپچاق ھەققىدىكى تارىخي ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئۆزبېكلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ خاتىرىلەر خەزىنىچە ماتېرىياللارنى تېخىمۇ تولۇقلاپ،

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۈچىنچى، بۇ ئەسەردە يەر باشقۇرۇش تۈزۈمى، يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، 1681 ـ يىلى ئانۇشاخان خانىقانىڭ شىمالىدىن تاكى ئەنبارغىچە بولغان قانالنى قازدۇرغان بولۇپ، شاخابات چوڭ قانىلى دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان قۇملىشىپ كەتكەن يەرلەر ئاستا ـ ئاستا بىنەملىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا نۇرغۇنلىغان قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆرگەنچ، جىيات، ۋاجىر قاتارلىق شەھەرلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ خاتىرىلەنگەن. دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىرقەدەر كەم بولغاچقا ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا ئىگىلىكى تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

تۆتىنچى، بۇ ئەسەردە 18ـ19 ـ ئەسىرلەردىكى خىۋا خانلىقىنىڭ داڭلىق ئالىملىرى، شائىرلىرى، ئاقسۆڭەكلىرى، سەنئەتچىلىرىنىڭ ھاياتى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، يۇقىرىقى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن سىرت، مىرزا نازىم خاراۋىنىڭ «دىۋان»[29]، ھۈسەيىن ئەفەندىنىڭ «مۈلكى تاۋارىخ»[30]، مەۋلانە سەيىد مۇھەممەد ئاخۇنىڭ «گۈلشەنى ئىقبال»[31]قاتارلىق ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا داڭلىق قۇرۇلۇش بىناكارچى، سەنئەتچى مەۋلانى ۋافا[32]، داڭلىق ۋەزىر سەيىد يۇسۇف [33]، داڭلىق ئۇيغۇر پالۋان ئالېكساندىر باھادىر[34]، ئافغانلارنىڭ داڭلىق يولباشچىسى ئالاقە بەردىبېك [35]، ئەمىرھەيدەر[36]، شائىر مۇھەممەد ئىمىن ئىناق [37] قاتارلىق داڭلىق تارىخىي شەخسلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇنداقلا خىۋا خانلىقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەرنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن، بۇ ئەسەردە ئەنئەنىۋى تارىخ يېزىش ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىنغان بولۇپ، سەھىپىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئادەمدىن تارتىپ نوھنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى، يافەستىن تارتىپ موڭغۇللارنىڭ قوڭغىرات ئەپسانىلىرىغىچە بايان قىلىنغان. ئەسەردە گەرچە ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئادەتتىكى پۇخرالارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەققىدىكى ماتېرىياللار تولىمۇ ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەر ئارقىلىقلا شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تولۇق چۈشىنىش كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابنىڭ شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، بۇ ئەسەر مۇكەممەل ھېسابلانمايدۇ. بىر مۇكەممەل تارىخىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋاقىت، ئورۇن، شەخس كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئاپتور تارىخنى گەرچە يىل تەرتىپى بويىچە يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، بىراق تەپسىلىي ۋەقەلەرنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى جەھەتتە يەنىلا چۈشۈرۈپ قويۇلغان ئورۇنلار كۆپ. ئەگەر دەۋرداش باشقا ئەسەرلەردىن پايدىلانمىغاندا نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ.

كونكرېت ئېيتقاندا، ئاپتور ئەدەبىيات جەھەتتىن تارىخىي جەھەتتىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر ياخشى تەربىيەلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىن كۆرە، ئۇ ئىجاد قىلغان باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭ تارىخىي بىلىمى دەۋرداش تارىخچىلارغا قارىغاندا يەنىلا يۇقىرى. بۇ دەل ھەرقايسى خانلارنىڭ ئاپتورغا تارىخ يېزىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇشتىكى سەۋەبىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تارىخىي ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (بۇ ئەسەرنىڭ ئېنگلىزچە ـ چاغاتايچە نۇسخىسىنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لوشىن مۇئەللىم ماڭا تونۇشتۇرۇپ، پۈتۈن كىتابنى نۇسخىلىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغان. بۇ يەردە ئۇ قۇتقۇچىمغا بولغان تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن).

## ئىزاھلار

[1] نىياز مۇھەممەت ئىبن ھۇشۇر مۇھەممەت قوقەندىنىڭ «شاھرۇق يىلنامىسى» (بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە

فەن جىپىگىنىڭ ‹قوقەند خانلىقى ۋە غەربىي يۇرت سىياسىيسى › ناملىق ئەسىرىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى 134-بەت ۋە Jana Gough نىڭ ‹ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى› نىڭ 2005- يىللىق ئىنگلىزچە نەشرى، تۆتىنچى قىسىم 42-بەت)، نامىسىز ئاپتورنىڭ ئەسىرى «ئۆزبېك خانلىقىنىڭ تارىخى» (بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە ئا.ب ئەخمەدوف يازغان، چىن يەنگۋاڭ تەرجىمە قىلغان ‹16-18-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جوغراپىيە ماتېرىياللىرى› ناملىق ئەسەرنىڭ يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى 174-بەت)، مۇھەممەد سالىمنىڭ «خانلار تەزكىرىسى»(بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە Yuri Bregel نىڭ «فىردەۋسىئەل ئىقبال» ناملىق ئەسىرىنىڭ لېيدىن نەشرىياتى، 1988- يىللىق ئىنگلىزچە نەشرىنىڭ 551، 565، 568 - بەتلىرىگە ۋە B. A ئەخمەدوف يازغان‹16-18-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جوغراپىيە ماتېرىياللىرى›126- بەت) قاتارلىقلار مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەر.

[2] خىۋا خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۆت ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق. مىلادىيە 1512-يىلى ئىلبارسخان قۇرغان بولۇپ، دۆلەت مەركىزى ئۈرگەنچ ، تارىخىي ئەسەرلەردە ئادەتتە مۇشۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. 18-ئەسەردىن كېيىن رۇسچە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى تارىخىي ئەسەرلەردە خىۋا خانلىقى نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. نېمە ئۈچۈن باشقا ئەللەر بۇ خانلىققا خىۋا خانلىقى دەپ نام بەرگەن؟ بۇ مەسىلىلەر يەنىلا تارىخشۇناسلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلىلەردۇر. خىۋا خانلىقى 1873-يىلى چارروسىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، 1920-يىلى ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىقى روسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، خانلىق ئۇزۇل-كېسىل تارىخىي سەھنىدىن چۈشكەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇشى ۋە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەسەردە كۆرۈلگەن بارلىق لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەلەرنىڭ يېزىلىشى خەلقئارادا ئورتاق ئىشلىتىدىغان يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەم قىلدىم.

[3] يۇرى برېگېل ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ساھاسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم بولۇپ، 1925-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى روسىيەدە تۇغۇلغان. رۇسچە ئىسمى Юрий Энохович Брегель. 1974-يىلدىن 1981-يىلغىچە ئېروسالىمنىڭ خېبروۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن. كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركچە، پارسچە قەدىمكى ماتېرىياللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغىچە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى خەرىتىسى» قاتارلىق نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازغان. 1988-يىلى يۇرى برېگېل بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئىشلەپ، ئىزاھات بېرىپ، ئىندېكس بىلەن گوللاندىيەنىڭ لېيدىن شەھرىدە نەشر قىلغان. 1999-يىلى ئۇ يەنە لېيدىن شەھرىدە بۇ ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان.

[4]Yuri Bregel, *Firdaws al-iqbāl*, Leiden,1988,p. 36

[5] ئوبۇلغازى خان ئىبنى يادىكارخان مىلادى 1605-يىلى تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي شىمالى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈرگەنجدە تۇغۇلغان. 1643-يىلى خىۋا خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان، 1664- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بىر داڭلىق ھۆكۈمران بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ۋايىغا يەتكەن شائىر، تارىخشۇناس ئىدى. ئۇ ئىلىم ساھاسىگە «شەجەرەئى تۈرك »ناملىق ئەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئەسەر ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشردىن چىققى.

[6] .Yuri Bregel, *Firdaws al-iqbāl*, p. 36

[7] Muhammad bin Khavenshah bin Mahmud, *The Ruazat-us-Safa:or Garden of Purity*,VOL I ,Translated by E. Rehatsek,London,1891。

[8] ئاگاينىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە يەنە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار. ئەخمەتوفنىڭ «16-18-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جوغراپىيە ئەسەرلىرى» (چېن يۈەنگۋاڭ تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نەشرى، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 161- بەت) دە ئاگايى 1864-يىلى ۋاپات بولغان دەپ ئېلىنغان. «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيەسى» ( *The Encyclopedia of Islam*، ئىنگلىزچە نەشرى، 12-قىسىم، 2004-يىلى، لېدىن نەشرى، 46-بەت) دە 1874- يىلى چار پادىشاھ ئارمىيەسى خارازىمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ۋاپات بولغان دەپ ئېلىنغان.

[9]B.A.艾哈迈多夫著、陈远光译：《16-18世纪中亚历史地理文献》，云南人民出版社2002年，第161页。

[10] A. V. Williams Jackson, A Catalogue of a collection of Presian Manuscripts, Columbia University, New York, VOL. 1,1914 ,p. 145.

[11]*The Encyclopedia of Islam,E. J. Brill`s First Encyclopedia of Islam, 1913-1936*, Leiden , 1987,p. 897.

[12] بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرى 1997-يىلى نەشردىن چىققان.

[13]Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*,VOL I,Oxford, 1903, No. 596,p. 241。

[14] بۇ كىتابنى بارتولد تۇنجى قېتىم بايقىغان ھەمدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات «بارتولد ماقالىلىرى» نىڭ 8 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

[15] *The Encyclopedia of Islam*, VOL Ⅱ, pp. 688、810; VOL Ⅲ, p. 542、981、1031; *Encyclopedia of Islam and the Muslim World*, VOL Ⅰ, p. 268; Hermann Ethe, PH. D,*Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*,VOL I,Oxford, 1903,No. 596,p. 241。

[16]N. K. Singh · A. Samiuddin,*Encyclopaedic Historiography of the Muslim World*,vol Ⅰ,India,2003,p. 153.

[17]Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*, VOL I, Oxford. 1903,No. 618,p. 250;C. A. Storey,*persian Literature a Bio-Bibliographical Survey*,VOL Ⅰ,Part Ⅱ,London,1953,p. 1105-1107.

[18] *Tabari's Tarikh al-rusul wa-al-muluk*, Translated by G. Rex Smith. Albany: State University of New York Press, 1994; Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*, VOL I. Oxford,1903,No. 568,p. 222。

[19] B. A. 艾哈迈多夫著、陈远光译：《16—18世纪中亚历史地理文献》，第86页。

[20]Hermann Ethe, PH. D, *Catalogue of Persian Manuscripts in the Library of the India Office*, VOL I. Oxford, 1903,No. 187,p. 81.

[21] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 112.

[22] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 112.

[23] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 126.

[24] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 121.

[25] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 131,132,137.

[26] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 154.

[27] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 138,139,140,141,518,519.

[28] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 541,542.

[29] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 19.

[30] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 84.

[31] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 138.

[32] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 145.

[33] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 517.

[34] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 1172,1174,1176.

[35] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 1180.

[36] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 1179.

[37] Yuri Bregel,*Firdaws al-iqbāl*, p. 304,309

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-037-04

# «ئادەمنى ئاساس قىلىش» ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى سىياسىي تەربىيە توغرىسىدا*

تۇرسۇنئاي سەمەت

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى: «ئادەمنى ئاساس قىلىش» ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىكى زاپاس كۈچ. ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيەدە «ئادەمنى ئاساس قىلىش» ئېڭىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

**摘要**：“以人为本”就是要从学生的心理特点、认知特点出发，去创设有利于学生发展的环境。学生是祖国的未来，是国家建设的后备人才。他们的健康成长关系着祖国的前途，关系着社会主义现代化事业的成败。在思想政治教育中确立“以人为本”的理念，以促进学生健全的发展。

**Abstract:** As the future of the nation, university students' healthy growth has been seen as the key factor for the success to the socialist modernization process. Therefore, the "People-Oriented" idea can be applied in the ideological and political education courses for the university students in order to pursue their mental and ideological healthiness.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيەۋى ئۆزگىرىشىنى پۇختا ئىگىلەشتە «ئادەمنى ئاساس قىلىش» تا چىڭ تۇرۇش، ئۇلارغا بولغان ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۈنۈمدا يېڭىلىق يارىتىش تولىمۇ زۆرۈر.

## 1. ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، بىلىمنى، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەش جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلاندى. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى يۈزلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام بولۇپ، كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، ئىدىيەسى جانلىق بولۇپ، ئۇلاردىكى يۈكسەك غايە، ئۈمىدۋارلىق قارىشىدىن ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى، يېڭىلىقنى قوغلىشىش ئېڭى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزگىرىشچانلىقى يۇقىرى، جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا

*بۇ ماقالە 2013-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇنئاي سەمەت (1970 - يىلى 8-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئىدىيەۋى - سىياسىي مائارىپ كەسپىنىڭ 2011-يىللىق دوكتورانتى.

كۆڭۈل بۆلۈش ئېغىر ئاجىز، چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك، ئىشنى كىچىكتىن باشلاش ئىدىيەسى ئاجىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ كۆنسايىن كۈچىيىپ بېرىشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يەنە توردىكى نۇرغۇنلىغان ئەخلەت ئۇچۇرلارمۇ ئۇلارغا ھەرخىل سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئەسلىدىكى قېلىپلىشىپ قالغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، مەزمۇن ۋە شەكىللەر تازا ماسلىشالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلدى. ھازىرقى باسقۇچتا، قانداق قىلىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش نوقتىلىق تەتقىق قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم تېما بولۇپ قالدى. شۇڭا بىز مۇشۇ ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قاتار تەتقىقات، ئىزدىنىش ۋە كۆپلىگەن سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ تۆۋەندىكىدەك يەكۈننى چىقاردۇق:

(1) كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەنى جانلىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىشى، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئادەم تەربىيەلەپ، مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرۈشى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ھالقىلىرى، تور سىستېمىسى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنى جانلىق ئىشلىشى لازىم. قانداق ئۇسۇل ـ چارىلارنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر «ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىش» نۇقتىسىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئىشلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى لازىم.

(2) كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە پسىخىك توسالغۇلارنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەنى نىشانلىق، مەقسەتلىك، ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇش لازىم. ئىلغار ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاسسىپ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيەنى پەرقلەندۈرۈش، كۆپرەك ۋاقىتنى ئوتتۇرا ھال ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشكە قارىتىش، ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئوقۇغۇچى كادىرلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تايانچ ئوقۇغۇچى كادىرلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يەنە، ئىدىيەسى پاسسىپ، جاھىل، قاتمال، ئىچمىجەز، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە خام ئوقۇغۇچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار يولۇققان قىيىنچىلىقنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

(3) ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاۋۋال دوست بولۇپ، ئاندىن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك. يەنى ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ھېسسىياتى ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي دوستانە ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ، ھەممە ئىشتا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ھەققانىيەت ئارقىلىق قايىل قىلىش لازىم. يەنە ئۇلارغا ئائىلىسىدىكى قېرىنداشلىرىدەك كۆيۈنۈپ، ئۆگىنىش، ئىنتىزام، تۇرمۇش جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئىشىنىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ ۋە چۈشىنىپ، ئۇچۇرنىڭ راۋان ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

(4) ئۈلگىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ئىش ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن بىر كونكرېت باھاسى بولىدۇ.

شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى، ھەقىقى بىلىم سەۋىيەسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىشى كېرەك. ھەقىقى تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئۆلگىنىڭ غايەت زور قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى بولىدۇ. مەسىلەن، ئون مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا كىرگەن، ئەلا ئوقۇپ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەم ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدا تىرىشىپ ئىشلەپ نەتىجە يارىتىۋاتقان مۇنەۋۋەر مەكتەبداش، كەسىپداش ئاكا-ھەدىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەسىرات سۆزلەتسەك بۇ تىرىك ئۆلگىنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

## 2. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم

ئوخشىمىغان مەزگىلدە، ئوخشاش بولمىغان يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(1) ئەمدىلا مەكتەپكە قەدەم قويغان، يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېتراپلىق، مول مەزمۇنلۇق مەكتەپكە كىرىش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى غەلىبىلىك بېسىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويغان ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن تاللىنىپ چىقالىغانلىقىدىن، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. بىراق ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچى ئوخشاشلا تاللانغان بولۇپ، بۇ يەر قابىلىيەتلىكلەرنىڭ بەيگە مەيدانىغا ئايلانغان. شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە شەكىللەندۈرگەن ئۈستۈنلۈك ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىر مەكتەپ، بىر سىنىپتىكى ئۆزىدىنمۇ تالانتلىق ساۋاقداشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بارا ـ بارا ئۈمىدسىزلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى گۈزەل مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ ھەم ئۆزىنى تاشلىۋېتىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەسلەپتىلا پسىخىك مەسلىھەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى پسىخىك تەييارلىقى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىتىش، ئۆگىنىش ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىلغار يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ تېز سۈرئەتتە ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ، ئۆگىنىش جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىكى تەجرىبىلىرىنى سۆزلىتىش، مۇتەخەسسىسلەر ۋە فاكۇلتېت مۇدىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا كەسىپ تەربىيەسى، ئىدىيەۋى تەربىيە ۋە ئىنتىزام تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(2) يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەر خىل ئۇنىۋېرسال كەسپىي تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇپ يېتىلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ، يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى چۈشەندۈرۈش، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، كەسپىي بىلىم ئاساسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن ھەر خىل كۇرسلارغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى بىلىم قۇرۇلمىلىرىنى تولۇقلىشىغا تۈرتكە بولۇش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش تەربىيەسى ۋە ئىگىلىك تىكلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، توغرا كەسىپ تاللاش قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا ئۇلارنىڭ كەسپىي بىلىم، ئەقلىي بىلىم ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ چىقىش ئاساسىنى ھازىرلاشقا شارائىت يارىتىپ

بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ئېختىساسلىقلارغا بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپتە يېتەرسىزلىكىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، نىشانلىق تەربىيە ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىدە بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر بولۇشتەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپ، جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورنىنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

(3) ئالاھىدە توپقا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ نورمال، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئايرىم ئالاھىدە توپ: بىرىنچىسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئوخشاش تاللىنىپ كەلگەن رىقابەتچىلىرىگە يولۇققاندا، بىر مەھەل قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ، كەيپىياتىدا داۋالغۇش كۆرۈلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات تۇسالغۇسى ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان پسىخىك ئامىلغا ئايلىنىپ، مۇددىئا ۋە ئىرادە قاتارلىقلارنى تەڭشەشتە كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيەۋى- سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن پسىخىك ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىپ كېتىش سەۋەبىنى يەكۈنلەپ، ئىلگىرىكىدەك تىرىشىپ ئۆگىنىشكە يول كۆرسىتىش كېرەك. ئىككىنچىسى، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چۈنكى بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامداش بىلەن ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆگىنىشنى تەڭ ئېلىپ مېڭىش بىر مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قوشۇمچە ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامداشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئوقۇشقا سەل قارىغانلىقتىن، كۆپلىگەن پەنلەردە لاياقەتسىز بولۇپ قېلىپ، تاپقىنى لاياقەتسىز بولۇپ قالغان پەنلەرنى تولۇقلاپ ئۆگىنىش راسخودىغىمۇ چىقىش قىلالمايدىغان ئەھۋاللار ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، خاراكتېرى غەيرىي، كەيپىياتى چۈشكۈن، ئىچ مىجەز، باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، تەربىيەنى ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە ئېلىپ بېرىش كېرەك. يەنى ئوخشىمىغان پەيتتە، ئوخشىمىغان شەكىل، ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارغا كوللېكتىپنىڭ ئىللىقلىقى ۋە مېھرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسىدە «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلىش» نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان تەربىيە شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بەرگەندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ۋە مۇكەممەل يېتىشىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

[1] شىن جۇاڭخەي: « ئىدىيەۋى-سىياسىي تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە تەتقىقات»، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 11 ـ 1سانى.
[2] شۇ گۇاڭمىڭ: « ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا»، جۇڭگو مائارىپ گېزىتى، 2002 ـ يىلى 3- ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سانى.
[3] شۇ بۇسەي: «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆزگەرتىش ھەققىدە مۇلاھىزە»، جۇڭنەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 2000-يىللىق 3- سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-041-06

# كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا*

هۆرنىسا قاسىم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن سىياسىي فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** كىرىم تەقسىماتى مەسىلىسى خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال، جانىجان مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان مەسىلە. مۇۋاپىق كىرىم تەقسىماتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مۇۋاپىق كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، جەمئىيەت ئادىللىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. لېكىن، بۇ خىل ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقى قەدەممۇ-قەدەم چوڭىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

**摘要：** 收入分配问题涉及到人民最关心，最直接，最现实的切身利益。合理的 收入分配既有利于提高经济效率，又有利于充分发挥各方面的积极性。合理的收入分配制度是全体人民的共同愿望，也是社会公平的重要体现。但这种愿望在现实生活中却在一步步地拉大。在这种情况下，扩大中等收入者的比重是时代的迫切需要。

**Abstract:** The income distribution directly involves vital interests of people. Therefore, an equal income distribution both improves economic efficiency and has been a common dream for the people at the same time. That's why it has been seen as an indicator of social equality by society. However, the inequality of income distribution recently, is giving a rise to the income polarization. Under such circumstance, enlarge the proportion of middle-income earners becomes urgently needed.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F21 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ GDP ئومۇمىي كىرىمى دۇنيا بويىچە 2- ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بىر بالداق ئۆرلىدى، 2012- يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 52 تىرىلىيون 932 مىليارت 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى، ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى، خەلقئارادىكى تەسىرى زور دەرىجىدە ئېشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىدە يېڭى تارىخىي ئۆزگىرىش بولدى. شەھەر- يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە داۋاملىق ئاشتى. لېكىن تەقسىمات ئادىل بولماسلىق، كىرىم پەرقى چوڭ بولۇش مەسىلىسى پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلاندى. شۇڭا كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىپ، كىرىم پەرقىنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. 12- بەش يىللىق پىلان تۈزۈلۈش ئالدىدا پارتىيە - ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 2002- يىلى پارتىيەنىڭ 16- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم ئېنىق قىلىپ «ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 16- نۆۋەتلىك 6- ئومۇمىي يىغىنىدا كىرىم تەقسىماتىنى ماكرو جەھەتتىن كونترول قىلىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئىجتىمائىي ئادىللىققا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، «2020- يىلغا بارغاندا مۇۋاپىق، تەرتىپلىك كىرىم تەقسىماتى ۋەزىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈش» تەلەپ قىلىندى. پارتىيە

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 23- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: هۆرنىسا قاسىم(1969 -يىلى 2-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئىقتىساد ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

17 ـ قۇرۇلتىيىدا ئېنىق قىلىپ «دەسلەپكى تەقسىمات ۋە قايتا تەقسىماتتا ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، قايتا تەقسىماتتا ئادىللىققا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2010 ـ يىلى مەركەز رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم كىرىم تەقسىماتى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى يىغىنلاردا سۆزلىگەن بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويدى. زۇڭلى ۋېن جياباۋنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلى 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلغان «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا كىرىم تەقسىماتى پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، يوقىلىدىغان نامراتلارنى زور دەرىجىدە ئازايتىش، ئاھالىنىڭ كىرىمىنى تۇرلۇك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆپەيتىپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى 2010 ـ يىلىدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نىشاندا ئاھالە كىرىمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېشىشىنى، ئەمگەك ھەققىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپى تېخىمۇ ئېنىق تەكىتلەندى. ھەممە خەلقنى تەرەققىيات مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، كىرىم تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى. بۇ خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان ئاساس خاراكتېرلىك ھالقا بولۇپ، بۇنىڭ يادروسى ـ سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە كىرىم تەقسىماتى شارائىتىدا، خەلقنىڭ كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، قايتا تەقسىماتنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاھالىلەرنىڭ كىرىم تەقسىمات پەرقى يەنىلا بىرقەدەر چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يىغىنلاردا ئىدىيە كىرىم تەقسىماتى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، تەقسىمات ۋەزىيىتىنى ياخشىلاشقا نىشان كۆرسىتىپ بەردى.

## 1. ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر سانىنى ئاشۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى

**1) پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ كىرىم تەقسىماتى ئىسلاھاتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، كىرىم تەقسىماتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ جىددىي تەلىپى.**

كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي فاكتىنى — ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ نىشانى — كىرىم تەقسىمات پەرقىنى كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭ بۇرۇنلا سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەمەس، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كۆرسەتمىگە ماس كېلىدىغان تەقسىمات قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى دەل «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىدۇر. «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتى دېگىنىمىز، ئىككى بېشى كىچىك، ئوتتۇرىسى چوڭ دېگەنلىك بولۇپ، ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بايلار قاتلىمى بىلەن نامراتلار قاتلىمىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان، خۇددى زەيتۇن شەكلىدەك كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كىرىم تەقسىماتىنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش، «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل ئىزدەنگەن نىشان ۋە فاكتىن. شۇڭا بۇ سىياسەت ۋە فاكتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش نۆۋەتتىكى زور سىياسىي ۋەزىپە.

**2) ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كىرىم تەقسىماتى ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان گەۋدىلىك**

مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تۈزۈم ئورنىتىلىپ، كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس ھالدا ئۆزگىرىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشى توغرا بولغاچقا، ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى بولمىغان بولسا، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بولمىغان بولاتتى. لېكىن شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، كىرىم تەقسىماتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەچكە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، كىرىم تەقسىماتى ساھەسىدە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەدرىجىي يىغىلىپ قالدى. (1) ئاھالىلەرنىڭ كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىش يۈزلىنىشى تۈپتىن ئۆزگىرىپ بولالمىدى. شەھەر بىلەن يېزا، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەر ئارىسىدىكى كىرىم پەرقى ۋە ئاھالىلەر كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق يەنىلا بىرقەدەر چوڭ. (2)مىللىي دارامەتنى تەقسىملەش ئەندىزىسىدە ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ئاھالە كىرىمىنىڭ مىللىي دارامەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىلەن ئەمگەك ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2000-يىلىدىن 2010-يىلىغىچە بولغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىستاتىستىكا جەدۋىلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئەمگەك ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتىكى نىسبىتى 53.3% تىن % 47.8 كە تۆۋەنلىگەن، مىللىي دارامەتتە ھۆكۈمەت كىرىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 14.5% تىن 18% كە كۆتۈرۈلگەن، كارخانىلار كىرىمىنىڭ نىسبىتى % 17.9 تىن 21.6% كە كۆتۈرۈلگەن، ئاھالىنىڭ كىرىم نىسبىتى 67.6% تىن 60.4% كە تۆۋەنلىگەن. (3)كىرىم تەقسىمات تەرتىپى قېلىپلاشمىغان. قىسمەن ساھەلەردىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ كىرىمى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى بىلەن بولغان پەرقى بەكلا چوڭ. بەزى ساھەلەر قانۇن ئىزىغا سېلىنمىغان، تۈزۈم قېلىپلاشمىغان، باشقۇرۇش قاتتىق بولمىغانلىقتىن، تۈرلۈك يوشۇرۇن كىرىم كۆپىيىپ كەتكەن. تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش، ئۆي-زېمىن كەسپى، كاپىتال بازىرى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ساھەلەردە ئېچكى قىسمىدا سودىلىشىش، بازارنى تىزگىنلەش، سودا پارىخورلۇقى قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەسىلىلىرى بىرقەدەر ئېغىر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، چىرىكلىشىش ھادىسىسى تېخى تۈگىتىلگىنى يوق. ھوقۇق بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بىرقىسىم جامائەت باشقۇرۇش ساھەسى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا ھوقۇقنى تايىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق- پۇل سودىسى قىلىش مەسىلىلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك، چىرىكلىشىش دېلولىرىغا چېتىلغان پۇل ناھايىتى كۆپ بولغان، مەسىلەن، شىنخۇا تورىنىڭ 2013- يىلى 2- ئاينىڭ 2- كۈنى ئېلان قىلىنغان خەۋىرىدە: جياڭشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق مۇئاۋىن كاتىبات باشلىقى ۋۇ جىمىڭ ئالغان پارا 47 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئۇ تەپتارتماي، مەن دەسلەپتىلا ئەمەلدار بولۇپ بېيىشنى ئىستىگەنىدىم دېگەن. جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش بەلگىلىك تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بىر تەرەپتىن، جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەت. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودىكى مۇتلەق نامرات نوپۇس 40 مىليوندىن ئاشىدۇ، 270 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە تۆۋەن كىرىملىكلەرگە كىرىدۇ. جۇڭگودا كىرىم پەرقىنىڭ زىيادە چوڭىيىپ كېتەلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شۇڭا كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىرىم پەرقىنى كىچىكلىتىش كېرەك.

**3) ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى.**

ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر قاتلىمى دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەرگىزمۇ نوقۇل ئىقتىسادىي ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ ھەم كىرىم سەۋىيەسى ئوتتۇراھال، تۇرمۇش سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئىجتىمائىي توپنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، شەخسىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىجتىمائىي توپنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆسكەندىن كېيىن، ئوتتۇراھال كىرىم قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىمۇ ماس ھالدا ئۆسىدۇ-دە، پارتىيە-ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغان قىممەت قاراش ۋە ئىجتىمائىي نىشانغا ماسلىشالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باشقا ئىجتىمائىي توپقا نىسبەتەن ئۈلگە بولۇش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىك كۈچلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

## 2. ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى

**1) سىياسەت جەھەتتە، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىدا قالغانلىقتىن، مائاش تۈزۈمى مۇكەممەللەشمىدى. كارخانىلارنىڭ مائاش بېكىتىش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى بەكلا تۆۋەن، ئۆز بېشىمچىلىق ئېغىر. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارقىدا قالغانلىقتىن، ئوخشاش رايون، ئوخشاش ئىش ئورنى، ئوخشاش ئىشقا بېرىلىدىغان ھەق بىلەن ئوخشاشمىغان رايون، ئوخشاشمىغان ئىش ئورنىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئىش ھەققىنى بېكىتىش ھەم تەڭشەشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مېخانىزم تېخى بەرپا قىلىنمىدى. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مائاشتىن سىرتقى كىرىمى، پۇلدىن باشقا پاراۋانلىقنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، مائاشنىڭ نورمال ئېشىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر كىرىمىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى كىرىم تەقسىمات ساھەسىدىكى كۆرۈنەرلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. مائاش ئەمگەكچىلەر ھەققىنىڭ مۇھىم شەكلى، مائاشىنى ئۆستۈرۈش ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى بولۇپمۇ، ئوتتۇرا-تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەر خىل ئىجتىمائىي كاپالەت ئۆلچىمىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ مال-مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىمى بولۇشىغا شارائىت ھازىرلاش كېرەك. ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بىر تۈركۈم كىچىك كارخانا خوجايىنلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلغان ھالدا كۆپرەك قۇرۇلسا قۇرغۇچىلار كىرىمگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، تەدرىجىي ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىغا قېتىلىدۇ، ھەتتا ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قىسمەن تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىش بوسۇغىسىنى پەسەيتىش؛ ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار، پۇقراۋى ئىگىلىك، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ پۇل-مۇئامىلە، سۇغۇرتا مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش؛ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى مۇۋاپىق يۆلەش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش كېرەك. ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىمۇ قوللاش كېرەك. 2008-يىلى مەملىكىتىمىزدىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ سانى 29 مىليون 17 مىڭغا يېتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 3.8% نى تەشكىل قىلغان. يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى قوللاپ، ئۇلارنى ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرگە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانلارنى كۆلەم ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. 2002-يىلىدىن 2009-

يىلىغىچە يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2476 يۈەندىن 5153 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى 7.2% بولغان. بۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى يېزا ئائىلىلىرى كىرىمى ئەڭ تېز ئاشقان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ۋە يېزا-ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سىياسىتىنى كەڭ يولغا قويۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئاكتىپ قوللاپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**2) ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەر توپىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.**

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاپلىنىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، كاپالەتلەندۈرۈش تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان زامانىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى نوپۇسنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، نامرات نوپۇس سانىنى كونترول قىلىش ۋە ئازايتىش ھەمدە ئوتتۇرا ھال كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن قاپلىنىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە، يېزىلاردا شەھەرلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنغىنى يوق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت بايلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش نىسبىتى شەھەر ئائىلىلىرىدىن يەنىلا تۆۋەن. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەت سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، يېزىلاردىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش تۈزۈمى، يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈزۈمى، نەپىقە تۈزۈمى، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە تۈزۈمى قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈملىرى ئارقىلىق، يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، نامرات نوپۇسنىڭ سالمىقىنى تەدرىجىي ئازايتىش كېرەك. شەھەرلەردە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى باي-نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىشنى بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىپ، شەھەرلەردىكى ئىشتىن قالغانلار، ئىشسىزلار قاتارلىق تۆۋەن كىرىملىك توپلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى مەسىلىسىگە ئوقتىلىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىدىن بەھرىمەن قىلىش لازىم. بىر تەرەپتىن شەھەرلەردىكى تۆۋەن كىرىملىكلەر توپىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن قىسمەن ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەرنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۆۋەن كىرىملىكلەر قاتارىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

**3) ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.**

ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، شەھەر - يېزا تەرەققىياتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر - يېزا پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، شەھەر- يېزىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ دېھقانلارنى زامانىۋىلىشىشنىڭ مېۋىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى، ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، يەر ئېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يەر ئېلىش دائىرىسىنى تارايتىپ، ئېلىنغان يەرلەرگە تولۇقلىما بېرىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يەرلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش يەرلىرى بىلەن

ئوخشاش ھوقۇق، ئوخشاش باھادا بولۇشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەر قوشۇلما قىممەت كىرىمىدىن دېھقانلارغا تەقسىم قىلىنىدىغان نىسبەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەھەر يېزىنى يېتەكلەيدىغان، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، شەھەر بىلەن يېزا بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىچە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**4) ئۆي-مۈلۈك بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مائارىپ، سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.**

ئۆي باھاسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى كونترول قىلىپ، ئۆي باھاسى بىلەن مائاشلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىسىدا تەدرىجىي ھالدا مۇۋاپىق نىسبەت مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مائارىپ، سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ تەربىيەلىنىش چىقىمى ۋە داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كېتىشىنى كونترول قىلىش؛ كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا-تۆۋەن كىرىملىكلەرگە بولغان ئۆي باھاسى قىممەت بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇش تەس بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت ھەم تەس بولۇشتەك «ئۈچ چوڭ تاغ»نىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھۆكۈمەت يەنە كىرىم تەقسىمات تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنلۇق كىرىمنى قوغداش، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، زىيادە يۇقىرى كىرىمنى تەڭشەش، قانۇنسىز كىرىمنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق قانۇن-نىزاملار، ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئوچۇق-ئاشكارا، ئادىل، مۇۋاپىق بولغان كىرىم تەقسىمات تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، رىقابەت مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، مونوپول كەسىپلەر ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى تېزدىن توسۇش كېرەك. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا كەسىپى ئورۇنلارنىڭ مائاش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش، مائارىپ، بولۇپمۇ يېزا مائارىپىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق «زەيتۇنسىمان» كىرىم تەقسىماتى ۋەزىيىتى بەرپا قىلىشنى كۆپ تەرەپلىمە قوللاش لازىم.

پارتىيەمىز خېلى بۇرۇنلا، 2020-يىلىغا بارغاندا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىنى بېكىتكەن ئىدى. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇساپىسىدە، مەيلى ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ پەرقىنى تۈگىتىش، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىپ خەلقنى تىنچ، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش بولسۇن ياكى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيەۋى-ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە ساغلاملىق ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش بولسۇن ھەممىسى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان «زەيتۇنسىمان» تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئاھالىنىڭ كىرىمىنى تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن كۆپەيتىپ، كىرىم تەقسىماتى پەرقىنىڭ زورىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىگە قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگەندىلا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. پارتىيە 18-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى 12-ئاي، 1-نەشرى.
2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 18-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىلى 11-ئاي 1-نەشرى.
3. پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال-جاۋابلار، مىللەتلەر نەشرىياتى. 2012-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى.
4. 苏海南， 常风林:《构建“橄榄型”分配格局》时事报告 大学生版 2010—2011 学年度 1 期。
5. 汪同三， 张涛:《如何看当前经济形式》，时事报告 大学生版 2010—2011 学年度 2 期。
6. 赵丽萍:《税制公平与公平收入分配》，税务研究， 2008 年第 1 期。
7. 青草:《渴望缩减的收入差距》，就业与保障， 2010 年第 1 期。


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

第 34 卷第 3 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　34 ـ يىللىق 3 ـ سان
2013 年 9 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 04- 047- 03(2013) 5878 -1005

# ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا*

خەلچەم ئەمەت

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر كافېدراسى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** پارتىيە 17- قۇرۇلتىيىدىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىغا بۇرۇلۇش ھەققىدىكى مۇلاھىزە قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى، پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىدا بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇسۇلى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تۈپ تەلىپى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 12- بەش يىللىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تەۋرەنمەي ماڭىدىغان يول. بۇ ماقالىدا ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ ھەم ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا مېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：** 党的 17 大以后，从经济增值方式转变为经济发展方式是成为了我国理论界议论的热点，在党的 18 大这点更突出和肯定。经济发展是增强我国综合国力、不断改善民生和全面综合发展的永久之路，是科学发展观的基本要求以及实现我国“十二.五”计划的坚定不移的道路。本文对经济发展和经济增值的关系进行讨论，并阐述走上经济发展方向的必要性。

**Abstract:** After the Seventeenth CPC National Congress, the focus had been shifted from economic appreciation to economic development. In Eighteenth CPC National Congress, the idea has been further highlighted and confirmed. As the permanent strategy to enhance comprehensive national strength and continuously improve people's livelihood, the economic development strategy is required to being a perseverance path in “The 12th Five-Year Plan”. This paper mainly discusses the relationship between economic appreciation and economic development, and points out the necessity of applying the economic development strategy.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F01　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

پارتىيە 17- قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىغا بۇرۇلۇش ھەققىدىكى مۇلاھىزە قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى، پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىدا بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. 17- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىغا بۇرۇلۇش ھەققىدىكى بايان دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم كۆرسەتمە ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن ئىلمىي تېما بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ھەم ياخشى ھەم تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساس سېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا بۇراش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ھەمدە پارتىيەمىزنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ

---

*بۇ ماقالە 2012- يىلى 12- ئاينىڭ 22- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: خەلچەم ئەمەت (1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىي ئىقتىساد ئوقۇتۇشى ۋە رايونلار ئىقتىسادى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يەنە بىر بالداق ئۆسكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىدا يول باشلاش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۆز ئارا باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق بولغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلارنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمما ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە بىر قەدەر بۇرۇن تەتقىق قىلىشقا باشلانغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا ئىقتىسادىي نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىر ئۇقۇم دەپ قارالغان. كېيىن ئۇلار پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ كۆپىيىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىدى، ئەمما بۇ قاراش كېيىن يەنە ئىنكار قىلىنغانلىقتىن، بۇ مەسىلە بۈگۈنگە قەدەر مۇجمەل بولۇپ كەلگەن ئىدى. يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيە 17- قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق ئىككى ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش لازىم. بۇ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەخىرسىز ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە»[1] دەپ كۆرسەتتى. دېمەك ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كۆپىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلماسلىق ھالىتىدىن تەرەققىي قىلىش ھالىتىگە ئۆتۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ باغلىنىشى

ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش سانلىق قىممەتكە مەھىل ئۇقۇم بولۇپ، ئادەتتە سېلىنما بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ سېلىشتۇرما سانى، سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشى، مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى سېلىنمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنى سېلىنما مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەلالىششى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىنىڭ سېلىنىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىغاندا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئىگىلىنىشى ۋە سەرپ قىلىنىشى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەقسىملىنىشىنى ئەلالاشتۇرۇش، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئادەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا كۆپرەك نەزەرگە ئېلىنىدۇ. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئادەتتە يېرىكلىكتىن تۈجۈپىلەشكە، ئىسراپ بولۇشتىن تېجەشلىككە، يىغىپ ئېيتقاندا سىيلىق راۋاجلىنىشقا قاراپ بۇرۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇقۇمى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا نەزەرگە ئېلىنىشى لازىم.

## 2. ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پەرقى

ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭىيىشقا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىشىشكە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئۆزگىرىشىنى تەكىتلەيدىغان، سان

ئۆزگىرىشى بىلەن سۈپەت ئۆزگىرىشىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇقۇم. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سېلىنما مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، قۇرۇلمىسى، سۈپىتى، ئۈنۈمى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، تەقسىمات، ئىستېمال، ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما قاتارلىق كۆپ تەرەپنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇڭا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئىقتىسادنىڭ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، مۇھىمى ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ماسلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكى ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش دېگەنلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش نۆۋەتتە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئامىللىرىنى تەقسىم قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلمىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا يىرىك باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشنى تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا بۇراش، پەن ــ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەن ـ تېخنىكا مىقدارىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەردىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مەركەزنىڭ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ نىسبەتەن ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ دېگەندەك مۇۋاپىق بولماسلىقى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا سۈپەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يۇقىرى بولماسلىقى، بايلىق مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى تېزلىتىشكە توسقۇنلۇق قىلىشى، ئىستېمال، مەبلەغ سېلىش، ئېكسپورت قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش جەريانىدىكى رولىغا تازا ماسلىشالماسلىقى، تەقسىماتنىڭ يەنىلا مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، كىرىم پەرقىنىڭ بەك چوڭىيىپ كېتىشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سەۋەب بولغان. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادنى ئىلمىي تەرەققىي قىلىش ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن، چوقۇم تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاساسلىق سېلىنما، ئېكسپورتنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا تايىنىشتىن ئىستېمال، سېلىنما، ئېكسپورتنىڭ ماسلىشىپ يېتەكلىشىگە تايىنىشقا، ئاساسلىق ئىككىنچى كەسىپنىڭ يېتەكلىشىگە تايىنىشتىن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ماسلىشىپ يېتەكلىشىگە تايىنىشقا، ئاساسلىق ماددىي بايلىق سەرپىياتىنى ئاشۇرۇشقا تايىنىشتىن، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىشقا يۈزلىنىش كېرەك»[2] دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەرەققىيات نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي قارار بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەت بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتىشى ۋە ئىجرا قىلىشى كېرەك. بۇ دۆلىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئەندىزىسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تۈپ تەلىپى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ 12 ـ بەش

يىللىق پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يەنىلا تەۋرەنمەي ماڭىدىغان يول. شۇڭا پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا «ئىقتىسادنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، ئاندىن دۆلەتنى گۈللەندۇرۇش، قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئامانلىقىنىڭ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنىڭ ماددىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ»[3] دەپ كۆرسىتىلىپ بۇ نۇقتا يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

## ئىزاھلار

[1][2] خۇ جىنتاۋ:«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 17 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 ـ ، 32 ـ بەت.
[3] خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 18 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 ـ ، 30 ـ بەت.

## پايدىلانمىلار

1. خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 17 ـ قۇرۇلتىيى»دا بېرىلگەن دوكلات.
2. « 17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتى چۈشەندۈرۈش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
3. خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 18 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى 29 ـ 30 ـ بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

### تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر غەزەل ھەققىدە» ناملىق ماقالىدىكى «دىۋانى گۇمنام»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «دىۋانى مەشھۇرى» لار مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن «دىۋانۇ گۇمنام»، «دىۋانۇ نەۋبەتى»، «دىۋانۇ مەشھۇرى» دەپ ئېلىنىپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇشقۇچىلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى**

ماقالە نومۇرى: 1005 _5878 (2013)03 _051 _11

# بابۇر ۋە تىلشۇناسلىق*

يۈسۈپ ئىگەمبەردى تىلتېكىن

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزى بارغان ۋە تۇرغان جايلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، ھايۋانات- گىياھلىرى، بايلىقلىرى، ئاسار- ئەتىقىلىرى، گۈزەل يەرلىرى، مەشھۇر ئادەملىرى، خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، مەدەنىي ھاياتى، ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ- ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ. ئەسەردە مەقسەت ساددا ئىبارىلەر ۋە يەڭگىل جۈملىلەر بىلەن خۇددى بابۇر ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئۇسلۇبتا بايان قىلىنىدۇ. بابۇر گەرچە تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەر يازمىغان بولسىمۇ، «بابۇرنامە»دىن ئۇنىڭ تىلشۇناسلىققا دائىر قاراشلىرى ۋە ئەمگەكلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە «بابۇرنامە»دىكى تىلشۇناسلىققا ئائىت پارچە ۋە ئابزاسلارغا تايىنىپ بابۇرنىڭ تىل قارىشى ۋە «بابۇرنامە»دىكى تىلشۇناسلىق ئىدىيەلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要:** 本文就《巴布尔回忆录》中的有关语言学的段落、篇章分析巴布尔的语言观与《巴布尔回忆录》中的语言学思想。

**Abstract:** By running discourse analysis and studies linguistic paragraphs, this paper points out the linguistic views of "Babur's Memoirs".

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر تىلشۇناسلىققا دائىر مەخسۇس ئەسەر يېزىپ قالدۇرمىغان. لېكىن ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىدىكى كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسى ۋە تىللارنىڭ ئۆزىدىكى قىسمەن ھادىسىلەر بابۇرنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر قىلىپ كەلگەن. بۇ بابۇرنىڭ ھايات پائالىيىتىدىن ۋە قامۇسىي ئەسىرى «ۋەقايى»(«بابۇرنامە ») سىدىن تىلشۇناسلىققا دائىر بىر بۆلۈك قىممەتلىك مەلۇماتلاردىن بىلىنىدۇ.

## 1. تىل قارىشى

### 1) تىل پوزىتسىيەسى

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئانا تىلىنى سۆيگۈچى ئىدى. ئۇ ئانا تىل، ئەرەب تىلى، فارس تىلىنى بىلگۈچى ھەمدە بۇ ئۈچ تىلدا راۋان سۆزلىگۈچى، يازغۇچى بولسىمۇ ئانا تىل سۆيگۈسى ئۇنىڭ تىل پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئۇ كابۇلدا ھاكىمىيەت قۇرۇپ ھىندىستانغا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بولغان پۈتۈنلەي فارس ۋە ھىندى تىلىدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەر نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئىگىلەيدىغان مەملىكەتكە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردىمۇ ئانا تىلىنى ئىشلەتكۈچى بولغان. ئانا تىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغان.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «ۋەقايى» («بابۇرنامە ») سىدە ئۇيغۇر ئالىمى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تىل پوزىتسىيەسى ھەققىدە ئەندىجان توغرىسىدا يازغاندا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ. «ئاھالىسى تۈرك، شەھىرى بىلەن بازىرىدا تۈركچە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. خەلقىنىڭ تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ھىرىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ تىل بىلەن يېزىلغان» دەپ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شۇ دەۋردە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى تىلىنى ئۆلچەم

*بۇ ماقالە 2012- يىلى 10- ئاينىڭ 25- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتور:** تىلتېكىن يۈسۈپ ئىگەمبەردى (1974- يىلى10- ئاينىڭ 7- كۈنى تۇغۇلغان) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2009- يىللىق «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى»كەسپى «ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى» يۆنىلىشىنىڭ دوكتورانتى، لېكسىكولوگىيە، لۇغەتشۇناسلىق ۋە قەدىمكى ئەسەر تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

قىلماستىن بەلكى نۇتۇق ئىقتىمدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئاز يۈز بېرىدىغانلىقى بىلەن «خەلقنىڭ تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ»غان ئەندىجان شېۋىسىنى ئۆلچەم قىلغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ تار يۇرتۋازلىق ياكى ئىلمىي بولمىغان تىل پوزىتسىيەسىدە ئىجادىيەت تىلى ياراتمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دەرھەقىقەت نەۋايى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھىرىدا شۇ دەۋردە تۈركىيلەر بىلەن فارسلار ھەتتا قىسمەن ئەرەبلەر ياشىغاچقا تىللارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى كۈچلۈك بولغان. شۇڭا ئەندىجاندىكىدەك «خەلقنىڭ تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ»غان ئەھۋال بولماي قالغانلىقى، يەنى نۇتۇق ئىقتىمدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى بىلەن بابۇرنىڭ ئەندىجاندىكى تىلنى «خەلقنىڭ تىلى (ئەسلىي مەتىندە «ئەلفازى») يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ» دېگەن قۇرلارنى يېزىشى ئارقىلىق ئىپتقلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەلىشىر نەۋايى «كىنىدىك قېنىم تۆكۈلگەن يەرنىڭ تىلى» دەپ ئەزۋىيلەپ ئولتۇرماستىن ئومۇمىيلىقنى ھەمدە يات تىل تەسىرىگە نىسبەتەن ئاز ئۇچرىغان رايون شېۋىسىنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. بابۇر ئەندىجاندىكى تىل ئەھۋالى ھەققىدە گەپ يورۇتۇۋاتقىنىدا «ئاھالىسى تۈرك، شەھىرى بىلەن بازىرىدا تۈركچە بىلمەيدىغان ئادەم يوق» بولغان كىشىلەر توپىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بابۇرنىڭ «بابۇرنامە»دە «ئەندىجاندىكى تاغ ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇر مەجەم دېگەن ئىككى تاغ ئېتىكى بار»[1] دېگىنىمۇ كۆزىمىزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بابۇرمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇشۇ ئەندىجان شېۋىسى بىلەن ئەسەر ياراتقان. بابۇرنىڭ ئەندىجان شېۋىسىگە مايىللىقى ئۇنىڭ ھىجرىيە 910ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1504ـ 1505) بولغان ئارىلىقتىكى ئەندىجانلىقلارغا ئېتىبار بېرىش خاھىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بۇ «بابۇرنامە»دە «نەگىرى دۆلەت بەرسىلا مېھمان، مۇساپىر، بەگ ۋە يىگىتلەرنى ئۆز تۆھپىكارلىرىمدىن ھەم ئەندىجانلىقلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ كەلدىم. شۇنىڭغا قارىماي، بەزىلەر يەنە تۆھپىكار ۋە ئەندىجانلىقلاردىن باشقىسىغا ئېتىبار قىلمايدۇ دەپ غەيۋەتنى قىلىدىكەن.»[2] دېگەن بايانلار بىلەن ئەكس ئېتىدۇ.

**2) تىل ئورنىنى قېلىپلاشتۇرۇش**

بابۇر كابۇل ۋىلايىتىگە كىرگەندىن كېيىن يازغان «ۋەقايى» («بابۇرنامە»)سىدە كابۇل ۋىلايىتىدىكى ئەلفازلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ «كابۇل ۋىلايىتىدە ھەر خىل قوۋملار بار. تۈزلەڭلىرىدە تۈركىيلەر، ئەيماقلار ۋە ئەرەبلەر بار. شەھىرىدە ۋە بەزى يېزىلىرىدا سارتلار بار، بەزى يېزىلىرىدا پەشاي، پەرانەچى، تاجىك، بەرەكى ۋە ئافغانلار بار. غەزنى تاغلىرىدا ھەزارە ۋە نەكدەرىلەر بار. ھەزارە ۋە نەكدەرىلەرنىڭ ئىچىدە بەزى قەبىلىلەر موغۇل تىلىدا سۆزلىشىدۇ. شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى كەتتۇر، گەبرەك قاتارلىق تاغلىق يەرلەر كافىرىستان، جەنۇبى بولسا ئافغانىستاندۇر.

كابۇل ۋىلايىتىدە ئەرەبچە، فارسچە، تۈركىيچە، موغۇلچە، ھىندىچە، ئافغانچە، پەشايچە، پەراجىچە، گەبەرىچە، بەرەكىچە، لەمغانچە بولۇپ ئون ئىككى خىل تىل قوللىنىلىدۇ. ھېچقانداق بىر ۋىلايەتتە مۇنداق خىلمۇخىل قوۋم ۋە پەرقلىق تىللارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. [ئۇ 244ـ 245ـ بەت]» دەپ يېزىپ ئاشاغى تۈركىستاندىكى ئەلفازلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئەلفازلارنىڭ ئەرەبچە، فارسچە، تۈركىيچە، ھىندىچە، ئافغانچەنىڭ ئۆز يېزىقى بار ئىدى، قالغانلىرىدىن موغۇلچە يېزىقسىز، پەشايچە، پەراجىچە، گەبەرىچە، بەرەكىچە، لەمغانچە بولسا شېۋە ياكى يەرلىك تەلەپپۇزلار ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا بابۇر ئەرەب تىل ـ يېزىقىنى پەقەت دىنىي سورۇنلاردىلا ئىشلىتىلگەن تىل ـ يېزىق قىلغان. فارس تىل ـيېزىقى بىلەن تۈركىيچە دەپ ئاتالغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل ـ يېزىقى قىلىپ قېلىپلاشتۇرغان، بۇنىڭغا «ۋەقايى» («بابۇرنامە»)گە كىرگۈزۈلگەن ھىجرىيە 933ـ يىلى (1526ـ 1527) جەمادىيەلئاخىر ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىدە فارسچە پۈتۈلگەن «فەتھنامە»، ھىجرىيە 912ـ يىلى (1506ـ 1507) مۇھەممەد ئەندجانىي تۇغچى ئارقىلىق كابۇلدىكى بەگلەرگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ (قارار)، ھىجرىيە 925ـ يىلى(1519) ھافىز مىر كاتىبنىڭ ئاغىسى سەمەرقەندگە قايتاردا دىۋانىنىڭ ئارقىغا يازغان سالامنامە

تەرىقىسىدىكى قىتئە، بۇجۇردىكى خاجە كالانغا سۇلتان تەراھىدىن ئەۋەتىلگەن پەرمان، ھىجرىيە 933- يىلى (1526- 1527) كابۇلدىن ئەۋەتىلگەن بابۇرنىڭ غىزاسىغا زەھەر سالغانلىق مەزمۇنى سېلىنغان مەكتۇب دەلىل بولالايدۇ. بابۇرنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا فارسچە بىلەن تۈركچە تەڭ ئىشلىتىلگەن. مىسالى:

«چارشەنبە كۈنى سەبۇھى قىلغاندا قىزىقچىلىق ئۈچۈن ‹كىم سارتچە ئېيتسا بىر قەدەھ ئىچسۇن› دېيىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپ كىشى قەدەھ كۆتۈردى. سۈننەت ۋاقتىدا چىمەن ئوتتۇرىسىدىكى تاللار ئاستىدا ئولتۇردۇق. بۇ يەردە ‹كىم تۈركچە ئېيتسا بىر قەدەھ ئىچسۇن › دېيىلدى. بۇ قېتىممۇ كۆپ كىشى قەدەھ كۆتۈردى. »[3]

بىز يەنە بابۇرىيلار قاغاناتىدىكى خەلقلەرنىڭ دەرىجىگە تىزىلىشى بىلەن شۇ خەلق ئىشلەتكەن مىللىي تىللارنىڭ بابۇرىيلار جەمئىيىتىدىكى ئورنىنىڭ قېلىپلىشىشىنى بىلىۋالالايمىز. ئىسخېما:

1- ئالىي ھۆكۈمدار، بابۇرنىڭ خان جەمەتى يەنى ئېسىلزادىلەر، تەبىقىسى ۋە بابۇرغا ئەگىشىپ كەلگەنلەر؛ 2- سەييىدلەر ۋە خاجەلەر؛ 3- تۈرلۈك تەسەۋۋۇپ تەرىقىتى ۋە جامائەلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ؛ 4- ئالىم، مۇھەددىس فەقىھلەر، قازىلار، مۇھەندىسلەر، 5- روھانىيلار: غازىيلار ۋە شەھىدلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى. 6- زىممىيلەرنىڭ ئۆز ئىچكى نەسىل - نەسەبىدىكىلىرى ؛ 7- ئافغانلارنىڭ ئېسىلزادىلىرى؛ 8- ھىندىي قۇللار، ئەسىرلەر چاكار، مەدىكارلار.

بابۇر ئافغانلار بىلەن ھىندىلارنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە تىزىدۇ. ئافغانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە تىزىلىشىغا تەركىلانى، غىلجى ئافغانلىرى، ئابدۇرەھمان، ئەفرىدى، خىزىر خەيل، پەنى، ۋەزىرى، ئىساخەيل ئافغانلىرى، ئافغانلارنىڭ دىلەزاك، يۈسۈفزىيى، كاكىيانى، مەھمەند، خۇگىيان قەبىلىلىرى بىلەن بولغان جەڭ، نىزا سەۋەب بولغان. بابۇر مۇنداق يازىدۇ:

«ئافغانلار بەك مەتۇ ۋە ئەخمەق خەق»[4]. «بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاسىي ئافغانلارغا قارشى قىلىنغان ئىدى. بۇ ئاسىيلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى ئېلىپ قاچتى. بەزىلىرى كېلىپ خىزمەتكارلىق ۋە قۇللۇقنى قوبۇل قىلدى. قالغان ئەھمىيەتسىز قىسمىمۇ بەنگالەنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. ئۇلارنى بەنگالىلىكلەر [بىر ياقلىق قىلىشنى] ئۆز ئۈستىگە ئالدى. »[5]

## 3. ئىستىلىستىكا

ئىستىلىستىكا پېنى ھەققىدە گەپ بولغاندا كىشىلەر دائىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئەسلىشىدۇ ياكى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىستىلىستىكا ئۆز ئىچىدىن جۈملە ئىستىلىستىكىسى، مورفولوگىيەلىك ئىستىلىستىكىغىمۇ بۆلۈنىدۇ. زەھرىددىن مۇھەممەد بابۇر سۆزنىڭ ساددا، راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى مورفولوگىيەلىك ئىستىلىستىكا قارىشى بولۇپ، سۆزنى توغرا تاللاش، توغرا ئىشلىتىش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بابۇرنىڭ سۆز ئىشلىتىشتە راۋان، توغرا تاللاش، توغر ئىشلىتىش، مۇۋاپىق، چۈشىنىشلىك، ئۈنۈملۈك بولۇش قارىشىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ھۇمايۇنغا يازغان مۇنۇ مەكتۇبىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ:

«... خېتىڭنى قىيىنلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ، لېكىن چۈشىنىش بەك تەس. نەسرىي مۇئەممانى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. ئىملايىڭ ئانچە توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن يامان ئەمەس. «التفات» ( التفات)نى «ط» (تا) بىلەن يېزىپسەن، «قولنج» ( قۇلۇنج)نى «ى» (يا) بىلەن يېزىپسەن. خېتىڭنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ. لېكىن چۈشىنىشكە تەس سۆزلىرىڭدىن مەقسىتىڭنى تولۇق ئۇققىلى بولمايدۇ. خەت يېزىشتىكى ھورۇنلۇقۇڭمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. تەكەللۇپ قىلاي دېسەن، شۇنىڭ بىلەن چۈشىنىش تەسلىشىدۇ. مۇندىن كېيىن بىتەكەللۇپ ۋە ئېنىق ۋە ئاددىي سۆزلەر بىلەن ياز، ئۆزۈڭگىمۇ، ئوقۇغۇچىغىمۇ جاپا كەلمەيدۇ...»[6]

مۇشۇ تەلەپنىمۇ بابۇر ئۆزىگە راۋا كۆرۈپ، شېئىرلىرىنى ئاددىي سۆزلەر بىلەن يازغان. مىسالى:

يانا بىر كۆز غېمىدىن خەستە كۆرەرمەن ئۆزنى،
يانا بىر زۇلفىغا ۋابەستە كۆرەرمەن ئۆزنى.

لەبىنىڭ ھەسرەتىدە زار تاپارمەن جاننى
كۆزىنىڭ فۇرقەتىدە خەستە كۆرەرمەن ئۆزنى،

كۆزىدىن ئول قاشى يا گەرچى مېنى سالدى يىراق،
لېكىن ئول ئاي قاشىدا پەيۋەستە كۆرەرمەن ئۆزنى.

زۇلفى زەنجىرىگە تا بولدى كۆڭۈل ۋابەستە،
شۈكر بابۇر كەبى ۋارەستە كۆرەرمەن ئۆزنى.

شۇ ۋەجىدىن بابۇرنىڭ مەيلى «ۋەقايى» («بابۇرنامە»)سى بولسۇن ياكى «دىۋانى بابۇرى»سى بولسۇن ئىزافەتلەر ئاز ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇقتىئىنەزەر يەنە نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا نىسبەتەن سېلىشتۇرما ھالەتتە ئېيتىلغان.

## 4. ئېتمولوگىيە

ئېتمولوگىيە يېنى سۆزلەرۋە سۆزلەملىك تەركىبلەرنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ۋە ئەسلىي مەناسى ئاساسىدىكى مەنا ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**1) يەر ـ سۇ ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيەسى**

بابۇر ئۆزىنىڭ «ۋەقايى» (« بابۇرنامە ») ناملىق ئەسىرى تارىخ ۋە كېيىنكىلەرگە ئۆزى بۇرۇن ياشىغان ۋە كېيىن ئىشغال قىلغان زېمىننى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەلۇمات بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەر بولغاچقا، ئەسەردە بىر قاتار يەر ـ سۇ ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيەسى ھەققىدە توختالغان. يەرناملىرىنىڭ ناملىنىشى ئارقىلىق يەر ناملىرى كۆرسەتكەن يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇلار:

(1) سەۋالەك:ـ بۇ تاغنى ھىند ئېلى سەۋالەق پەربەت دەپ ئاتايدۇ، ھىند تىلىدا «سەۋا»ـ رۇبئ (يەنى چارەك، تۆتتىن بىر)، « لەك»ـ يۈزمىڭ، «پەربەت»ـ تاغ. دېمەك تۆتتىن بىر لەك يەنى يىگىرمە بەش مىڭ تاغ دېگەنلىكتۇر [7] .

(2) كەندىبادام:ـ خوقەند تەۋەسىدە كەندىبادام دەيدىغان بىر يەر بار. بۇ يەرنى قەسەبە دېگىلى بولمىسمۇ لېكىن ئوبدان بىر قەسەبىچاق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە بادام بەك بولىدۇ. شۇڭا بادام كەندى دېگەن نامغا ئېرىشكەن[8] .

(3) ھادەرۋىش:ـ خوجەند بىلەن كەندىبادام ئارىلىقىدا ھادەرۋىش دېيىلىدىغان بىر چۆل بار. بۇ چۆلدە ھەمىشە شامال چىقىپ تۇرىدۇ. چۆلنىڭ شەرقىدە بولغان مەرغىنانغا دائىم بۇ يەردىن شامال بارسا، چۆلنىڭ غەربىدە بولغان خوجەندگە بۇ يەردىن شامال كېلىدۇ. بەزىدە بۇ چۆلدە قاتتىق بوران چىقىپ كېتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر نەچچە دەرۋىش مۇشۇ چۆلدە بوراندا قېلىپ، بىر ـ بىرىنى تاپالماي «ھادەرۋىش»، «ھادەرۋىش» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرۈپ ھەممىسى ھالاك بولغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ چۆل «ھادەرۋىش» دەپ ئاتىلىپ قالغانمىش[9].

(4) شەھرىسەبز:ـ كېش ۋىلايىتى سەمەرقەندنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى توققۇز يىغاچ كېلىدۇ. سەمەرقەند بىلەن كېش ئارىلىقىدا «ئېتمەك دابانى» دېيىلىدىغان بىر تاغ بار. تاشچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تاشلار پۈتۈنلەي مۇشۇ تاغدىن توشۇلىدۇ. باھاردا يېزىلىرى ۋە شەھەرنىڭ ھەممە يېرى ياپيېشىل بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن «شەھرى سەبز» (يېشىل شەھەر) دەپ ئاتايدۇ. [ئۇ 94ـ بەت]

(5) قەرشى:ـ قەرشى موغۇلچە ئات بولۇپ، «قەبرە» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئات چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

(6) كەشمىر:ـ كەشمىردىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ تاغدا پايانسىز ئەل، ئۇلۇس ۋە پەرگەنە، ۋىلايەتلەر بار. بەنگالە ھەتتا ھىندى دېگىزى بويىغىچە، بۇ تاغدا توپ توپ خەلقلەر ياشايدۇ. ھەرقانچە سۈرۈشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھىندىستانلىقلاردىن ھېچكىم بۇ قەبىلىلەر ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىدى. پەقەت بۇ تاغ ئاھالىسىنى «كەس» دەپ ئاتايدىغانلىقىنىلا ئېيتىپ بەردى. ھىندىستانلىقلار «ش»نى «س»دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى تەخمىن قىلدۇقكى بۇ

تاغدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر كەشمىر بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن باشقا شەھەرنى ئىشتىمگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى كەشمىر دەپ بىلگەن بولسا كېرەك[521- بەت]

(7)كانىگىل:- بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئوتلاقنىڭ ئەسلىي نامى «كانى ئابگىر» ئىكەن، بىراق، تارىخلاردا «كانىگىل » دەپ يېزىلىدۇ[10].

(8) مەسجىدى مۇقەتتەئ:- مەدرىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە مەسجىدى مۇقەتتەئ ناملىق بىر مەسچىد سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ « مۇقەتتەئ » دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭغا پارچە -پارچە ياغاچلارنى تاراشلاپ، مۇسۇلمانچە ۋە خىتايچە نەقىشلەرنى سالغان ئىكەن. [ئۇ89- بەت]

(9) چىنەخانە:- بۇ باغچىگە يەنە بىر كۆشك سالدۇرۇپتۇ. تېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپى پۈتۈنلەي چىنە خىش بىلەن قاپلانغانلىقى ئۈچۈن «چىنەخانە» دەپ ئاتايدىكەن. [ئۇ 91- بەت]

(10) مەسجىدى لەقلەقە:- سەمەرقەند قەلئەسىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قەدىمكى ئىمارەت بار بولۇپ، مەسجىدى لەقلەقە دېيىلىدۇ. مەسچىد گۈمبىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەرگە تەپسە، پۈتۈن گۈمبەزدىن «لەق- لەق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ[11].

(11)كۇھىجۇد:- بۇ تاغنىڭ يېرىمىدا جۇدلار، يېرىمىدا جەنجۇھەلەر ياشايدۇ. بۇ تاغنى جۇد بىلەن باغلاپ «كۇھىجۇد» دەپ ئاتاپتۇ[12].

(12) سىمىزكەند:- سەمەرقەندنى ئىسكەندەر بىنا قىلغان. موغۇل ۋە تۈرك ئۇلۇسى «سىمىزكەند» دەيدۇ[13]. بابۇرنىڭ بۇ ئىزاھى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھىغا ئوخشاش.

(13) هاتى پۇل:- هاتى پۇل يەنى پىل دەرۋازىسى بار ئىكەن. دەرۋازىدىن چىقىدىغان يەرگە ئۈستىدە ئىككى پىلچى ئولتۇرغان بىر پىلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپتۇ. پىلنى بەك ئوخشىتىپ سىزىپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «هاتى پۇل» دېيىلىدىكەن[14].

(14) كەمانى چاچى:- تاشكەندنى كىتابلاردا «شاش» دەپ يازىدۇ، بەزىدە «چاچ» دەپ يازىدۇ. «كەمانى چاچى» (چاچ ياسى) ئەنە شۇ سۆزدىن كەلگەن.

(15) تۇل:- بۇ ئۈچ ئۆتكەلدىن ياخشىراقى «تۇل» ئۆتكىلىدۇر. بىراق يولى بىر ئاز ئۇزۇنراق، شۇڭا تۇل دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك[15].

(16) كوھىسەفىد:- كوهى سەفىد تېغى نىگەرھارنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، بەنگەش بىلەن نىگەرھەرنى مۇشۇ تاغ ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىن ئاتلىق ئادەم ماڭالمايدۇ. توققۇز ئېقىن مۇشۇ تاغدىن باشلىنىدۇ. بۇ تاغدا ھەرگىز قار ئۆكسۈمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن «كوھىسەفىد» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك[16].

(17) غۇربەند:- تۇمەنلەردىن يەنە بىرى «غۇربەند» تۇمەنىدۇر. ئۇ ۋىلايەتلەردە ئۆتكەلنى «بەند» دەيدۇ. غۇر تەرەپكە مۇشۇ ئۆتكەل ئارقىلىق بارىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «غۇربەند» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك[17].

(18) يەنە بىرى غەزنى ۋىلايىتىدۇر. بۇ ۋىلايەتنى بەزەن تۇمەن دەپمۇ ئاتايدۇ. سەبۇقتېكىن بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ پايتەختى غەزنى بولغان ئىكەن. بەزىلەر «غەزنىن» دەپمۇ ئاتايدۇ[18].

(19) گۇسفەندلىيار:- بۇ يول ئاتلىقلار ماڭىدىغان يول ئەمەس، بەلكى قويچى ۋە پادىچىلار بەزىدە قوي - پادىلىرىنى ھەيدەپ ئۆتىدىغان يول ئىكەن. شۇڭا بۇ يولنى «گۇسفەندلىيار» دەپ ئاتايدىكەن. ئافغان تىلىدا يولنى «لىيار» دەيدۇ[19].

(20) شاھ كابۇل:- قەلئەنىڭ غەرب تەرىپىدە تاغنىڭ ئۈستىگە شاھ كابۇل بىر ساراي سالدۇرغىنى ئۈچۈن، بۇ تاغنى شاھ كابۇل دەپ ئاتايدۇ[20].

**2) هايۋان نامى ئېتىمولوگىيەسى**

(1) نىلەگاۋ:- ئېگىزلىكى ئاتتەك، لېكىن ئاتتىن ئىنچىكىرەك كېلىدۇ. ئەركىكى كۆك بولىدۇ، شۇڭا «نىلەگاۋ» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. [21] نىلە -كۆك، گاۋ- كالا.

(2) كۇتەھپاي:- چوڭلۇقى ئاق كىيىكتەك بولىدۇ ئالدى كەينى پۇتلىرى قىسقا بولىدۇ. شۇڭا «كۇتەھپاي» دەپ ئاتالغان. [22] كۇتەھ- قىسقا، پاي- پۇت.

(3) كەلەھرە:- جەرەننىڭ ئەركىكى ھۆنەگە ئوخشايدىغان بىر خىل كېيىك. دۈمبىسى قارا، قارنى ئاق بولىدۇ. مۈڭگۈزى ھۆنەنىڭكىدىن ئۇزۇن ھەم

تولۇق كېلىدۇ. ھىندىستانلىقلار ئۇنى «كەلەھەرە» دەپ ئاتايدۇ. ئەسلىدە «كەلاھەئەرەن» يەنى «قارا كېپىنەك» دېگەن سۆز ئىكەن. قىسقارتىپ «كەلەھەرە» دەۋاپتۇ.[23]

(4) مۇرغى جەڭگەل:ـ قاغا بىلەن سېغىزخاننىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قۇش. لەمغاناتتا بۇنى «مۇرغى جەڭگەل» دەيدۇ. بېشى بىلەن كۆكسى قارا، قانىتى بىلەن قۇيرۇقى قىزغۇچ، كۆزى قىپقىزىل بولىدۇ. ئۈچۈۋىشتا ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن ئورمانىدىن چىقمايدۇ. شۇڭا «مۇرغى جەڭگەل» دەپ ئاتايدۇ.[24]

(5) گەلە (بېلىق): ئىككى قولىقىدىن توغرىسىغا ئۈچ ئىلىكتەك ئىككى سۆڭەك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنى تۇتقاندا بۇ سۆڭەكلىرىنى تەۋرىتىدۇ. ئۇنىڭدىن يېقىملىق بىرئاۋاز چىقىدۇ. بەلكىم شۇ ئاۋاز مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى «گەلە» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.[25]

## 5. نام قويۇش

نام قويۇش قوللىنىشچان تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. بابۇر «ۋەقايى» («بابۇرنامە»)سىدە ئۆزىنىڭ ھەربىي كېمىلىرىگە نام بەرگەن ئەھۋالىنى مۇنداق يازىدۇ.

1) «قونالغۇغا چۈشكەندە كېمىلەرگە ئات قويۇلدى. ئەگەرەدە راناسەنگا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنراق ياسالغان تۆھپىكار چوڭ كېمىگە «ئاسايىش» نامى بېرىلدى. شۇ يىلى يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنراق ئارايىشخان بىر كېمە ياساتىپ تەقدىم قىلغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغىمۇ بىر تالار ياساتقان ئىدىم، ئۇنىڭغا «ئارايىش» نامى بېرىلدى. سۇلتان جەلالىدىن تەقدىم قىلغان كېمىگە چوڭ تالار ياساتقان ئىكەن. بۇ تالارنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر تالار ياساشنى بۇيرۇدۇم. بۇ كېمىگە «گۇجايىش» نامى بېرىلدى. باش تەرىپى ئۈستىگە ئېگىلگەن يەنە بىر كىچىك قېيىق بار بولۇپ ھەر خىل ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭغا «فەرمايىش» نامى بېرىلدى.[26]

## 6. سېمانتىكا

سېمانتىكا پېنى 1897 ـ يىلى فىرانسىيەلىك تىلشۇناس بولۋارنىڭ قەدىمكى يۇنان تىلىدىكى «sema» (بەلگە) سۆزىنى يىلتىز قىلىپ semantique دېگەن سۆزنى ياسىشى ۋە 1897 ـ يىلى «سېمانتىكا ھەققىدە ئىزلىنىش» دېگەن كىتابىنى نەشردىن چىقىرىشى بىلەن باشلانغان. سېمانتىكا ئۆز نۆۋىتىدە سۆزنىڭ مەنبەسى، سۆز ئاساسى، سۆز مەناسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۆچۈشى، كۆپ مەنالىق، مەناداش، شەكىلداش، زىت مەنالىق بولۇشنى ھەمدە سۆزنىڭ ئۇقۇملۇق مەناسى بىلەن تۇرلۇك قوشۇمچە مەنالىرىنى، ئۇقۇم بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

بابۇر سۆزلەرنىڭ مەنا دائىرىسى ھەققىدە توختالغاندا بىر سۆزنىڭ كۆپ مەنالىق بولۇشى ھەققىدىمۇ توختىلىپ مۇنداق مىساللارنى كۆرسىتىدۇ:

1) كونىلار: قورغاننى بېكىتمەك ئۈچۈن باش كېرەك، ئىككى قول كېرەك، ئىككى پۇت كېرەك دېگەن ئىكەن. باش دېمەك سەردار دېمەكتۇر، ئىككى قول دېگىنى ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى پۇت دېگىنى بولسا سۇ بىلەن ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ.[27]

2) بوكە: ـ ئۆزبېكلەر پەھلىۋاننى «بوكە» دەرمىش. جانىبەگ: «بوكەمۇسەن؟ بوكە بولساڭ كەل، چېلىشايلى» دەپتۇ.[28]

3) بوي: ـ غولدا يەنە ئالاھىدە قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولى ئوڭ يان، سول يان دېيىلىدۇ. ئالاھىدە قىسىمدا «بوي» دېگەن بىر توپ بار، تۈركىي تىلدا بويتاقنىمۇ «بوي» دەيدۇ. لېكىن بۇ يەردە بويتاق مەناسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بەلكى يېقىن دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[29]

## 7. تىل تەسىرى

تىل تەسىرى ئۆز نۆۋىتىدە تېيىز تەسىر ھەم تېرەن تەسىر، ۋاسىتىلىق تەسىر ھەم بىۋاسىتە تەسىر،

بىر قېتىملىق تەسىر ھەم كۆپ قېتىملىق تەسىر، يەككە تىلنىڭ تەسىرى ھەم كۆپ تىلنىڭ تەسىرى دېگەن مەزمۇنلار بويىچە تەھلىل قىلىنىدۇ. «ۋەقايى» («بابۇرنامە »)نىڭ تىلىدىكى يات تىللارنىڭ تەسىرلىرىدىن بىز ئەرەب، فارس، ھىندى تىلىنىڭ تەسىرىنى تېرەن تەسىر، بىۋاسىتە تەسىر، كۆپ قېتىملىق تەسىر، كۆپ تىلنىڭ تەسىرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق بولىدۇ. «ۋەقايى» نىڭ تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدۇر. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرەبىي، فارسىي سۆزلەر، گىراماتىكىلىق تەركىب ۋە قۇرۇلمىلار باشقا تىل تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن كۆپ تەھلىل قىلىندى. لېكىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى ھەققىدە توختىلىش يوق دېيەرلىك. «ۋەقايى» نىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە ھىندى تىلىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرىنىڭ نەمۇنىسىدۇر. يات تىللارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتكۈنلۈك تەسىرى بويىچە توختالغاندا ئالدى بىلەن بىز ئۇيغۇر بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلىدىكى تەسىرىنى تىلغا ئالىمىز، ئۇندىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى مەلۇماتلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرى سۈپىتىدە تۆۋەندە بىز «ۋەقايى» نىڭ تىلىدىكى ھىند تىلىنىڭ تەسىرى ھەققىدىكى مەلۇمات ۋە ھىند تىلىنىڭ تەسىرىدىن «ۋەقايى» نىڭ سۆزلۈكىدە كۆرۈلگەن تەسىر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز

**1) فونېتىكىلىق تەسىر**

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مەلۇمات بېرىپ ئۇدۇنلۇقلار تەلەپپۇزىدىكى «ھ» لىشىش ھادىسىسىنى ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى دەپ، كاشغەرلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزىدىكى «ھ» لىشىش ھادىسىسىنى كەنچەكلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ تەسىرى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنداق «ھ» لىشىش ھادىسىسىنىڭ ھىندى تىلىغا باشقا تىلدىن تەسىر قىلىپ كىرگەندىكى سۆزلەردىمۇ ئۇچرايدىغانلىقى «ۋەقايى»دىمۇ ئۇچرايدۇ. مىسالى: مەلىك ھەست: - ئۇلارنىڭ بىر مۆتىۋەر چوڭى «راي» دەپ ئاتىلىدۇ. جەنجۇھەلەر لەنگەر خانىنىڭ تاغلىرى بولىدۇ. سۇھان سۈيى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىنىڭ ئېتى «مەلىك ھەست» ئىدى. بۇ يەردىكى «ھەست» ئەسلىدە «ئەسەد» بولغان. ھىندىستانلىقلار بۇنداق سۆزلەردە كەلگەن تاۋۇشلارنى بەزىدە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن «خەبەر»نى «خەبر» ئوقۇيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «ئەسەد» سۆزى «ئەسد» ئوقۇلغان ۋە بارا- بارا «ھەست» بولۇپ قالغان [30]. بابۇر بۇ قۇرلارنى يازغاندا ئەسلىدىكى «ئەسەد» سۆزىنىڭ ھىندى تىلىغا كىرىشى بىلەن «ھ» لىشىش ھادىسىسىگە ئۇچراپ بارا- بارا «ھەست» بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ مەلۇمات بەرگەن.

بىز مۇشۇ ئاساستا ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزلەر بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى ئۆزبېك تىلىدىكى «ھ»لاشقان ھادىسىنى قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار تەلەپپۇزىدىكى ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى ۋە قەدىمكى كاشغەرلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزىدىكى كەنچەكلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق پەيدا بولغان ۋاستىلىك تەسىردىن شەكىللەنگەن دېسەك خاتالاشمايمىز.

**2) سۆزلەملىك تەسىر**

بابۇر «ۋەقايى» («بابۇرنامە »)دە مەلۇمات سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىپ ھىندىستاندىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ناملىرى، ھەپتە، ئاي ناملىرى، ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى ناملىرىنى ئاتاپ ئۆتىدۇ. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلالايمىز. سىرمۇيىنە: - شەنبە كۈنى بەنگالە ئەلچىسى ئىسمائىل مەتا بەنگالەلىكلەرنىڭ سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھىندىستان قائىدىسى بويىچە مۇلازىمەت قىلدى. بىر ئوق ئېتىمى يەرگە كېلىپ تەزىم قىلىپ ياندى. ئۇنىڭغا «سىرمۇيىنە» دېيىلىدىغان قائىدە كىيىمنى كىيدۈرۈپ ئېلىپ كەلدى [31]

«ۋەقايى»نىڭ تىلىدىن بىز يەنە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ فارس تىلىغا بولغان سۆزلەملىك تەسىرىنى كۆرەلەيمىز. تۈگمە: - كىيىم- كېچەكلەرنىڭ ئىككى پېشىنى ئېتىدىغان تەگمىسمان، تاياقچە شەكىللىك بۇيۇم. ئۇ چاغلاردىكى تۈگمە ئاساسەن ياغاچتىن، سۆڭەكتىن ياسىلىدۇ. مىسال، بىنايىنىڭ بىر چاقچىقى يادىمغا كەلدى. بىر كۈنى بىنايى ئەلىشىر بەگنىڭ

قېشىدا چاقچاق قىلىدۇ. ئەلىشىر بەگ تۇگمىلىك چەكمەن كىيگەن ئىكەن. ئۇ:

ـ نەز زەرافەتى كەردىچە كمەنىرا مىدادەم ۋەلى تۇگمە ها نەمىماند ۋە مانى ئەست، ـ دەپتۇ. بىنايى:

ـ تۇگمە ھاچى مانى ئەست، بادىها مانى ئەست، ـ دەپتۇ[32] (ياخشى چاقچاق قىلدىڭ، مەن ساڭا چەكمىنىمنى بېرەتتىم. بىراق تۇگمىسى تۇرمايدۇ ھەم ئېتىكلىك. بىنايى: تۇگمىلەر قانداق ئېتىكلىك بولسۇن، تۆشۈكلىرى ئېتىكلىك. )

## 8. قاراڭغۇ گەپ

«قاراڭغۇ گەپ» سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىش بىلەن كىرىندى بولغان. ئادەتتە چوڭ جەھەتتىن ئىجتىمائىي دىيالېكت سۆزلىرىگە كىرىدۇ. يەنى مەلۇم ئىجتىمائىي توپ ياكى گورۇھتىكىلەرئۆز مۇددىئامە ـ قەسەت ۋە پائالىيەتلىرىنى باشقا ئىجتىمائىي توپ ياكى گورۇھتىكىلەرگە بىلدۇرمەسلىك ئۈچۈن ئالدىن كېلىشىۋېلىپ تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنى پارول يەنى ئىمبە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ خىل پارول يەنى ئىمبەنى ئىشلەتكۈچىلەردىن تەشكىل تاپمىغان باشقا ئىجتىمائىي توپ ياكى گورۇھتىكىلەرگە بۇ نامەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى بابۇرنىڭ «ۋەقايى»سىدە ئۇچرايدۇ. مىسالى:

بەزى قەبىلەرنىڭ ئۇرانى «دۇردانە»، بەزىلەرنىڭ «توقاي»، بەزىلەرنىڭ «لۇلۇ» بولىدۇ. يەنە بىر تۈرى پۈتۈن چېرىككە خاس بولۇپ، ئىش ۋاقتىدا قوللىنىش ئۈچۈن ئىككى سۆزنى ئۇران قىلىدۇ. ئىش ۋاقتىدا ئۇچراشقاندا، بىرى بىر سۆزنى ئېيتسا، يەنە بىرى شۇنىڭغا جور قىلىنغان سۆزنى ئېيتىدۇ. شۇ يوسۇندا دوست بىلەن دۈشمەن ئايرىلىدۇ. ئۆز بىلەن يات پەرق قىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بەلگىلەنگەن ئۇران سۆزى «تاشكەند» بىلەن «سايرام» ئىدى. «تاشكەند» دېسە «سايرام» دەپ جاۋاب بېرىلىشى، « سايرام » بىلەن « تاشكەند » دەپ جاۋاب بېرىلىشى شەرت ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرانلىشىشتا، خوجا مۇھەممەدئەلى ئالدىدىراق ماڭغان ئىكەن. موغۇللار «تاشكەند، تاشكەند» دەپ كېلىپتۇ. خوجا مۇھەممەدئەلى سارت ئىدى. ھودۇقۇپ كېتىپ ئۇمۇ « تاشكەند، تاشكەند» دەپتۇ. موغۇللار ئۇنى دۈشمەن ھېسابلاپ، سۆرەن سېلىپ، دۇمباق چېلىپ، ئوق ئېتىپتۇ. شۇنداق بىر ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان غوۋغا بىلەن تىرەپىرەن بولدۇق. نەتىجىدە قىلغان پىلانىمىزمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، يەنە قايتىپ ئوشقا كەلدۇق. [33]

## 8. فونېتىكا

ئەسەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ھىندى تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇلار:

1) **تاۋۇش ئالمىشىش**

(1) ن ـ ر:ـ لەمغان تۇمەنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى نىگەنھاردۇر. بۇ يەرنى بەزى كىتابلاردا «نىگەرھار» دەپ يازىدۇ[34] بۇ خىل ھادىسە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مىسالى :نىشالە ـ رىشالە

(2) ك ـ غ:ـ بەزى تارىخىي كىتابلاردا مەھتەرلامنى لەمەك ۋە لەنكانمۇ دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ بەزىدە «ك» ئورنىغا «غ» تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىشىدۇ. بەلكىم بۇ ۋىلايەتنى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «لەمغان» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. [35]

(3) ش ـچ:ـ كەمانى چاچى:ـ تاشكەندنى كىتابلاردا «شاش» دەپ يازىدۇ، بەزىدە «چاچ» دەپ يازىدۇ. «كەمانى چاچى » (چاچ ياسى) ئەنە شۇ سۆزدىن كەلگەن. «ش»نىڭ «چ» لىششى ھازىرقى ئۇيغۇر شېۋىلىرىدىن قەشقەر، ئىلى، خوتەن شېۋىسىدە ئۇچرايدۇ. قازاقىستان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمى قىلىنغان. بۇ سۆز مىسالى :قومۇش ــ قومۇچ

(4)گ ـ ج:ـ نارگىل ئەرەبلەر ئەرەبلەشتۈرۈپ « نارجىل» دېيدۇ. [36]

### 2) تاۋۇش قوشۇلۇش

(1) ھ:ـ مەلىك ھەست:ـ ئۇلارنىڭ بىر مۆتىۋەر چوڭى «راي» دەپ ئاتىلىدۇ. جەنجۇھەلەر لەنگەر خاننىڭ تاغلىرى بولىدۇ. سۇھان سۇيى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىنىڭ ئېتى «مەلىك ھەست» ئىدى. بۇ يەردىكى «ھەست» ئەسلىدە «ئەسەد» بولغان. ھىندىستانلىقلار بۇنداق سۆزلەردە كەلگەن تاۋۇشلارنى بەزىدە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن «خەبەر»نى «خەبر» ئوقۇيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش «ئەسەد» سۆزى «ئەسد» ئوقۇلغان ۋە بارا-بارا «ھەست» بولۇپ قالغان [37]

### 3) تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش

(1) ئەنبى :ـ ھىندىستانلىقلار «بى»نى سوزۇق تاۋۇشسىز تەلەپپۇز قىلىدۇ. بۇ تەلەپپۇز يامان بولغىنى ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى «نەغزەك» دەپ ئاتايدۇ. [38]

(2) نارگىل:ـ ئەرەبلەر ئەرەبلەشتۈرۈپ «نارجىل» دېيدۇ. ھىندىستانلىقلار بولسا «نالىر» دېيدۇ [ئۇ 545-بەت]

### 3) تاۋۇش يۇغۇرۇلۇپ كېتىش

(1) گوۋالىيار- گالىيور:ـ ئاينىڭ بەشى ـ يەكشەنبە نامىز دېگەر ۋاقتىدا كىتابلاردا «گالىيور» دەپ يېزىلىدىغان گوۋالىيارنى ئارىلاش ئۈچۈن جوندىن ئۆتۈپ، ئەگرە قەلئەسىگە كىرىپ، مۇشۇ ئىككى ئۈچ كۈن ئىچىدە كابۇلغا قايتىش ئالدىدا تۇرغان فەخرىجەھان بېگىم ۋە خەدىچە سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتىم. [39]

(2) ئەلئەمان- ئېلاما:ـ بابۇر ئوغلى ھۇمايۇنغا يازغان مەكتۇبىدا ھۇمايۇننىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئىشتىپ مۇنداق يازىدۇ: ئېتىنى ئەلئەمان قويۇپسەن، تەڭرى مۇبارەك قىلسۇن. لېكىن ئۆزۈڭ يېزىپ تۇرۇپ شۇنىڭدىن غاپىل بولۇپسەنكى، دائىم ئېيتىلىش نەتىجىسىدە كىشىلەر ئۇنى «ئەلاما»، «ئېل ئەمان» دەۋالىدۇ. ئاندىن مۇنداق ئەلىف ـلام ئاتتا كەم كۆرۈلىدۇ. [40] (دىققەت: بۇ سۆزلەر ياپون ئالىمى مانو ئېئوجى مەتىن تۇرغۇزغان، تەرجىمە قىلغان «بابۇرنامە»دە «ئالاما»، «ئالامان» دەپمۇ ئېلىنغان)

## 9. سېمانتىكىلىق مەيدان

دەۋرىمىز تىلشۇناسلىقىدا سېمانتىكا، سىماسىسولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ كۆچىيىشى نەتىجىسىدە دىققەت كۆپرەك چۈشەنچە، كاتېگورىيەلەرگە، سېمانتىكىلىق كاتېگورىيەلەرگە ئاغدۇرۇلماقتا. مەلۇم بىر ئومۇمىي بەلگىسى بىلەن بىرلەشكەن ۋە ئۆزئارا مەلۇم مۇناسىۋەتتە بولغان تەبىئەت ھادىسىسى، ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە شەيئىيلەرنىڭ ئومۇملاشقان ئوبرازلىرىنىڭ ئاڭدا ئەكس ئېتىشى چۈشەنچە كاتېگورىيەسىنى، مەلۇم سۆزلەملىك مەنا ئاملىلىرى ياردىمىدە ئىپادىلەنگەن بارلىق تەبىئەت ھادىسىسى، ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە شەيئىيلەرنىڭ ئاڭدىكى ئومۇملاشقان ئوبرازى سېمانتىكىلىق كاتېگورىيەنى ھاسىل قىلىدۇ.

سېمانتىكىلىق كاتېگورىيە سېمانتىكىلىق مەيداننى ھاسىل قىلىدۇ. سېمانتىكىلىق مەيدان نەزەرىيەسى چۈشەنچىسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن لۇغەت 1852-يىلىلا ياۋروپادا ئىنگلىز تىلشۇناسى روجې(I. M. Roje) تەرىپىدىن «ئىنگلىز تىلى سۆزلەملىرىنىڭ خەزىنىسى» نامىدا نەشىردىن چىققان. مەزكۇر قوللانمىدا سۆزلەر ئالتە چوڭ تۈركۈم، 1000 كىچىك تۈركۈم بويىچە تىزىلغان. مۇشۇ كىشىنىڭ ئەمگىكىدىن كېيىنلا 1859-يىلى فىرانسوز تىلىدا «ئۇقۇم لۇغىتى»، 1877-يىلى «گېرمانچە لۇغەت» ناملىق لۇغەتلەر نەشىردىن چىققان. مۇشۇ لۇغەتلەر تۈركۈم سۆزلەر لۇغىتىنى تۈزۈشنىڭ باشلامچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. سېمانتىكىلىق مەيدان چۈشەنچىسى گەرچە بىر ئاتالغۇ بىلەن ناملانغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىر تىلشۇناسلىرى شۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بابۇر «ۋەقايى»دا سۆزلەرنى مەلۇم سېمانتىكىلىق مەيدانغا بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلايدۇ ۋە تۈركۈم سۆزلەر لۇغىتىنى تۈزۈشنىڭ نەمۇنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بابۇر ھىندىلارنىڭ ھەپتە نامىنى ئاتىشىنى سېمانتىكىلىق مەيدان بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. مىسالى:

ئاي:ـ چىتار- ھۇد، بەيساق- ھەمەل، جىت- سەۋر، ئەسار- جەزۋا (يازئايلىرى)

ساۋمن ـ سەرەتان، بادۇن ـ ئەسەد، قوۋار ـ سۇمبۇل، قاتىق ـ مىزان (يامغۇرلۇق ئاي)

ئەگهەن ـ ئەقرەب، پۇس ـ قەۋس، ماھ ـ جەدى، پاگۇن ـ دەلۋ (قىش ئايلىرى)

ھەپتە: ـ شەنبە ـ سانچەر، يەكشەنبە ـ ئەيتۋار، دۈشەنبە ـ سومۋار، سەيشەنبە ـ مەنگەلۋار،

چاھارشەنبە ـ بۇدۋار، پەيشەنبە ـ پىرسپەتۋار، جۈمە ـ سۇكرۋار

ئاسترونومىيەلىك ئۆلچەم بىرلىكى: ـ تۇلى، رەمزى، نۇجۇمى دەرەجە، دەقىقە، ئەرزى.

بابۇر ھىندىستان ھەققىدە مەلۇمات بېرىۋېتىپ ھىندىستاننىڭ ھايۋان، قۇشلىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ نامىلىرىنى، ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى نامىلىرىنى تۈركىي سۆزلەر تىزىندىسى ھالىتىدە يازىدۇ. شۇلارنىڭ ئورنى، جايلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا تىللاردا قانداق ناملىنىشىنىمۇ يازىدۇ.

## 10. يېزىق

بابۇرنىڭ «ۋەقايى»سى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇندىن سىرت، بابۇر «ۋەقايى»نىڭ تەقرىبلىرىنى ئەرەب تىل ـ يېزىقىدا يازغان. ئەسەر ئىچىدە يەنە فارس يېزىقىنىڭ، ئەرەب يېزىقىنىڭ ئۆرنەكلىرى نەقىل ئېھتىياجى بىلەن ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭ تاشايىندا بابۇر ئۆزىنىڭ «خەتتى بابۇرى» ناملىق بىر يېزىق ئېلىپبەسىنى ئىختىرا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ «ۋەقايى»سىدا مۇنداق يازىدۇ:

(1) كابۇلنىڭ كىرىمى ۋە ھوسۇلىنى بىلمەيلا مۇشۇنداق سېلىق سېلىنغانلىقتىن، ۋىلايەت بەك ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. مۇشۇ مەزگىللەردە «بابۇرى خېتى»نى ئىجاد قىلدىم[41]

(2) مۇرغابتامىرزىلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمدا قازى ئىختىيار مۇھەممەد مىر يۇسۇف بىلەن كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتى. سۆز ئارىسىدا بابۇرى خېتى توغرۇلۇق سۆز بولدى. ئايرىم ـ ئايرىم ھەرپلەرنى سورىدى. يېزىپ بەردىم. شۇ سورۇندىلا بۇلارنى ئوقۇپ، قائىدىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەزى نەرسىلەرنى يازدى. [42]

(3) بابۇرى خېتىنىڭ تەپسىلاتى ۋە بابۇرى خېتىدە يېزىلغان قىتئەلەر ئەۋەتىلدى. ھىندال بىلەن خاجە كەلانغا يەنە تەرجىمە ۋە شېئىرلار ئەۋەتىلدى. مىرزابەگ تاغايىدىن كامرانغىمۇ تەرجىمە ۋە ھىندىستانغا كەلگەندىن بۇيان ئېيتىلغان شېئىرلار ھەم بابۇرى خېتى بىلەن پۈتۈلگەن مەكتۇپ ئۆرنەكلىرى ئەۋەتىلدى.[43]

مەزكۇر بابۇرى خېتى ئەسەر مەتنىدە «خەتتى بابۇرى» دېيىلگەن. ئەينى دەۋردىكى ئەرەمەي يېزىقى سىستېمىسىدىكى ئەرەب، فارس، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشىمايدىغان ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرىغا ئىگە بولغان 29 ھەرپلىك يېزىق ۋە ئېلىپبەدۇر.

بابۇر يېزىقنى كۆپ تەتقىق قىلغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يېزىقنى كۆپ تەتقىق قىلغانلىقى «مۇختەسەر» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى ئىلمىي ئەرۇز يېزىقنى ئاساس قىلىدۇ.

## پايدىلانمىلار

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1992 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى، (خەمىد تۆمۈر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، تەۋەندىمۇ ئوخشاش) 136 ـ بەت.

[2] «بابۇرنامە» 269 ـ بەت.

[3] «بابۇرنامە»، 475 ـ بەت.

[4] «بابۇرنامە»، 501 ـ بەت.

[5] «بابۇرنامە»، 704 ـ بەت.

[6] «بابۇرنامە»، 657 ـ بەت.

[7] «بابۇرنامە»، 522 ـ بەت.

[8] [9] «بابۇرنامە»، 6ـ 7ـ بەت.

[10] «بابۇرنامە»، 92ـ بەت.

[11] «بابۇرنامە»، 91ـ بەت.

[12] «بابۇرنامە»، 423ـ بەت.

[13] «بابۇرنامە»، 86ـ بەت.

[14] «بابۇرنامە»، 642ـ بەت.

[15] «بابۇرنامە»، 243ـ بەت.

[16] «بابۇرنامە»، 247ـ بەت.

[17] «بابۇرنامە»، 252ـ بەت.

[18] «بابۇرنامە»، 256ـ بەت.

[19] «بابۇرنامە»، 276ـ بەت.

[20] «بابۇرنامە»، 238ـ بەت.

[21] [22] [23] «بابۇرنامە»، 528ـ بەت.

[24] «بابۇرنامە»، 537ـ بەت.

[25] «بابۇرنامە»، 539ـ بەت.

[26] «بابۇرنامە»، 690ـ بەت.

[27] «بابۇرنامە»، 171ـ بەت.

[28] «بابۇرنامە»، 38ـ بەت.

[29] «بابۇرنامە»، 395ـ بەت.

[30] 423 «بابۇرنامە»، 424ـ بەت.

[31] «بابۇرنامە»، 670ـ بەت.

[32] «بابۇرنامە»، 676ـ بەت.

[33] «بابۇرنامە»، 193ـ بەت.

[34] «بابۇرنامە»، 245ـ بەت.

[35] «بابۇرنامە»، 248ـ بەت.

[36] «بابۇرنامە»، ـ بەت.

[37] «بابۇرنامە»، 423ـ 424ـ بەت.

[38] «بابۇرنامە»، 539ـ 540ـ بەت.

[39] «بابۇرنامە»، 639ـ بەت.

[40] «بابۇرنامە»، 655ـ بەت.

[41] «بابۇرنامە»، 270ـ بەت.

[42] «بابۇرنامە»، 336ـ بەت.

[43] «بابۇرنامە»، 671ـ بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

34 ـ يىللىق 3 ـ سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 34 卷第 3 期
2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2013 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 05ـ062ـ1005ـ5878 (2013)03

# تەرجىمشۇناسلىقنىڭ پەن قۇرۇلمىسى توغرىسىدا*

## يۇسۇپجان قادىر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** تەرجىمشۇناسلىق ھەم بىر پەن، ھەم بىر خىل سەنئەت. ئۇ يەنە كۆپ پەنلەر بىلەن زىچ باغلانغان ئۇنىۋېرسال پەن. سىستېما نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەرجىمشۇناسلىقنىڭ پەن قۇرۇلمىسىنى «ئىچكى سىستېما قۇرۇلمىسى» ۋە «تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېما قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. «ئىچكى سىستېما قۇرۇلمىسى» يەنە تەرجىمە تارىخى، تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئىنفورماتسىيەسى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپسا، «تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى» ئۆز ئىچىدىن نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە پايدىلانما پەنلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ماقالىدە تەرجىمشۇناسلىقنىڭ «ئىچكى سىستېما قۇرۇلمىسى » ۋە «تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى» نىڭ تەبىر ـ ئېنىقلىمىسى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكى، ئىسخېملىق كۆرۈنۈشى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ مېتود ـ ئۇسۇلى مۇھاكىمىلىق بايان قىلىنغان.

**摘要:** 用系统化的观点来看，作为开放性，综合性学科的翻译学架构分为“内部系统”与“外部系统”，有两个结构体系。翻译学的本体，是内部结构系统，有三大部分组成。翻译史、翻译理论、和翻译信息工程。其中核心结构是翻译理论，因此，建立翻译学的中心任务是建设翻译的理论体系。翻译的理论体系包括三个组成部分，即翻译基本理论、翻译应用理论和翻译学跨学科了理论。

**Abstract:** From the systematic point of view, due to its openness and comprehensiveness nature, the structure of Translatology can be divided into two system structures, the “Internal Structure” and “External Structure”. The internal structure includes the history of Translatology, translation theory and translation information. External structure includes related theories and valuable subjects. This article mainly introduces the definition, function, methodology and classification of internal and external structures of Translatology.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H059 ماتېرىيال بەلگىسى: A

20 ـ ئەسىردە دۇنيادا ئۈچ چوڭ نەزەرىيە بارلىققا كەلگەندى. بۇلار: سىستېما نەزەرىيەسى، كونترول نەزەرىيەسى ۋە ئىنفورماتسىيە نەزەرىيەسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ چوڭ نەزەرىيە ئىنسانىيەت پەن ـ مەدەنىيىتى تارىخىدا ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى پەنلەرنىڭ، جۈملىدىن تىلشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا مىسلىسىز گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. بۇلار ئىچىدىن سىستېما نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەرجىمشۇناسلىق ئېچىۋېتىلگەن ۋە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرگە ئىگە پەن بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى «ئىچكى سىستېما قۇرۇلمىسى» ۋە «تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. ئىچكى سىستېما قۇرۇلمىسى


تەرجىمشۇناسلىق ئالدى بىلەن ئۆز ئىچىدىن تەرجىمە تارىخى، تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئىنفورماتسىيەسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنۈپ، ئاندىن ئىككىنچى قەدەمدە تەرجىمە تارىخى ئۆز ئىچىدىن تەرجىمە تەرەققىياتى تارىخى ۋە تەرجىمە نەزەرىيەسى تارىخى دەپ ئىككى تۈرگە، ئۈچىنچى قەدەمدە، تەرجىمە

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** يۇسۇپجان قادىر (1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان) شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدا خەنزۇ تىلى كەسپى بويىچە ئالاھىدە تەربىيەلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچى.

نەزەرىيەسى ئۆز ئىچىدىن ئاۋۋال تەرجىمە ئىدىيە تەتقىقاتى دەپ بىر نەچچە خىلغا ئايرىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاساسىي نەزەرىيە (ئاساس ۋە تەدبىر بىلەن تەمىنلەيدۇ)، تەتبىق نەزەرىيەسى (ئاساس ۋە تەدبىر بىلەن تەمىنلەيدۇ) ۋە پەندىن ھالقىغان نەزەرىيە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆتىنچى قەدەمدە، ئاساسىي نەزەرىيە ئومۇمىي بايان قاتارلىقلارغا ئايرىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، تەرجىمە مەنە نەزەرىيەسى، تەرجىمنى چۈشىنىش ۋە ژانىرنى بىلىش، مەدەنىيەت تەرجىمىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئېستېتىكىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى دەپ تۆت كىچىك تۈرگە، تەتبىق نەزەرىيەسى (ئەمەلىي ياكى قوللىنىشچان نەزەرىيە دېيىمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆز ئىچىدىن ئىپادىلىنىش نەزەرىيەسى، قىممەت نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى دەپ ئۈچ كىچىك تۈرگە، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىپادىلىنىش نەزەرىيەسى ئۆز ئىچىدىن

تەرجىمەشۇناسلىق نەزەرىيە رامكىسىنىڭ ئىسخېمىسى



تەرتىپ تەتقىقاتى، مېتود تەتقىقاتى ۋە تەدبىر تەتقىقاتى دەپ ئۈچكە، قىممەت تەتقىقاتى ئۆز ئىچىدىن تەرجىمە تەنقىدچىلىكى، تەرجىمە سىياسىتى تەتقىقاتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، پەندىن ھالقىغان تەرجىمە نەزەرىيەسى ئۆز ئىچىدىن تەرجىمە ۋە تىلشۇناسلىق «ئائىلىسى»، تەرجىمە ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق، تەرجىمە ۋە تەپسىرشۇناسلىق، تەرجىمە ۋە تارقىتىششۇناسلىق، تەرجىمە ۋە بەلگىشۇناسلىق، تەرجىمە ۋە بىلىششۇناسلىق دەپ ئالتە كىچىك تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى يۇقىرىدىكى ئىسخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىسخېمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي زات) سىستېمىسى تەرجىمە تارىخى، تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئىنفورماتسىيەسى قۇرۇلۇشى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئىچكى سىستېمىسىدا يادرولۇق قۇرۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدە تەرجىمىشۇناسلىق قۇرۇلۇشىدا تەرجىمە نەزەرىيەسى بەرپا قىلىش مەركىزىي ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىسخېما تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلما رامكىسى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، تەرجىمە نەزەرىيەسى يادرو بولۇپ، سىستېمىلىق نەزەرىيەنى تىكلەش تەرجىمىشۇناسلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تەرجىمىشۇناسلىق تەجرىبە پېنى بولغانلىقى سەۋەبلىك، تەرجىمىچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «تارىخىي ماتېرىيال ئەمەلىيەتتە نەزەرىيە ماتېرىيالىدۇر» دېگەن گەپنىڭ ئاساسى مانا مۇشۇ يەردە.

ئۈچىنچىدىن، تەرجىمە ھەرىكىتى (پائالىيىتى) تەرجىمە ئىدىيەسىنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا تەرجىمە ئىدىيەسى تەتقىقاتى پۈتكۈل تەرجىمە نەزەرىيەسى تەتقىقاتىدا يېتەكلەش ياكى باشلامچىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدىكى ئۈچ ئالاھىدىلىكتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمىشۇناسلىق كىشىلەرنىڭ قاراش فورماتسىيەسى، ئاڭ فورماتسىيەسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بىر پەن.


تۆتىنچىدىن، تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئىچكى سىستېمىسى تەنھا ئەمەس، بەلكى ئۇ تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ تاشقى سىستېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى جان بىلەن تەنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقىلى بولىدۇ.

## 2. تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى

تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇ بىر خىل چىرماش پەن تۈرىدۇر. بۇ تۈرنى پەلسەپە تەپەككۇرى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە تىل بەلگىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ساھەگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ بۇ ئۈچ چوڭ ساھە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئۇلار تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئىچكى سىستېما قۇرۇلمىسىنى ئىسپاتلىق ۋاستىلەر بىلەن تەمىنلەپ، تەرجىمىشۇناسلىقنى تېخىمۇ ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ قىممەت قارىشى سىستېمىسى دېيىشكە بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنى يەنە تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ ئىچكى سىستېمىسىنى نەزەرىيەۋى ئىدىيە بىلەن تەمىنلەپ، تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، بۇ پەننى ئېچىۋېتىلگەن ۋە كۆپ پەنلەر بىلەن كېسىشكەن پەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنى تەرجىمىسشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەۋى سىستېمىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ سىستېما ئونتولوگىيە نەزەرىيەسى، بىلىش نەزەرىيەسى، مېتودولوگىيە نەزەرىيەسى ۋە ئۇنۇمدارلىق نەزەرىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەردە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قىممەت نەزەرىيەسىنى قوشقاندا، جەمئىي بەش كاتېگورىيە بولۇپ قالىدۇ ـ دە، تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنى

تۈۋەندىكى ئىسخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى




يۇقىرىدىكى تور سىستېمىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، تەرجىمىشۇناسلىق ناھايىتى كەڭ ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بەش خىل نەزەرىيە سىستېمىسى ئېنىق ئېچىۋېتىلگەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لېكىن ھازىر بىزنىڭ ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تەرجىمىشۇناسلىققا نىسپەتەن ئېيتقاندا، ماكرولۇق تەتقىقات ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇرۇنقىدەك مىكرو تەتقىقاتقا بېرىلىپ، ماكرولۇق تەتقىقاتقا سەل قاراش خاتالىقىنى قايتا سادىر قىلماسلىقىمىز كېرەك. كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ماكرولۇق تەتقىقاتقا سەل قاراش ئەمەلىيەتتە يېتەكلەش ۋە باشلاشقا سەل قاراش بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، مىكرولۇق تەتقىقاتمۇ ئۈنۈملۈك بولماي قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يېتەكلەش-يېتەكلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ماكرولۇقتىن مىكرولۇققا، مىكرولۇقتىن ماكرولۇققا ئۆتۈشلا توغرا تەتقىقات مېتودولوگىيەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دىيالېكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تەرجىمىشۇناسلىقنىڭ تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئالاقىسى زىچ بولۇپ، ئەگەردە تەرجىمىشۇناسلىق ئۆزىنىڭ تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسىدىن چەتنەپ كەتسە، ھەممىدىن

قۇرۇق قالىدۇ. تەرجىمىشۇناسلىق پەقەت تاشقى سىستېما قۇرۇلمىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى نامايەن قىلالايدۇ. شۇڭا بىز تەرجىمىشۇناسلىقتا مۇكەممەل ۋە بىر پۈتۈنلۈك تەتقىقاتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى تەرجىمىشۇناسلىق نەزەرىيەسى پۈتۈنلۈك ۋە مۇكەممەللىك ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىز سىستېما نەزەرىيەسى، كونترول نەزەرىيەسى ۋە ئىنفورماتسىيە نەزەرىيەسىنى تەرجىمىشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە ياخشى تەتبىقلىشىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار


1. ليۇمىچىڭ: «يېڭىدىن تۈزۈلگەن بوگۇنكى زامان تەرجىمە نەزەرىيەسى»[M]، جوڭگو تاشقى تەرجىمە نەشرىياتى شىركىتى، 2009 ـ يىلى نەشرى.
2. ۋاڭ دېچۈن: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»[M]، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 1190 ـ يىلى نەشرى.
3. شۈجۈن: «تەرجىمە ھەققىدە مۇھاكىمە مۇلاھىزە»[M]، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
4. گوڭ شۈجۈڭ: «ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە تەرجىمە دەرسلىكى»[M]، جوڭگو خەلق ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.
5. شى جېنتيەن قاتارلىقلار: «ئەمەلىي قوللىنىدىغان خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئۆزئارا تەرجىمە دەرسلىكى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
6. گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ـ مەجمۇئە ۋە توردىكى ئالاقىدار كىتابلار، دەرسلىكلەر، ماقالىلەر ۋە ماتېرىياللار.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)03_067_07

# ھېسسىيات ئامىلىنىڭ ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم رولى*

ئاراپاتگۈل ئوسمان

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، لەنجۇ. 730030)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** پسىخىك مەسىلىسى تىل ئوقۇتۇشىدا بىزنىڭ تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. تىل، ئۇنىڭ رولى جەھەتتىن ئالساق، ئۇ بىر تىل جەمئىيىتىدە كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈل ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش قورالى. تىل ئوقۇتۇشى ئوقۇغۇچىلارغا نىسپەتەن ئىككىنچى تىل ھەتتا ئۈچىنچى تىلنىڭ ئۆگىنىش باسقۇچى بولۇپ، مېخانىكىلىقلىقى كۈچلۈك، تەكرارلىنىشى كۆپ، قىسقا مۇددەتلىك ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تەبىئىيلا ئوقۇغۇچىلار پسىخىكىسىدا ئازدۇر-كۆپتۇر پاسسىپ ئامىللارنى پەيدا قىلىدۇ .

**摘要：** 心理问题尤其在语言教学上更值得我们加以注意。语言，从它的作用来说，是一个语言社会之内的心与心之间的通讯工具，语言教学对学生而言是第二语言甚至是第三语言的习得过程；具有机械性强、重复率过高、短期效果不明显等特点。这些特点理所当然的在学生心理上产生一些消极因素。

**Abstract:** Emotional factors, especially in language teaching process, are more worthy for our attention. Due to its function, language plays an important communicative role in our daily life. For the second language or third language learners, the language acquisition process can be challengeable because of its mechanical, repeatable and time-consumable nature. Emotionally, these characteristics of language acquisition process would naturally leads to some negative emotional factors among the students.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: B842　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تىل بولسا سۆزلۈك ھەرىكەت، يەنى سۆزلۈكنىڭ ئاپتوماتىك چىقىشى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشى. تارىختىن بۇيان بىز گەرچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئۇسۇلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي قاتارلىق سەۋىيەلەرگە ئەھمىيەت بەرگەن بولساقمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم ناھايىتى مۇھىم بولغان مەسىلىلەرگە سەل قارىدۇق، ئۇ بولسىمۇ پسىخىك مەسىلە. ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئىشلىتىش جەھەتتىكى پسىخىك ھالىتى. بىز ئويلىشىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەلگىلىك دەرىجىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ. ياخشى بولغان پسىخىك ھالەت، ئاكتىپ بولغان ئىنتىلىش ئويلىمىغان ئۈنۈملەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مېنىڭ بايقىشىمدا، پسىخىك مەسىلە تىل ئوقۇتۇشىدا بىزنىڭ تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. تىل، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق ئۇ بىر تىل جەمئىيىتىدە قەلب بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش قورالى. تىل ئوقۇتۇشى ئوقۇغۇچىلارغا نىسپەتەن ئىككىنچى تىل ھەتتا ئۈچىنچى تىلنىڭ ئۆگىنىش باسقۇچى بولۇپ، مېخانىكىلىقلىقى كۈچلۈك، تەكرارلىنىشى كۆپ، قىسقا مۇددەتلىك ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تەبىئىيلار

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 4- ئاينىڭ 11- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئاراپاتگۈل ئوسمان (1972- يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، ئاساسلىقى قوش تىل ئوقۇتۇشى ۋە سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار پسىخىكىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پاسسىپ ئامىللارنى پەيدا قىلىدۇ. ھېسسىيات ئامىلى ئىككىنچى تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدا مۇھىم رولغا ئىگە. ئۇ ئۆگەنگۈچىنىڭ ئىچكى فىزئولوگىيەسى، پسىخىكىسىدىكى بىر خىل ھەرىكەت، ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدىغان ھەرىكەت سىستېمىسى. غەرب ئالىمى ستىننىڭ قارىشىچە ھېسسىيات ئامىلى ھەتتا بىلىش ئامىلىدىنمۇ مۇھىم، ئۇ بىلىش ئامىلىنى پەيدا قىلغۇچى ئاساس. ستىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن «ھېسسىياتنىڭ ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشكە بولغان رولى بىلىش تاكتىكىسى بىلەن ئوخشاش ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم».

## 1. پاسسىپ پسىخىكىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى

پاسسىپ پسىخىكىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىنى چۈشىنىش لازىم. مەن ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش تەجربەم ئارقىلىق پاسسىپ پسىخىكىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئىپادىلىرىنى يىغىنچاقلاپ چىقتىم.

**1) ئۈمىدسىزلىنىش**

تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئارزۇسى بولغان بىلەن بىر مەزگىللىك تىرىشىشتىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىش بولسا ئىككىنچى تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدا داۋاملىق ئۇچرايدىغان پسىخىك ھالەت. بۇ خىل ھالەت داۋاملىق پاسسىپ پسىخىكىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بىرىنچى قەدەم. ئەگەردە بۇ خىل پسىخىك ھالەتنى يەڭمىسە «ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى ئۆگەنمەسلىك، ئۆگەنمىگەنسېرى ئۈمىدسىزلىنىش» تەك ياخشى بولمىغان روھىي ھالەت ئاسانلا كېلىپ چىقىدۇ.

**2) زېرىكىش**

پسىخىك جەھەتتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈمىدسىزلىنىش ھالىتى بولسا، زېرىكىش پسىخىكىسىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. بۇ خىل پسىخىك ھالىتىدە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشى پۈتۈنلەي پاسسىپ بولىدۇ. ئۆگىنىشتە خۇشاللىقتىن بەھرىمان بولىدىغان ئىقتىداردىن مەھرۇم بولىدۇ. دەرسخانىدا داۋاملىق ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچى ئۇستاز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىدا ئوقۇتقۇچىغا بولغان قارشىلىشىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ.

**3) قارشىلىشىش (دۈشمەنلەرچە كۆرۈش)**

ئوقۇغۇچى ئۈمىدسىزلىنىش، زېرىككەنلىكتىن، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا تىلغا بولغان بىر خىل تەسىرلەنگۈسىز قورقۇنچ ھېسسىياتى شەكىللىنىدۇ. شۇڭا دەرسخانىدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر سوئالى ياكى باشقا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىر خىل «قوتۇراتقۇچىلىق» ھەرىكىتى بولۇپ قالىدۇ. بىلىپ ـ بىلمەي قەدىر قىممىتى باشقىلارنىڭ (ئوقۇتقۇچىنىڭ) دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆگىنىش نىشانىغا بولغان پاسسىپ كەيپىيات ئوقۇتقۇچىغا يۆتكىلىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىغا بولغان پاسسىپ كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.

## 2. پاسسىپ پسىخىكىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

مائارىپ پسىخىك ئىلمى جەھەتتىن قارىغاندا، ھېسسىيات ئامىلى ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشكە تەسىر قىلىدىغان ئاساسلىق ھېسسىيات ئامىلى بولسا، تۈرتكە، پوزىتسىيە ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىك. تۈرتكە بولسا شەخسنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشنى قوزغايدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئۇنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئىپادىسى بولسا مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ئۈمىدۋارلىق. ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشنىڭ تۈرتكىسى بولسا، ئۆگەنگۈچىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىش ھەمدە ئىككىنچى تىلنى ئىگىلەش مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىش. ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشىدىكى پوزىتسىيە چوڭ جەھەتتىن ئاكتىپ پوزىتسىيە، ئادەتتىكى پوزىتسىيە ۋە پاسسىپ پوزىتسىيە دەپ بۆلۈنىدۇ. تۈرتكە ۋە پوزىتسىيە ھېسسىيات

ئامىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەلۇم بىر نىشانغا بولغان كونكرېت ھەرىكەت ۋە ئەڭ ئاخىرى يېتىدىغان نەتىجە قازىنىش دەرىجىسى ناھايىتى مۇھىم. ئاكتىپ بولغان ھېسسىيات ئامىلى (ئىچكى تۈرتكىسى كۈچلۈك، ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى ئاكتىپ) بولسا، ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشتە ناھايىتى پايدىلىق. پاسسىپ بولغان ھېسسىيات ئامىلى بولسا تىل ئۆگىنىشتە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولغانلار داۋاملىق بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئىچكى تۈرتكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئاكتىپ ئۆگىنىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە ئىككىنچى تىل ئۆگىنىشكە ئەسلىدىنلا قويۇق بولغان قىزىقىش بولىدۇ. قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ؛ ئادەتتىكى پوزىتسىيە بولسا داۋاملىق سىرتقى ئامىلنىڭ تەسىرىدە تىل دەرسلىكىنى بىر خىل ۋەزىپە سۈپىتىدە ئورۇنلاشنىلا تەلەپ قىلىپ، ئاكتىپچانلىق، قىزغىنلىق كەم بولىدۇ. قىزىقىشتىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ پاسسىپ پوزىتسىيە بولسا سىرتقى بېسىمنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆگىنىش بولۇپ، ئازراقمۇ قىزىقىش بولمايدۇ. ئەكسىچە بەلگىلىك بىزار بولۇش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. بىر خىل ئېغىر بولغان ئۆگىنىش يۈكى دەپ قارايدۇ. مۇمكىن بولسا ۋاز كېچىشنى ئويلايدۇ. ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى شەكىللەنگەن ھامان بىر قەدەر تۇراقلىق بولىدۇ. لېكىن چوقۇم ئۆزگەرمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ھېسسىياتقا تايىنىپ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئۈچ خىل ھالەت ئۆزئارا ئۆزگىرىدۇ.

## 3. بىر قەدەر ۋەكىل خارەكتېرگە ئىگە بولغان پاسسىپ پىسخىك ھالەتلەر

**1) ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى توغرا بولماسلىق**

ئوقۇغۇچى ئۆگىنىشكە كىرىشكە دەسلەپكى ۋاقىتتىكى پوزىتسىيەسى داۋاملىق ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىنى بەلگىلەيدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش بولسا پەقەتلا ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش، ئوقۇش نومۇرى ئېلىش دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەقەت نەتىجە جەدۋىلىدىكى «لاياقەتلىك» بىلەن قانائەتلىنىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشمەيدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيەدە بولىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش تۈرتكىسى ئېنىق بولماسلىق سەۋەبلىك ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا بەل قويۇۋېتىدۇ. ئوقۇغۇچىدا پەقەتلا تىل ئۆگىنىش تۈرتكىسى بولسىلا ئاندىن كەسىپكە نىسبەتەن قىزىقىش شەكىللىنىدۇ. ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، ئۆگىنىشكە نىسبەتەن بىۋاسىتە قوزغاتقۇچ رولىنى ئوينايدۇ.

**2) ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىقى يېتەرلىك بولماسلىق**

تىل بىر خىل ئىقتىدار. بىر خىل ئىدىيەۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ تەربىيەلىنىش باسقۇچى. تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى ئىچكى سۆز ئىبارىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۆز ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، بىر جەھەتتىن ئاسانلىقتىن تەسلىككە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، يەنە بىر جەھەتتىن قايتا-قايتا ئاڭلاش، سۆزلەش، تەقلىد قىلىش، ئەسلىدە بار بولغان بىلىم ئىقتىدارىنى يېڭىچە ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىش دەرىجىسىگە يېتىش ئارقىلىق ئىدىيەسىنى ئەركىن ئىپادىلەش. تىل ئۆگىنىش باسقۇچى بىر ئۇزۇن جەريان. بۇ جەرياندا گىراماتىكا، سۆزلۈك قانۇنى قاتارلىق ئىدراكىي بىلىملەرنى ئىگىلەپلا قالماستىن بەلكى يەنە ھېسسىي بىلىش ۋە ئەركىن ئىشلىتىش ئىقتىدارىنىمۇ يېتىلدۈرۈش لازىم. لېكىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ھازىر دەپ ئۆتكەنىدەك تونۇش ۋە ئىدىيە تەييارلىقى يوق. ئۇلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يەتمىسىلا ئۈمىدسىزلىنىپ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

**3) ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرا بولماسلىق**

ھەر قانداق بىر ئۆگىنىش، ئۇسۇل تەلەپ قىلىدۇ. ئۇسۇل مۇۋاپىق، تىرىشچان بولغاندىلا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. تىل ئۆگىنىشمۇ تەبىئىيلا ئۇسۇل تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى توغرا، بىر قەدەر يېتەرلىك بولغان ئىدىيە تەييارلىقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قارىسىغا ئۆگىنىشنىلا بىلىپ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلمىغانلىقتىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلمەيدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى،

ئۇلارنىڭ پىسخىكىسى شۇنچە تىرىشسىمۇ ئۇنۇمى كۆرۈلمەيدىغان ئەھۋالنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاسسىپ پىسخىك ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئابرۇيى، ھېسسىيات جەھەتتىكى تەسىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللارمۇ مۇشۇ جەھەتتە چوڭ رول ئوينايدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلىم خاراكتېرلىك ئوقۇتۇش ۋە سىنىپ باشقۇرۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋاپىق تۇرغۇزۇشى لازىم. لېكىن كىشىلىك غۇرۇر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش جەھەتتە ئوقۇغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك. مۇشۇ خىل باراۋەرلىكلا ئوقۇتقۇچىنىڭ مەرتىۋىسىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. باراۋەرلىك ئىدىيەسى كەم بولغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرەلمەيدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىدا ئوقۇتقۇچىغا نىسپەتەن «قورقۇش»لا مەۋجۇت بولۇپ، «ھۆرمەت» مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچى نەزەرىدىكى بۇ خىل مەرتىۋىسىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئوقۇتقۇچى باراۋەر بولغان ئۇستاز - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. يەنە كېلىپ ئوقۇغۇچىغا ئىشىنىشى لازىم. ئوقۇغۇچىغا ئىشىنىشنىڭ ئۆزى ئىزدىنىدىغان، ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۈمىدى ۋە ئىقتىدارى بولىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارغا بايقاش ۋە ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتنى يارىتىۋېرىش. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى، نەسىھەت قىلىشى بەزىدە پاسسىپ پىسخىكىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئاساس بولالايدۇ.

## 4. پاسسىپ پىسخىكنى بۇزۇپ تاشلاشتا قوللىنىشقا بولىدىغان ئۇسۇللار

پاسسىپ پىسخىكنى بۇزۇپ تاشلاشتا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك دەپ قارايمەن.

**1) «كېسەلگە قاراپ دورا يېزىش» كېرەك**

ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇلاردا كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەر بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىكىسىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاشتا ئالدى بىلەن كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش، مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم بۇرۇنقى تولىمۇ ئاددىي بولغان بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى «ياخشى ئوقۇغۇچى» ۋە «ئەسكى ئوقۇغۇچى» دەپ بۆلىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشىمىز، ئوقۇتۇش جەريانىدا بىلىم ئۆگىنىش بىلەن پىسخىك نەسىھەتنى بىرلەشتۈرگەن جانلىق ئوقۇتۇش شەكلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

**2) ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش**

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات شىپالىق دورىدۇر. بۇ ھازىرقى زامان مائارىپ ئىلمى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت. ئوقۇتقۇچى كۆپ خىل ئۇسۇللارنى مەسىلەن: مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىش، بىر تەرەپلىمە بولمىغان پوزىتسىيە، چوڭقۇر بولغان بىلىم قاتارلىقلارنى قوللىنىپ، شوخ ھەم ئاددىمىلىككە تولغان دەرسخانا كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلار يەڭگىل ھالەتتە ئۆگىنىپ، خوشال بولغان كەيپىيات ئاستىدا بىلىم قوبۇل قىلىدۇ. ھېسسىيات ئارقىلىق ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىش ئوقۇغۇچى - ئۇستاز ئىككى تەرەپ ئەڭ ياخشى قوبۇل قىلىدىغان ئۇسۇل. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا بىلىم ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىمۇ تەربىيەلىشى لازىم. ئوقۇتۇش ئاددىي ھالدا بىلىمنى ئوقۇغۇچىغا ئۆگىتىشلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچى ئۇستاز ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئىزدىنىش، ئۆزئارا تەسىر قىلىش، ئوقۇتقۇچى كۆپ ھالدا ئاڭلىغۇچى بولۇش، سىرداشقۇچى بولۇش، سۆزلىگۈچىلا بولۇپ قالماسلىق. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىشىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان ياخشى دوستلاردىن بولۇشى لازىم.

**3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى جانلىق قوللىنىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش**

تىل ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ كۈچلۈك ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقىقا ئىگە. بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈشنى بىلىشى ھەمدە شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىشى لازىم. ئوقۇتقۇچى بوش ئورۇن تولدۇرۇش، خاتانى توغرىلاش، جۈملە تۈزۈش، جۈملە تەرجىمە قىلىش قاتارلىق ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى كۆپ مىقداردا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۆگەنگەن بىلىمنى مۇستەھكەملەيدۇ. مەيلى بىر تال سۆزلۈك ياكى خەت، ئوقۇغۇچى شۇنى لايىقىدا ئىشلىتەلىسىلا شۇنىڭ ئۆزى بىر ئىلگىرىلىگەنلىك بولىدۇ. گېزىت، ژۇرناللاردىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇشقا تەشكىللەش ۋە دوست تۇتۇش قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ياخشى بولغان ئۆگىنىش مۇھىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ. زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجە قازىنىش ھېسسىياتى ئاشىدۇ. ئۈنلۈك ئوقۇش، نۇتۇق سۆزلەش، خەتتاتلىق، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق مۇسابىقىلەر ياخشى بولغان شەكىللەردۇر. زېھىن سىناشنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئامال بار ھەممە ئادەم قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىش، دىسلەپكى تاللاش ۋە قايتا مۇسابىقە قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش لازىم. ئۆگىنىش جەريانىدا قىيىنچىلىقى كۆپ، ئۈزلۈكسىز مەغلۇپ بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى تونۇپ تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش لازىم. يەنە ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. لايىقىدا بولغان رىقابەتلىشىش، قۇيۇق بولغان ھەمكارلىشىش ئۆگىنىشنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىشچانلىقىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

**4) دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىلار تۆۋەندىكى بەش نۇقتىنى ئىجرا قىلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك.**

(1) ئوقۇغۇچى قوللىنىۋاتقان تىلنى ئوقۇ- ئۇقۇتۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئوخشاش سەۋىيەدە بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا، ئوخشىمىغان ئوقۇتۇش تەلىپى قويۇپ، مېخانىكىلىق، بىر تاياقتا ھەيدەش، بىر خىل ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىنى قايتا-قايتا قوللىنىش ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك ئەركىن - ئازادىلىك، جانلىقلىقنى ساقلاپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن ھۇزۇر ئېلىش كېرەك.

(2) تىل ماھارىتىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىنى ئويلاشقاندا، ماھارەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئوقۇغۇچىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىش سەۋىيەسى ۋە تىل تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى لازىم. تىل ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن يېتەرلىك مىقداردا ماتېرىيال بولۇشى لازىم. يېتەرلىك بولغان تىل ماتېرىيالنى ئۆزلەشتۈرگە سىڭدۈرۈپ، تىل جەھەتتىكى بىلىمنى يىغقان ئاساستا، كاللىمىزدا گىراماتىكىلىق قانۇنىيەت ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى قانۇنىيەت ئۆزئارا بىرىكىپ، بىز ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى تىل ئارقىلىق سىرتقا ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز.

(3) تىل بىلەن مەدەنىيەت ئىلمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش. تىل بولسا ئىدىيەۋى تەپەككۇر قورالى. ئورگانىك تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى سۆز ئارقىلىق بولىدۇ. سۆز قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا، بىر جەھەتتىن ئاسانلىقتىن تەسلىككە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، يەنە بىر جەھەتتىن قايتا-قايتا ئاڭلاش، سۆزلەش، تەقلىد قىلىش، ئەسلىدە بار بولغان بىلىم ئىقتىدارىنى يېڭىچە ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىش دەرىجىسىگە يېتىش. دەرسلىك بولسا ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ئاساسى. دەرسلىكتىكى شېئىر -داستانلار، ماقال-تەمسىل قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرسا، ھېكايە، يۇمۇر قاتارلىق تېكىستلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرتىپلىك، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەش، مەركىزىي نۇقتىنى ۋە نۇقتىلىق سوزلەرنى بايقاش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ.

(4) تىل كەسپىنىڭ ھەر قايسى جەريانىنى، يەنى ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدە قىلىش كېرەك. دەرسخانا ئوقۇ-ئوقۇتۇشىدىكى چېنىقتۇرۇش ئاساسەن، جۈملە شەكلى ئوقۇتۇشى ۋە تېكىست ئوقۇتۇشىغا مەركەزلەشىدۇ، يەنە كۆپلىگەن تىل مۇھىتى، كۆرۈش، ئاڭلاش، سۆزلەش ئۆز ئارا بىرلەشكەن بولىدۇ. سۆزلەشتىكى چېنىقتۇرۇش شەكلى گەرچە كۆپ خىل بولسىمۇ، ئەمما سۆزلەش ۋە باشقا

پالىيەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسلۇب بويىچە، ئاڭلاپ سۆزلەش، ئوقۇپ سۆزلەش، كۆرۈپ ئاڭلاپ ـ سۆزلەش، سۆزلەپ ئاڭلاش قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

(5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئوقۇشلۇق ۋە يېزىقچىلىقنىڭ كىرىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مەشىق قىلىش. ئوقۇتقۇچى دەرسلىكنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكتىكى روللارنى ئالدۇرۇش. ھەر خىل كۆرۈنۈشلەرنى ياساپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزى رول ئوينىغان پېرسوناژنى دوراپ گەپ قىلىپ، خۇددى شۇ نەخ مەيداندا تۇرغاندەك ھېس قىلدۇرۇش. بۇنداق پائالىيەتنىڭ ئوگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ھەر بىر پېرسوناژغا يېتەرلىك بولغان ئارقا كۆرۈنۈش ھازىرلاپ بېرىش. مۇھىم بولغىنى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە ئىگىلىگەن تىل بىلىمىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىغا ئوخشىمىغان پېرسوناژ رولىنى بېرىش. ئامال بار ئوقۇغۇچىلارغا تەبىئىي بولغان تىل شارائىتىدا ئالاقە قىلىشنى ئۆگىتىش. بۇ خىل مەشىق ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلۈكنىڭ كونتېكىستتىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەتكۈزۈش.

«ئەقلىي ئىقتىدار» بولسا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىرسىيەت گېنى ئاساسىدا ئالاھىدە بولغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ تەسىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ياكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىقتىدار. ھەر بىر ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. يوشۇرۇن ئىقتىدار بولسا ئوقۇغۇچىنىڭ ئالاھىدە بولغان ئەقلىي ئىقتىدارى، ئۇ ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ ئاساسىي تېمىسى. ئوقۇتۇشنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ بولۇشىدا، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالاھىدە بولغان ئەقلىي ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ، ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسەن، ئوقۇغۇچىغا ئەڭ ئاز ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئەڭ كۆپ بولغان بىلىمنى ئۆگىتىش، ئوقۇغۇچىغا مول بولغان تىل شارائىتىنى تەمىنلەش.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى مائارىپ سىستېمىسى ھاياتىي كۈچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلنى بەلگىلەيدۇ. مەيلى قانچىلىك ئىلغار مائارىپ نەزىرىيەسى بولسۇن، مائارىپ ئىسلاھاتىنى قانچىكە مۇكەممەل لايىھەلىسۇن، ئەگەردە ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى كەم بولسا، مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ قايسىسى سۇبيېكت، قايسىسى ئوبيېكت جەھەتتىكى ئىزدىنىش بىزنىڭ قىزىقىشىمىزنى زور دەرىجىدە قوزغايدۇ. بىز ئەگەر بۇنداق سۇبيېكت، ئوبيېكتلىقتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلمىساق، ئوقۇتۇشتا مەۋجۇت بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئېنىق بولماسلىق، ئۆزئارا تىرىكىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچى بولسا ئوقۇتۇشنىڭ سۇبيېكتى، ئوقۇغۇچى بولسا ئۆگىنىشنىڭ سۇبيېكتى. ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدار جەھەتتىكى پەرقىگە سەل قارايدىغان، مىجەز خاراكتېرىگە سەل قارايدىغان، ھەممە ئوقۇغۇچىنى بىر خىل ئۆلچەمدە ئوقۇتىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت. كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغىنى گەپ ئاڭلاش، قېتىرقىنىش، ئۆگىنىشى ياخشى بولۇش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا قىزىقىش ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىمايدۇ، بېسىپ قويىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچى پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ خىل قاراش، پەقەت بىز تەربىيەلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوپئوخشاش سەۋىيەدە قالدۇرۇپ ئوقۇغۇچىنى، مەكتەپنى، ئۆگىنىشنى ئۈچ كۆرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل ئالاقە باغلاش مۇناسىۋىتى، ئالاقە باغلاشنىڭ مەقسىتى ئەسلىدىلا ئۆز ئارا چۈشىنىش بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى چۈشىنىشتۇر. پەقەت ئۆز ئارا چۈشىنىش بولغاندىلا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولالايدۇ. چۈشىنىش، ئۆز ئارا بولۇشى،

ئوقۇغۇچىمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ جاپاسىنى ھېس قىلىشى، ئىشىنىشى، قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىشقا مايىل بولۇشى كېرەك. شۇڭا چۈشىنىش چوقۇم ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىنىڭ باراۋەرلىكى، سۆھبەت قىلالىشى، مۇناسىۋەتتە كەڭ قورساق بولۇشى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

ئومۇمەن، تىل ئوقۇ-ئوقۇتۇش نەزەرىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ئىككى تۈردىكى ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان ئۆگىنىشنى بايقىدى. پەقەت ئوقۇغۇچى ئۆگەنمەكچى بولغان تىل بىلىمگە قىزىقىش پەيدا قىلىسىلا، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، قىلچىمۇ بوشاشماي ئىنتىلىپ، نىشانغا ئۇدۇل يېتىپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ھېسسىيات ئامىلى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا، ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىگە ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى بىر تىلنى ئىگىلەش يېتەرلىك جانلىقلىقنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنى قوغداشتەك پىسخولوگىيەلىك توسالغۇنى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى نەرسىلەرنى ۋە رىقابەتنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، بۇ جەھەتلەردە، ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر قەدەر ئىلغار بولغان ئوقۇتۇش مېتودىنى قوللىنىشى، ھېسسىيات ئامىلىغا ئېتىبار بىلەن قارىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پىسخىكىلىق توسالغۇنى يوقىتىشى كېرەك چۈنكى «پىسخىكىلىق توسالغۇ ھېسسىيات ئامىلىنى بوزغۇچى» دۇر. ئىككىنچى بىر تىل ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىنى بايقاپ، يېتىلدۈرەلەيدىغان، ئوقۇغۇچى بىلەن تەڭ باراۋەر، دوستانە مۇناسىۋەت بەرپا قىلالايدىغان، بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئوقۇتۇش ئىقتىدارىغا، ياخشى ئەخلاقىي-پەزىلەت ساپاسىغا ئىگە ھەمدە ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى توغرا تونۇغان، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولغان، خىزمىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، كەسپىگە سادىق، پىداكار، ئالىيجاناب، ساپالىق ئادەم تەربىيەلەيدىغان، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقىغىچە كۈرەش قىلىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. جاڭ جيەنجۇڭ، «جەت ئەل مائارىپ ئىلمى»، [M]. خاڭجۇ، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2000.
2. شۇ دىڭفاڭ، جۇۋاڭ جىشياڭ، ھازىرقى زامان چەت ئەل مائارىپ ئىلمى نەزەرىيەسى، ئەمەلىيەت ۋە ئۇسۇل، [M]. شاڭخەي، شاڭخەي چەت ئەل مائارىپ نەشرىياتى. 2001.
3. يالقۇن: مىللەتلەر ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى سۆزلەش مەشقى، [J]. شىنجاڭ قوش تىل مائارىپى، 2000، (1).
4. ماھىرە ئەسقەر: ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئاڭلاش، سۆزلەش دەرسلىكى، [J]. شىنجاڭ قوش تىل مائارىپى، 2002، (1).
5. سەي چۇڭياۋ، «ئۇيغۇر تىلى كەسپىي مائارىپى ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئېڭى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» [J]. تىل ۋە تەرجىمە (خەنزۇچە)، 2003 (2).
6. جاۋ جىنمىڭ، «خەنزۇ تىلىنى ماندىق ئۆگىتىشكە بولىدۇ» [M]، شاڭخۇ نەشرىياتى، 2006.11
7. جاۋ گودوڭ، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيەت» [M]، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000- يىلى، 10 - ئاي .


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

34 - يىللىق 3 - سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 34 卷第 3 期
2013 - يىلى 9 - ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2013 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 05_074_03(2013) 1005_5878

# بىلىش تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان*

رەيھانگۈل ئابلىز

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بىلىش تىلشۇناسلىقى — ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ داۋامى ۋە چوڭقۇرلىشىشى بولۇپ، ئىلگىرىكى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىگە نىسبەتەن تولۇقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئاساسلىقى تىل ھادىسىسىدىكى بىلىش ئامىلىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى ۋە ئىجادىي پىكىرى مول بولغان تەتقىقات يۆنىلىشىدۇر. بۇ ماقالىدە بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ بەش تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسى، بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۈچ چوڭ تىل تەتقىقات نۇقتىئىنەزىرى ۋە بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ مېتودولوگىيەسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىندۇ.

**摘要：** 认知语言学是以前语言研究的继续和深入，是对传统语言理论的补充与发展。它试图解释语言形式的认知，可以说认知语言学是目前研究者最新的，最具有创见的语言理论。本文简述认知语言学概况，主要论认知语言学国内外研究情况，以及认知语言学长期过程中总结出来的五项主要研究题目，三项主要语言观以及其语言方法论简明而详细，易懂得方法来解释。

**Abstract:** Cognitive Linguistics is a continuation of previous research and in-depth language, added to the traditional language of the theory and development. It attempts to explain the cognitive form of languages, cognitive linguistics can be said that the latest and the most creative linguistic theory nowadays. This essay will give readers general situations of cognitive linguistics, the most important contents are the five research theme, the three linguistics review and methodology of cognitive linguistics which comes from long and profound study of cognitive linguistics.

كىتابلارنى جۈملىگە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　ماتېرىيال بەلگىسى: A

بىلىش تىلشۇناسلىقى — 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى غەرب تىلشۇناسلىرى ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن، 90 - يىللارنىڭ باشلىرى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1989 - يىلى گېرمانىيەدە چاقىرىلغان[1]، شۇندىن ئېتىبارەن بىلىش تىلشۇناسلىقى خەلقئارا تىلشۇناسلىق سەھنىسىدە تېخىمۇ يارقىن ئوبراز تىكلەشكە باشلىغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئامېرىكا، بېلگىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىلىش تىلشۇناسلىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقا - ئارقىدىن چاقىرىلغان بولۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ بارغان. 1990 - يىلى خەلقئارا بىلىش تىلشۇناسلىقى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، «بىلىش تىلشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرغان[2]. شۇندىن ئېتىبارەن بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ خەلقئارا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئورنى تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن ھەمدە مۇكەممەللەشكەن.

بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىش تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ تىل تەتقىقات سەھنىسىدىن ئورۇن ئالىسا ھەمدە ئۇنى قوللانسا، ئۇزۇن يىللار مابەينىدە تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھەمدە ئىزچىل تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان تىل ھادىسىسى مەسىلىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە مول بولغان تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىن

*بۇ ماقالە 2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: رەيھانگۈل ئابلىز(1986 - يىلى8 - ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى.

ئەتكىلى بولىدىغانلىقى، كەڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى تىلشۇناسلىرىمىز ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان تىلنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتا ۋە چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان تىل تەتقىقات قورالى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

غەرب ئەللىرىدىكى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەلىرىنىڭ تەسىرىدە ۋە تىل تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى جەريانىدا، بىلىش تىلشۇناسلىقى ئېلىمىز تىلشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ مۇھىم تەتقىقات يۆنىلىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان، بولۇپمۇ چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرىدىن ۋاڭ فۇشياڭ ئەپەندى ۋە لىيۇ رۇنچىڭ ئەپەندىمۇ 1995-يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقىغا سۇنغان دوكلاتىدا «بىلىش تىلشۇناسلىقى 20 يىلدىن كېيىن تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ قىزىق تەتقىقات تېمىسىغا ئايلانغۇسى» دەپ شەرھلىگەن ئىدى[3]. بىلىش ئىلمى، پسىخولوگىيە، نېۋروگرافىيە قاتارلىق مۇھىم ئىلىملەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان[4] بىلىش تىلشۇناسلىقى يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دېگەندەك ئەڭ قىزىق ۋە مول ھوسۇللۇق بولغان تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى.

بىلىش (cognition، 认知) — پسىخولوگىيەدىكى ئۈچ چوڭ تەتقىقات يۆنىلىشلىرىدىن بولغان خاھىش (意愿) (cognation)، ھېسسىيات (情感) (affection)، بىلىشنىڭ بىرى[5]. بۇ ئۇقۇم ئەڭ دەسلەپتە لاتىن تىلىدىكى (cogniti) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشى، شەيئي ۋە ھادىسىلەرنى تونۇش ۋە ئۆگىنىش جەريانى ھەم قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ[6]. بۇ ئۇقۇمنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ھېس قىلىشى، بارلىق شەيئي - ھادىسىلەرنىڭ ئۇقۇمىنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلىنى ھەمدە شۇ جەرياندا ئېرىشىلگەن تەجرىبە - تەسىراتلارنى كۆرسىتىدۇ[7]. يۇقىرىقى ئېنىقلىمىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىش — تىلنىڭ ئاساسى، تىل - بىلىشنىڭ كۆزنىكى. تەپەككۇرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان تىلشۇناسلىق ئىلمى بىلەن بىلىش ئىلمىنىڭ بىرىكىپ يېڭى بىر پەن ھاسىل قىلىشى، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ناھايىتى زۆرۈر بولغان تەتقىقات ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرى. تىل — ئىنسان ئىدراك پائالىيىتىنىڭ بىرى، شۇنداقلا بىلىش پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسان تونۇش قابىلىيىتىنىڭ ناھايىتى روشەن ھالدا گەۋدىلىنىشى بولۇپ، بىلىش ۋە تىل مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ناھايىتىمۇ زۆرۈر بولغان تەتقىقات خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. يىغىپ ئېيتقاندا تىلنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا چوقۇم تىل قۇرۇلمىسىنىڭ بىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىش قۇرۇلمىسىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىش ناھايىتى زۆرۈردۇر.

بىلىش تىلشۇناسلىقى - بىلىش ئىلمى نەزەرىيەسى ۋە شۇ ئاساستا ئېرىشىلگەن نەتىجىلەردىن پايدىلىنىپ، تىلنىڭ ھاسىل بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرى شۇنداقلا تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، تىل ھادىسىلىرىنىڭ قائىدە — قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى، ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىشنى ۋە ئۇنى خۇلاسىلەپ چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان تىلشۇناسلىق ئىلمىدۇر.

## 1. بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ بەش تۈرلۈك ئاساسلىق تەتقىقات تېمىسى

بىرىنچى: تىل تەتقىقات خىزمىتىنى چوقۇم ئىنسان ئۇقۇم ھاسىل قىلىش جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئىككىنچى: سۆز مەنىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدا قامۇستىكى ئۇقۇم مەنىسىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئىنساننىڭ شۇ ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىسىدىنمۇ پايدىلىنىپ قوللىنىش لازىم.

ئۈچىنچى: ئۇقۇم چوقۇم ئومۇمىي گەۋدە تەجرىبىسى (普遍躯体经验) ئاساسىدا ھاسىل قىلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ ماكان تىل تەجرىبىسى (空间经验) ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇ خىل تىل تەجرىبىسى ئىنسان ئىچكى دۇنياسىدىكى مېتافورا قۇرۇلمىسىنى شەرت قىلىش

ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

تۆتىنچى: تىلنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى كاتېگورىيەگە ئىگە بولۇپ، تىل تەتقىقاتىدا چوقۇم ئەسلىي تىپ نەزەرىيەسى (原型理论) ئاساس قىلىنىشى لازىم.

بەشىنچى: بىلىش تىلشۇناسلىقى تىل تەتقىقاتىدا ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئوخشاش فونېما، مورفولوگىيە، لېكسىكا، سىنتاكسىس، پىراگما قاتارلىق نۇقتىلاردىن چىقىپ تەتقىقات ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى تىل ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان بىرلىككە كەلگەن چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ.

## 2. بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۈچ چوڭ تىل تەتقىقات نۇقتىئىنەزەرى

بىرىنچى، تىلنىڭ تەجرىبە نۇقتىئىنەزەرى (语言的经验观). مەزكۇر نۇقتىئىنەزەر تىلنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەر خىل قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى تېپىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەكسىچە تىل تەتقىقاتىدا چوقۇم ئەمەلىي تەجرىبىنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەر تىپىك-تۈر كاتېگورىيەسى (类典型范畴) ۋە كۆرۈنۈش گىرافىك شەكىل ۋە مېتافورانىڭ ئەكس ئېتىشى (意象-图式和隐喻映现) دىن ئىبارەت ئىككى خىل تەتقىقات تۈرىدىن تۈزۈلگەن، تىپىك - تۈر كاتېگورىيەسى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل تەتقىقات نەتىجىسىنى ھاسىل قىلدى:

(1) سېمانتىكا كاتېگورىيەسى (语义范畴): سېمانتىكا كاتېگورىيەسىنىڭ ئەتراپى ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، مەلۇم بىر كاتېگورىيە فورمۇلاسى ئارقىلىق بەلگىلەشكە بولمايدۇ.

(2) سېمانتىكا كاتېگورىيەسىدىكى مەزمۇنلارنى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە (隶属关系) ئەمەس، بەلكى ئۇرۇقداشلىق (家族相似性) مۇناسىۋىتىدە دەپ قاراش كېرەك.

(3) سېمانتىكا كاتېگورىيەسى چاچما شەكىللىك (放射形状) بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا تېخىمۇ ئېنىق ھەم كونكرېت ئەكس ئېتىدۇ.

كۆرۈنۈش-گىرافىك شەكىل ۋە مېتافورانىڭ ئەكس ئېتىشى ــــ بىلىش تىلشۇناسلىقىدا ئابستراكت ئۇقۇم ئىنسان ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان دەپ قارىلىدۇ. ھەمدە ئىنسان تەجرىبە ئىسخېمىسىدا (分析模式) مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باغلىنىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى ئادەم بېشى باش كىيىم بىلەن باغلىنىپ تۇرغاندەك مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئادەم ئەسلىدىكى ئورنىدىن يۆتكەلسە، باش كىيىممۇ تەڭ يۆتكىلىدۇ[10].

ئابستراكت ئۇقۇمنى چۈشىنىشتە، مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇم ئادەم مېڭىسىدە دىئافگىراما -مېتافورا شەكلىدە ئەكس ئېتىدۇ. دىئافگىراما ۋە ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك باغلىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش باغلىنىش مۇناسىۋىتى (共现连接) ــ بىر خىل گىراماتىكىلىق تەركىبنىڭ ئىپادىلىنىشى يەنە بىر خىل گىراماتىكىلىق تەركىبنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

(2) كېسىم - خەۋەر باغلىنىش مۇناسىۋىتى (述谓连接) ــ خەۋەر ۋە ئۆزگەرگۈچى گىراماتىكىلىق تەركىبنىڭ (变元) مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئېنىقلىغۇچى ۋە مەركىزىي سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

(3) ئاتاق باغلىنىش مۇناسىۋىتى (指称连接) ــ ئالماش ۋە كۆپلىگەن گىراماتىكىلىق تەركىبلەر باشلامچى سۆز (先行词)گە تايىنىپ مەنىسىنى بېكىتىدۇ.

(4) مەنە باغلىنىش مۇناسىۋىتى (意义连接) ــ ھەرىكەت سۆز بىرىكمىسىدىكى چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىدە ياردەمچى ھەرىكەت ئەسلىدىكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، چۈشۈپ قالغان ھەرىكەت بىرىكمىسىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

بىلىش تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتى جەريانىدا ئۇقۇم ۋە تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان نۇرغۇنلىغان دىئافگىراما تېپىپ چىقتى ۋە ئەمەلىي تەتقىقات جەريانىدا قوللاندى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقات جەريانىدا ئىنسان

تىل تەجرىبىسى ۋە تەپەككۇر ئارىسىدا ناھايىتى ئېنىق بولغان باغلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ئىنسان تىل تەجرىبىسىدىن خۇلاسىلەنگەن ھەر خىل دىئافگىراممىلار تىل ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىشلىتىلسە، ئىنسان مېڭىسى ۋە تىل ھادىسىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۈنۈملۈك تەتقىقات ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقتى.

ئىككىنچى، تىلنىڭ گەۋدىلىنىش نۇقتىئىنەزەرى (语言的突显论): ئادەم مەلۇم بىر سۆزنى ئېيتقان بولسا، شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سۆزلىگۈچىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ئاكتىپلاشتۇرۇلغان (被激活) ئۇقۇم بىلەن باراۋەر تۇرىدىغان بولۇپ، ئاكتىپلاشتۇرۇلغان سۆز مەنىسى نوقۇل ئۇقۇملا بولماستىن يەنە ھەر خىل بىلىم سىستېمىسى، ئۇچۇر ۋە كۆرۈش سېزىمى ئوبرازى (视觉影像) قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ سۆز مەنىسىگە بولغان چۈشەنچىسى سۆز مەنىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تىل ھادىسىسى ئىنسان چوڭ مېڭىسىدە ئوخشاش بولمىغان تەسەۋۋۇر شەكىللىرى ئارقىلىق تەسۋىرىي كۆرۈنۈشنىڭ (想象情景) مەلۇم بىر تەرىپىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئىنسان ئۆزى مۇھتاج بولغان ياكى ئۆزى مۇھىم دەپ ئويلىغان تەرەپنى گەۋدىلىك قىلىپ تەسۋىرلەشتە ئالدى بىلەن پايدىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشنى (参照点) تاللايدىغان بولۇپ، سېمانتىكا بۇ باسقۇچتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تىل ھادىسىسىدە مۇنداق ئىككى خىل گەۋدىلىنىش بار: بىرىنچىسى، يان تەرەپ گەۋدىلىنىش (侧面突显) —ئاساسلىقى ئىسىم ۋە ھەرىكەت قاتارلىق گىرامماتىكىلىق تەركىبلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق كاتېگورىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ سىممېترىك بولماسلىقى (图形或背景不对称)— ئاساسلىقى گىرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، تىلنىڭ رامكا نۇقتىئىنەزەرى (框架观) ۋە دىققەت نۇقتىئىنەزەرى (注意观): رامكا — سۆز جۈملىلەرنىڭ ئۇقۇمغا كود تۈزۈشتىكى بىلىش قۇرۇلمىسىدۇر. رامكا نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىش (事件框架) نۇقتىئىنەزەرى بولسا، بىر گۇرۇپپا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا چاقىرىلىدىغان ياكى ئۆز-ئارا چاقىرىشىدىغان ئۇقۇم تەركىبلىرىنى ۋە شۇ تەركىبلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ۋەقە نۇقتىئىنەزەرىنىڭ تەھلىل ئەندىزىسى (分析模式) ئىككى خىل جەرياندىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرى گەۋدىلىك ۋەقە رامكىسىدىكى مەلۇم بىر قىسمىنىڭ بىلىش پائالىيىتى. دىققەت كۆزنىكى (注意窗)؛ يەنە بىرى، دىققەت قىلىنمىغان ۋەقە رامكىسى ئىچىدىكى مەلۇم بىر قىسمىنىڭ بىلىش پائالىيىتى — دىققەت چۈشۈپ قېلىش (注意脱漏). يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۈچ چوڭ تىل نۇقتىئىنەزەرى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ گىرامماتىكا قۇرۇلمىسىغا بولغان تەتقىقات دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، گىرامماتىكا تەتقىقاتىدا ئېتىبارغا ئېلىنماي قالغان نۇرغۇنلىغان تەتقىقات بوشلۇقلىرىنى تولدۇردى. بولۇپمۇ ھالەت تەتقىقاتىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات قىممىتى ۋە مېتودولوگىيەسى تىلشۇناسلىق ساھاسىدە تىل ۋە بىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇنداق ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت: ھاسىل قىلىش نەزەرىيەسى ۋە بىلىش نەزەرىيەسى، ھاسىل قىلىش نەزەرىيەسى تىلنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلىشنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئادەم مېڭىسىدە بىلىش ماشىنىسى مەۋجۇت دەپ پەرەز قىلىپ[11]، شۇ يوسۇندا تەتقىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. بىلىش نەزەرىيەسىدە تىل ئەسلا ئىنسان مېڭىسىدىكى تىل ماشىنىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئىنسان بىلىش ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ[12].

بىلىش تىلشۇناسلىقى تىل بىلەن ماشىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن يەنە ئىنسان مېڭىسىدىكى ئۇقۇم مەزمۇنىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. بۇ بىلىش پسىخولوگىيەسىمۇ تەتقىق قىلمايدىغان مەزمۇن بولۇپ، بىلىش پسىخولوگىيەسى پەقەت ئىنسان مېڭە قۇرۇلمىسىنىلا تەتقىق قىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلىش تىلشۇناسلىقى تىل قۇرۇلمىسىغا تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىنسان تەپەككۇرىدىكى ئۇقۇم

مەزمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەرخىل دىئافگىراممىا، باغلىنىش مۇناسىۋىتى ۋە مېتافورانىڭ ئەكس ئېتىشى قاتارلىق ئەندىزىلەر ئىنساننىڭ چۈشىنىش ۋە تونۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇقۇم مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇقۇمنىڭ ئىنسان تىل تەجرىبىسىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ئالاھىدىلىكى ۋە قىممىتىدۇر.

## 3. بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ مېتودولوگىيەسى

بىرىنچى، بىلىش تىلشۇناسلىقى كەڭ كۆلەمدە بىلىش ئىلمى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە نەزەرىيەلىرىنى تىل تەتقىقاتىدا قوللىنىشقا ھەمدە تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ.

ئىككىنچى، بىلىش پائالىيىتى بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدىغان تىل ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش، تىل ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە بىلىش يۆنىلىشىنى تېپىپ چىقىش ھەمدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەۋرىشكە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان ئېلمېنتلارنى كونترول قىلىپ تۇرۇش ئاساسىدا ئېنىق بولغان تەجرىبە نەتىجىلىرىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەتقىقات جەريانىدا تولا ھاللاردا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

بىلىش تىلشۇناسلىقى ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ داۋامى ۋە چوڭقۇرلىشىشى بولۇپ، ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىنى تولۇقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاساسلىقى تىل ھادىسىسىدىكى بىلىش ئامىلىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بىلىش تىلشۇناسلىقى تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدىغان ئەڭ يېڭى ھەمدە ئىجادىي پىكرى مول بولغان تىل تەتقىقات يۆنىلىشىدۇر. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىلىش تىلشۇناسلىقى تەتقىق قىلىدىغان ساھە ئەنئەنىۋى تىل بەلگە سىستېمىسىمۇ ئەمەس ياكى بولمىسا ئادەم مېڭىسىدىكى تىل ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەرتىپسىز ئەمما جانلىق قوللىنىلىۋاتقان ئىنسان تىل تەجرىبىسى ۋە ئۇقۇم ھاسىل قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مۇرەككەپ بولغان بىلىش پائالىيىتى نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، يېڭى بىر تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىلىش تىلشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى، تىل نۇقتىئىنەزەرى، تەتقىقات يۆنىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى بىر ئىلىمدۇر.

## ئىزاھلار


[1] 赵艳芳:《认知语言学概论 》, 上海外语教学出版社, 2001, 前言部分。
[2] 岑运强:《语言学概论》, 中国人民大学出版社, 2004, 第 248 页。
[3] 刘润清, 王福祥 : 认知语言学 外语教学与研究, 1995, 第 2 期。
[4] 王远新:《语言理论与方法论》, 教育科学出版社, 2006, 第 320 页。
[5] 桂诗春:《语言的感知, 理解与产生》, 湖南教育出版社, 1991。
[6] 赵艳芳:《认知语言学概论》, 上海外语教学出版社, 2001, 第一章导论。
[7] 张勇:《认知语言学研究现状及其在外语教学中的应用 》, 外语教学 2007, 第 36 期。
[8] 张辉, 祝良:《认知语言学概述》, 外语研究, 1999 年, 第 2 期。
[9] 王新远:《语言理论与方法论》, 教育科学出版社, 2006 , 336-337 页。
[10] 张辉, 祝良:《认知语言学概述》, 外语研究, 1999 年 第 2 期。
[11] 力提甫 · 托乎提:《维吾尔语及其他阿尔泰语言的生成句法研究》 民族出版社 2001 第 2 页。
[12] 张辉, 祝良:《认知语言学概述》 外语研究, 1999 年, 第 2 期。
[13] 王新远:《语言学理论与语言学方法论》, 教育科学出版社, 2006, 第 341-342 页。


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 05ـ079ـ03(2013) 5878ـ1005

# قىتانلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئەمەلناملىرى ھەققىدە*

نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن[1]، مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم[2]

(1. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)
(2. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى : ماقالىدە، ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ قىتانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى، جۈملىدىن قىتانلاردا ساقلانغان ھەم ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئەمەل ناملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：文中专门探讨了回鹘与契丹的历史关系，回鹘职官制度对契丹的影响和契丹人的部分回鹘官号。

**Abstract:** This paper exclusively studies historical relationship between Uyghur and Khitan, the effects from Uyghur official system to Khitan, especially some of the inherited Uyghur official titles in the Khitan language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K18 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618ـ907) دىلا باشلانغان بولۇپ، 744 ـ يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 3 ـ يىلى) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرققە يۈرۈش قىلىپ قىتان ۋە قۇمۇقلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىتانلار ئۇيغۇرلارنىڭ پۇقراسى بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىتان ئېلىگە نازارەتچى بەگلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان ھەمدە ئۇلاردىن يىللىق باج ـ سېلىق يىغقان. بەزى قىتان ئاھالىلىرى ھەتتا قۇللۇققا تۇتۇلۇپ، مەخسۇس چارۋا بېقىشقا سېلىنغان. بۇ ھالەت تا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋرگىچە داۋاملاشقان. خاتىرىلىنىشىچە، 842 ـ يىلى قىتانلار بىلەن قۇمۇقلاردا 800 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر نازارەتچى بەگ بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارقاتقان تامغىنى ئىشلەتكەن[1].

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ (840 ـ يىلى) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جەنۇب ۋە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قىتانلار تەدرىجىي ھالدا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىنى ئىگىلىگەن. كۆچمەي قېپقالغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بولسا قىتانلارنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا لياۋ سۇلالىسى دەۋرى(907ـ1125)دىكى تاشقى ئون قەبىلە ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغان. بۇرۇنقى قىتان ئېلىدىكى ئۇيغۇر نازارەتچى بەگلەر ۋە باشقا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى پەيدىنپەي قىتانلارغا سىڭىشىپ، كېيىنچە قىتانلارنىڭ 34 قەبىلىسى ئىچىدىكى شۇت(薛特) قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈپ گەرچە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850ـ1028)، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى (866ـ1393) ۋە قارا خانىلار خانلىقى (880ـ1212) دىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى قۇرۇپ

---

*بۇ ماقالە2013 ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن(1970ـيىلى 12ـئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. شىنجاڭ تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم (1966ـيىلى 10ـئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، شىنجاڭ تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چىققان بولىسىمۇ، لېكىن شەرقتىكى بۇرۇنقى سەلتەنەتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەن. شۇڭا قىتانلار بىلەن قوشنا بولغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى خېلى بىر مەزگىللەرگىچە قىتانلار بىلەن بىر خىل بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا داۋاملىشىۋەرگەن. بۇ ھالەت لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلغان(907-يىلى)دىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن. «لياۋ تارىخى» ۋە «ئىزچىل خاتىرىلەنگەن لياۋ تارىخى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئولپان سودىسى ناھايىتى جانلانغان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ يېرىم يىلدا بىر قېتىم لياۋ سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ ئولپان تاپشۇرغان. لياۋ سۇلالىسى خاقانلىرىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇيغۇر سودىگەر ھەم ئەلچىلىرىنى نۇرغۇن تارتۇقلار بىلەن يولغا سېلىپ تۇرغان. لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پايتەخت ئۇشتۇن ئاستانە (上京) دە مەخسۇس «ئۇيغۇرلار قارارگاھى»نى قۇرۇپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنىڭ چۈشكۈن قىلىشى ھەم سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بەرگەن[2]. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئولپان سودىسىنى ئاساس قىلغان سودا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جانلانغان. ئولپان سودىسىدا، قوغۇن، تاۋۇز، قاشتېشى، مارجان، كەركىدان مۈڭگۈزى، سىرلانغان ئەسۋابلار، تۆمۈر، قورال-ياراغ، تېرە، يىپەك، نۇشۇدۇر، كەھرىۋا، مەستىكى رۇمى قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئۇلار قىتانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلار يەنە لياۋ سۇلالىسى ئوردىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئەمەللەردە بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىي ھەربىي قوماندان، بەزىلىرى مەمۇرىي ئەمەلدار، بەزىلىرى داڭلىق خانىش بولغان[3]. ئۇلار تارىختىكى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئوردىسىغا ئوخشاش ياسالغان لياۋ ئوردىسىدا تۇرۇپ، قىتان قاغانلىرىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشقان ھەمدە لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان.

لياۋ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان(1125-يىلى) دىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. 1130- يىلى لياۋ سۇلالىسى شاھزادىسى يەللىغ تاشى قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خاقانى بىلگەدىن قىتانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىنى ۋە قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي دوستلۇقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ، ئىدىقۇت زېمىنىدىن ئۆتۈۋېلىشنى سەممىي تەلەپ قىلغان. بىلگە بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئىدىقۇت زېمىنىدىن ئۆتۈپ تازىكلار(بۇ بەزى مەنبەلەردە «ئەرەبلەر» دەپ چۈشەندۈرۈلسە، يەنە بەزى مەنبەلەردە«تاجىكلار» دەپ ئېلىنغان-ئا) تەرەپكە كېتىشىگە رۇخسەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي سوۋغات قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يەللىغ تاشى بىر مەھەل قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىمىل دەرياسى ۋادىسىدا ئۆزىنى مۇستەھكەملىۋالغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا خاقانىيەنى بويسۇندۇرۇپ، 1132- يىلى ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى كېرمان شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا قارا قىتان خانلىقى (1132-1218) نى قۇرۇپ چىققان. شۇ يىلى يەللىغ تاشى يەنە زور قوشۇن باشلاپ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىگە تېگىش قىلغان. نەتىجىدە، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى قارشىلىقسىزلا مەغلۇب بولۇپ، قارا قىتان خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىغا چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار گەرچە قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قىتانلار بىلەن باشتىن - ئاخىر قويۇق ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن. بۇ ھال كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىتان ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

## 2. قىتانلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئەمەلناملىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قىتانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد،

مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى قىتانلارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، لياۋ سۇلالىسىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە ئەمەل نامىلىرى بولغان. «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان»، «لياۋ تارىخى مەنسەپدارلار تەزكىرىسى» ۋە «قىتان دۆلىتىنىڭ تەزكىرىسى» دىكى ئالاقىدار خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قىتانلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا بىر قاتار ئەمەلدارلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، لياۋ سۇلالىسىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۇيغۇرچە ئەمەل نامىلىرى ساقلانغان:

(1) قاتۇن. «لياۋ تارىخى· خانىشلار تەزكىرىسى»دە:«قىتانلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خانىشنى‹قاتۇن›دەيتتى» دېگەن خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى «قاتۇن» بىلەن قىتانلاردىكى «قاتۇن» سۆزىنىڭ مەنىسى تامامەن ئوخشاش بولغان. «قاتۇن» ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇرلاردىكى بىر خىل ئەمەل ھەم ھۆرمەت نامى بولغان بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆز خانىشلىرىنى «قاتۇن» نامى بىلەن ئاتىغان. بۇ نام دەسلەپتە ئاساسەن ئوردىدا ئىشلىتىلگەن. كېيىنكى چاغلاردا بولسا پەيدىنپەي ئومۇملىشىپ، نىكاھلانغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلانغان. بۇ نام ھازىرمۇ ئۇيغۇرلاردا «خاتۇن»،«خوتۇن» شەكلىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ[4].

(2) ئىركىن. «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان»دا خاتىرىلىنىشىچە، «ئىركىن» (夷离堇、夷离巾) قىتانلاردىكى ئالىي ھەربىي ئەمەل نامى بولۇپ، «باش قوماندان»، «قوشۇن سەركەردىسى» دېگەن مەنىلەرنى بەرگەن. لياۋ سۇلالىسىدىن بۇرۇنمۇ قىتانلار بۇ خىل نامنى ناھايىتى كەڭرى ئىشلەتكەن. «ئىركىن»(俟斤) ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئەمەل نامى بولۇپ، «ئىركىن»، «ئىركان» دېگەن شەكىللەردىمۇ ئىپادىلەنگەن. بۇ، ئادەتتە سۆز مەنىسى بويىچە «دانىشمەن»، «دانا» دېگەن مەنىلەرنى بەرگەن ھەمدە قاغان ۋە ئالىي قوماندانلارنىڭ ئىسىملىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: «ئىركىن كۆل بىلگە»، «تېركىن ئىركىن»، «سۆكۈن ئىركىن»، «ئىركىن جەمەتى» قاتارلىقلار. ۋاڭ مىنشىن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ نامنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ھۇن تىلىدىكى «ئۆكەت» (奥鞬) سۆزىگە تۇتاشقان[5].

(3) تېكىن(تېگىن). بۇ نام ھەققىدە «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» دا: «تېكىن ياكى تېرگىن نەسەبى چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئوردا ئىشلىرى بېگىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەمەلگە خان جەمەتى ئەزالىرى، جۈملىدىن خانغا ئەڭ يېقىن بولغان كىشىلەر تەيىنلىنىدۇ» دېيىلگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ نام ئۇيغۇرلاردىكى «قاغانىنىڭ ئوغلى»(شاھزادە)ياكى «قاغانىنىڭ ئىنىسى» دېگەن مەنىنى بىرىدىغان «تېكىن» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، سۆز مەنىسى جەھەتتە ئازراق ئۆزگىرىش بولغان. « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ «تېگىن»نىڭ ئۇيغۇرلاردىكى خان جەمەتى پەرزەنتلىرى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان نام ئىكەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان[6]. يېقىنقى زامان دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، ئۇيغۇرلار بۇ نامنى فامىلە ياكى تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تەخەللۇس ھەم فامىلىلىرىدىمۇ بۇ نامنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

(4) ئۆگە. «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» ۋە «لياۋ تارىخى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، «ئۆگە» قىتانلاردىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىي ئەمەلدار بولغان بولۇپ، بۇنداق كىشى كۆپ ھاللاردا خانلىقتىكى ئالاھىدە تۆھپىكار كىشىلەردىن تاللانغان. بۇنداق ئەمەلگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى ئىنتايىن چوڭ ھەم يۇقىرى بولغان. بۇ يەردىكى «ئۆگە» نامى ئوخشاشلا ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىدىن كەلگەن بىر خىل ئەمەل نامى بولۇپ، «ھۆرمەتلىك»، «دانا»، «دانىشمەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. لياۋ سۇلالىسى بىلەن دەۋرداش بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر

خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە خاقانىيەدىمۇ بۇ خىل نام ناھايىتى كەڭرى ئىشلىتىلگەن. دېمەك قىتانلاردىكى «ئۆگە» بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى «ئۆگە» سۆزىنىڭ مەنىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان.

(5) تارخان(تارقان). «لياۋ تارىخى تەيزۇڭ خاتىرىسى» دە : «پەرمانغا بىنائەن...تارخان نائىب ئەلچىلىككە تەيىنلەندى» دېيىلگەن. «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان»دا بولسا: «تارخان ناھىيە ئەمەلدارى ئىدى، كېيىن نائىب ئەلچىلىككە ئۆستۈرۈلدى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىدىن شۇنىسى روشەنكى، «تارخان»(达剌干) قىتانلاردا بىر خىل مەمۇرىي ئەمەل نامى بولغان. بۇ نام ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ھەربىي ئەمەل نامى بولۇپ، «باش چېرىكچى» دېگەن مەنىنى بەرگەن. بىراق كېيىن قىتانلار بۇ نامنى مەمۇرىي ئەمەل نامى سۈپىتىدە قوللانغان. بۇ نام كېيىنكى چاغلاردا يەنە موڭغۇل تىلىغىمۇ كىرگەن[7].

(6) سانغۇن. «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» ۋە «لياۋ تارىخى مەنسەپدارلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سانغۇن بىر خىل ھەربىي ئەمەل نامى بولۇپ، سانغۇنلارنىڭ ئەمىلىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئادەتتە ئورگانلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرغان. لياۋ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىگىمۇ سانغۇنلار نازارەتچىلىك قىلغان. بۇ نام ئوخشاشلا ئۇيغۇرلاردىكى ھەربىي ئەمەل نامى بولغان «سانغۇن» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، قىتانلاردىكى «سانغۇن» بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى «سانغۇن»نىڭ سۆز مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش بولغان. «سانغۇن» ئەينى دەۋردىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «详稳»، «相温»، «详温»، «桑昆» دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئېلىنغان.

(7) ئېلتەبىر. «لياۋ تارىخى· دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قىتانلاردىكى «ئېلتەبىر»(夷离毕) سۆزى مەمۇرىي ئەمەل نامى بولغان بولۇپ، بۇ خىل ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي ھەم جازا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. بۇ خىل ئەمەلگە ئادەتتە ناھايىتى بىلىملىك، پاراسەتلىك، زېرەك ھەم تەدبىرلىك كىشىلەر قويۇلغان. بۇ نام ئوخشاشلا ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى ئالىي ئەمەل ھەم ھۆرمەت نامى بولغان «ئېلتەبىر»(俟利发) سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز تارىختا كۆپىنچە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى ۋە خاس ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

(8) بىرۇق(بۇيرۇق). «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» دا: «بىرۇق بىر خىل ئالىي ئەمەل نامىدۇر، بۇ ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كىشى دائىم باشقا ئەللەرگە ئەلچىلىككە بېرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ...» دېيىلگەن. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا بولسا: «... قىتان ئەلچىسى بىرۇق كەلدى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «بىرۇق» لياۋ ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەل نامى. بۇ نام ئۇيغۇرلاردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان «تامغاچ»، «ۋەزىر» مەنىلىرىگە ئىگە «بىرۇق» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، سۆز مەنىسى جەھەتتە مۇئەييەن ئۆزگىرىش بولغان. ئەمما چوڭ جەھەتتىن ئوخشاشلا بىر خىل ئالىي مەمۇرىي ئەمەل نامى بولغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇيغۇرلاردىكى «بىرۇق» سۆزى «密六»، «媚禄»، «密禄»، «梅录»، قىتانلاردىكى «بىرۇق» «梅里»، «梅李» دەپ ئېپادىلەنگەن.

(9) تارىم. «لياۋ تارىخى دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان»دا خاتىرىلىنىشىچە، «تارىم»(挞林) قىتانلاردىكى بىر خىل مۇھىم ئەمەل نامى بولغان بولۇپ، «يانداش بەگ»،«ئەمرى مىمار»،«چېگرا چارلىغۇچى ئەمەلدار» دېگەن مەنىلەرنى بەرگەن. بۇ نام ئۇيغۇرلاردىكى ئەمەل ھەم ھۆرمەت نامى بولغان «تارىم»(铁林)سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدا خاس كىشى ئىسمى ياكى بىر خىل ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرگەن. خاقانىيەدە بولسا قاغاننىڭ قاتۇنى ۋە شاھزادىلەرنىڭ خاس نامىنى كۆرسەتكەن. دېمەك ئۇيغۇرلاردىكى «تارىم»(بۇ بەزى مەنبەلەردە «تەڭرىم»نىڭ ياسالما سۆزى دەپ ئېلىنغان-ئا) كىشى ئىسمىنى بىلدۈرسە، قىتانلاردىكى «تارىم» مەخسۇس ئەمەل نامىنى كۆرسەتكەن. بۇ نام كېيىن جۇرجىت تىلىغىمۇ كىرىپ، ئۇلاردا «چېگرا

سانغۇنى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ئومۇمەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى قىتانلاردا ساقلانغان ھەم ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان ئاساسلىق ئۇيغۇرچە ئەمەل ناملىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىتانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

## ئىزاھلار


[1] «لياۋ تارىخى»(«نەسەبنامە»)،63ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 1974ـ يىلى نەشرى، 956ـ بەت.

[2] «لياۋ تارىخى»(«جۇغراپىيە تەزكىرىسى»)، 37ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 1974ـ يىلى نەشرى، 441ـ بەت.

[3] «لياۋ تارىخى»، 22ـ جىلد(داۋزۇڭ خاتىرىسى)، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 1974ـيىلى نەشرى، 262 ـ 263ـبەتلەر.

[4] [6] مەھمۇد قەشقەرى:« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(1ـتوم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980ـ يىلى نەشرى، 533ـ، 539ـ بەتلەر.

[5] ۋاڭ مىنشىن:«‹لياۋ تارىخى›دىكى قىتانچە ئەمەل ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «قىتان تارىخى ھەققىدە تاللانما»، تىيەنجىن شۆخەي نەشرىياتى، 1973ـ يىلى نەشرى، 140ـ بەت.

[7] يۇ باۋلىن:«قەدىمكى زامان قىتان تارىخى»، خۇڭشەن كىتابچىلىقى، 1998ـ يىلى نەشرى، 274ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-084-04

# ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى*

## ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى تارىختىن بۇيان شانلىق ئەنئەنە، كۆپ خىل شەكىل ۋە روشەن مىللىي خاسلىقنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**维吾尔人的古代文书和书籍文化具有悠久的历史过程，这种文化现象长久以来形成了多彩多样的光辉传统和民族特色。本文就维吾尔族人民古代文书和书籍文化的产生极其有些特征作者进行自己简要地论述和探讨。

**Abstract:** The writ and book culture of Uyghur has a long history. It has been a part of colorful national feature and glorious tradition of Uyghur culture. This paper mainly discusses origin and several features of Uyghur writ and book culture.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K103 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار ئېلىمىز شانلىق تارىخ ۋە مول ھەم رەڭگا-رەڭ مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى ياراتقان ئىجاتكار مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پۈتۈكچىلىك-كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار ئۇيغۇرچە كىتاب-ۋەسىقىلىرىمىزدە ئىزچىل ھالدا ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ۋە يېزىش قوراللىرىنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، ياسىلىشى ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولغان يېزىش ۋە ئوقۇش قوراللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ئارقىلىق ياساپ چىققان. ئۇلار ئادەتتىكى ھۆسنى خەتلەردىن تارتىپ، چوڭ لەۋھەلىك خەتلەرگىچە قەلەمدە يېزىپ كەلگەن. خەت-قەدىمكى تىلىمىزدا پۈتۈك دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما شەكىلدىكى رەسمىي پۈتۈكلىرى ئاساسەن ئوتتۇرىدىن ئاجرىتىپ ئۇچلاپ ياسالغان ياغاچ قەلەملەر ياكى قومۇش قەلەمدە يېزىلاتتى، قىسمەن غەيرىي رەسمىي پۈتۈكلەر ۋە تام رەسىملىرىنىڭ ئۈستىدىكى بېغىشلىمىلارنى ھەر خىل ياغاچ قەلەملەر بىلەن يازغان. ياغاچ قەلەم ئادەتتە پۇتاقسىز ئۆسۈدىغان يەرلىك سۆۋادان تېرەكنىڭ ياغىچىدا ياسىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى ‹Qalam›ئاتالغۇسى پارس تىلىدىكى «Qalam»، سانسكرىت تىلىدىكى «Kalama»، گرېك تىلىدىكى «Kalamus» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەجدادلىرىمىز قومۇش ياكى ياغاچتىن ياسالغان خەت پۈتۈش قورالىنى «قەلەم» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە «ئۈچ-تاغدا ئۆسۈدىغان بىر خىل دەرەخ، تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە يىك، ھاسا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ياسىلىدۇ»[1] دەپ خاتىرە قالدۇرغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خەت- پۈتۈك ياكى كىتابلار ‹بىتىگ› دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ پېئىل شەكلىدە قوللىنىلىشى‹Biti› (يېزىش، يازماق، پۈتمەك)، ئىسىم شەكلى ‹بىتىگ› (خەت، كىتاب، ماقالە-ئەسەر) دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. تۈركىي خەلقلەر كىتاب يېزىشنى ‹بىتىگ بىتمەك› ، كىتابنىڭ يېزىلغانلىقىنى بايان ‹بىتىگ بىتىلدى› ياكى ‹بىتىگ بىتىندى›دەپ ئىپادە قىلاتتى[2]. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەلۇماتىدىن كىتاب كۆچۈرۈشنى بەزىلەر ‹بىتىگ يولماق›دېسە، بەزىلەرنىڭ

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 2- ئاينىڭ 22- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلاجان مۇھەممەد(1963-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

‹بىتىگ كۆچۈرمەك› دەپ ئاتايدىغانلىقى مەلۇم. ‹خەتتاتلار كىتاب يېزىپ پۈتۈۋاتقاندا خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان جايلىرىنى ئۆچۈرۈشنى ‹بىتىگ يوزماق›دەپ ئاتاشقان[3]. كاتىپلار كۆچۈرگەن خەتلەرنىڭ ئىملاسىنى ئۆچۈرۈپ-تۈزىتىدىغانلار ‹كەلەمتاراچ ›دەپ ئاتالغان.

ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ ياغاچ ياكى قومۇشنىڭ ئۇچىنى ئۇچلاپ ئۇنىڭ بېشىنى ئازراق قىرىپ ئۇچلىغاندىن كېيىن سىياھقا چىلاپ خەت يازغان. بۇ خىل يېزىقچىلىق شەكلى كېيىنكى دەۋردىمۇ تۇرلۇك يازما پۈتۈك-ۋەسىقىلەرنى پۈتۈشتە ئۇزاق مەزگىلگىچە داۋاملاشقان. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ 4- بابىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار تولۇق بىرلىككە كېلەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىيەت بويۇمى ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ مويلىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ موي قەلەم ئىشلىگەن. ئۆزلىرى ياسىغان ھەر خىل قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۇستىگە سىياھ قۇيۇپ، قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى ‹سىياھدان›، ‹دۇۋەت› دەپ ئاتايتتى. ئۇجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىڭزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دېگەن بايانلار بېرىلگەن. مانا بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 5-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەردىلا ھەر خىل يېزىقچىلىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقى شۇنداقلا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان پۈتۈكچىلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. موي قەلەمنى بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پىر» («pir») ياكى «پىئىت» دەپ ئاتاشقانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابەتچىلىك-پۈتۈكچىلىكىدە ئىشلەتكەن تۈرلۈك ماتېرىيال-قوراللارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. شەكلىمۇ ھەر خىل. بۇنىڭ ئىچىدە دۇۋەت، سىياھ ۋە كىتاب ئوقۇش سايمانلىرىمۇ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دۇۋەت ۋە سىياھلار ئالاھىدە يەرلىك ۋە مىللىي ئۇسۇلدا ياسالغان.

«« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ›دىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ كالىنىڭ مۈڭگۈزىدىن دۇۋەت (سىياھ قۇتىسى)ياساپ ئىشلەتكەن. بۇ ‹شۈتۈك›دەپ ئاتالغان. ‹دىۋان›دا يەنە ‹بىتگۈ› سۆزىنىڭ ‹تۈرك دۇۋىتى›دەپ ئىزاھلانغانلىقى بىزنى شۇ دەۋردە تۈركى خەلقلەردە كىتاب يېزىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلالايدۇ»[4]. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامانغىچە خەتتاتلىق، پۈتۈكچىلىك، كاتىپلىق ئىشلىرىدا ياغاچ قەلەم بىلەن خەت يېزىپ كىتاب ۋە ھۆججەتلەرنى پۈتكەن. قەدىمكى كىتاب-ۋەسىقىلىرىمىزدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈكچىلىك، كىتابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ خانلىق ئوردا ياكى يەرلىك دىۋانخانىلاردىكى پۈتۈكچىلىك ۋە جامائەت ئارىسىدىكى ئاۋام پۈتۈكچىلىكى دەپ ئىككى خىل بولغان. ئوردا دىۋانخانا ياكى مەھكىمىلەردىكى پۈتۈكچىلەر ‹ئىلىمگاھ›دەپ ئاتالسا، ئاۋام خەلقنىڭ خەت-پۈتۈك ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى كىشى ‹بىتكۈچى› (ئۆزگەرگەن شەكلى پۈتۈكچى) دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا پۈتۈكچىلىك-كىتابەتچىلىكنى خاسىيىتى زور، ئۇلۇغ كەسىپ دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، گۈزەللىككە، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچانلىقى، گۇمانىتارلىق روھى ۋە ئادىمگەرچىلىك خىسلەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەن. بۇ خىل ئەنئەنە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «ئالتۇن يارۇق»تىكى كىتاۋ بەگ ھېكايىسىدە ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈپ تارقىتىلىشى ۋە كىتاب كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدىغان ئەقىدىگە دائىر تەپسىلاتلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. قەغەز ئەرەب تىلىدىكى ‹كاغەز›سۆزىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى خەت يېزىش، خەت پۈتۈش ماتېرىيالى دېگەنلىك بولىدۇ. « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «بىتىگلىك ئەر» سۆزى «قەغىزى بار ئادەم»[5] دەپ ئىزاھلانغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا بىتىگ سۆزىنىڭ يەنە خەت يازىدىغان قەغەز ياكى يازما دېگەن مەنىلەرگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياھنى ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش تارىخىمۇ ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە تاشقا ئويۇلغان سىزما رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىگە رەڭ ياكى بوياق بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي سىياھ - رەڭ چۈشەنچىسىدىن ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياھ ياساپ، ئۇنى پۈتۈكچىلىكتە ئىشلىتىشىنىڭ جەريانى ۋە ئۇسۇللىرىنى بىر قانچە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

(1) ئەجدادلىرىمىز تەبىئىي ئۆسۈملۈك بولغان لەيلى قازاق گۈلى(قاراگۈل)، يۇلغۇن قاتارلىقلارنىڭ گۈل- چېچىكى، قارا مېۋە (قارا ئۈجمە، قارا ئۆرۈك)ئانارنىڭ پوستى قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىي رەڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇلارنى يومشاق سوقۇپ، ئۇنى ئېرىتىپ سىياھ - رەڭ ياساپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەت- پۈتۈكلەرنى يازغان.

(2) ئۇيغۇرلار قازاننىڭ كۈيىسى، مور ياكى جىن چىراقنىڭ كۈيىسى قاتارلىقلارنى قىرىپ يىغىۋېلىپ ئۇلارنى شىرنە، يەر يېغى، سۇ ماي قاتارلىق يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىياھ ياساپ، ئۇنىڭدا خەت-پۈتۈكلەرنى پۈتكەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆي ئىگىلىرى ئوچاقلارنىڭ مورىسىنى تازىلىغان ياكى قازاننىڭ قارىسىنى قىرىپ ئۇنى تازىلاش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى ئەشۇ كېرەكسىز قارا ماددىلارنى يىغىپ قويغان، ئۇلارنى پۈتۈكچىلەر ئەپچىل قوللىرى بىلەن يۇمشاق ئېزىپ يەر يېغى، ماي ياكى باشقا سۇيۇق نەرسىلەر بىلەن ئېرىتىپ سىياھ قىلىپ ئىشلەتكەن. مانا بۇ تەبىئىي ياسالغان يەرلىك سىياھ ئىدى. ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى يارباشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابلىمىت مۇھەممەدى(ھازىر 73 ياشتا) نىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ كارخانىسىدا كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، مەرپەتپەرۋەر زات مۇھەممەت تاھىراخۇن خەلپىتىم (بۇ كىشى ياغاچ مەتبەئە ياسىغانلىقى ئۈچۈن مەتبەئە خەلپىتىم دەپمۇ ئاتالغان) نىڭ 20- ئەسىرنىڭ 30-، 40 - يىللىرىدا ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ئامۇت، ئۈجمە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەختىن ياسالغان ياغاچ كۆپلەرگە تەڭشەلگەن تۈرلۈك سىياھلارنى ئىشلىتىپ خەت- پۈتۈكلەرنى يازىدىغان ۋە مەتبەئەچىلىكتە ئىشلىتىدىغانلىقى مەلۇم.

(3) بەزىدە گۈرۈچ ياكى مېۋە ئۇرۇقىنى كۆيدۈرۈپ ئۇنى ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەبىئىي سىياھ ياساپ چىققان.

(4) ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈكچىلىك تارىخىدا گىل، گەج، رودا قاتارلىق مەدەنلەرنىڭ سۈركىگەندە رەڭ- ئىز قالدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ ئۇلارنىمۇ قىسمەن ھالدا پۈتۈكچىلىكتە ئىشلەتكەن. ئەجدادلىرىمىز تارىختا راك دەپ ئاتالغان رەڭ- بوياقنى بوياقچىلىق كەسپىدە بىر قەدەر كەڭ ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن ياسىلىپ چىققان بويۇم زاڭگا دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە زەپە سۈيىدىن ياسالغان نىلرەڭ بوياقلارنىمۇ ئالاھىدە خەت، باشبەت ۋە لەۋھەلەرنى پۈتۈشتە ئىشلەتكەن. بۇ خىل رەڭ - بوياقلاردا كىتابلارنىڭ ماۋزۇ ۋە ئايرىش بەلگىلىرىنى ئالاھىدە پەرقلىق يېزىپ چىققان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل رەڭلەر ئىچىدە قارا رەڭنىڭ تەبىئىي ھەم ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى، ئاسان ئۆڭمەيدىغان، كۆزگە زىيانسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ پۈتۈكچىلىكتە ئىشلىتىدىغان سىياھنى قارا رەڭنى ئاساس قىلىپ ياساپ چىقىپ، ھەر خىل خەت-پۈتۈكلەر ۋە كىتابلارنى يېزىشقا ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇرلاردا پۈتۈكچىلىك كەسپىنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپلا قالماستىن ئۇنىڭ تۈرىمۇ كۆپ. خەلقىمىز ئارىسىدا كەسپىي خەت پۈتكۈچى ۋە كۆچۈرگۈچى پۈتۈكچى ياكى پۈتۈكچى موللام دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس پۈتۈكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەر بولغان. ئۇلار ھەر كۈنى قازىخانىلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەت-پۈتۈك يېزىشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئەرز - دەۋا، ھۆججەت توختاملىرى ياكى سالام خەتلىرىنى يېزىپ بېرىش، باشقىلارغا كىتابلارنى كۆچۈرۈپ بېرىش بەدىلىگە تىرىكچىلىك قىلغان. شائىر نىزارىمۇ بىر مەزگىل مۇشۇ كەسىپنى قىلغان. يەنە بەزى چوڭراق پۈتۈكچىلەر ئۆز ئۆيىدە بۇيرۇتقانلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆچۈرۈپ بەرگەن. يەنە بەزىلىرى مەخسۇس ئوردا كاتىپى بولغان. تارىختا موللا مۇھەممەد رەھىم مىسكىينى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ، موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدوغوپۇر بەگ، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نىزارى قاتارلىق داڭلىق شائىر-ئەدىبلەرمۇ بىر مەزگىل مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. بەزى يازغۇچى ئەدىبلەر

ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆزى بىر قانچە نۇسقا كۆچۈرۈپ يېزىپ چىققىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. مەخسۇس كىتاب كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى پۈتۈكچى(كاتىپ)لار قەغەزلەرنى مەلۇم ئۆلچەمدە كېسىپ تەييارلاپ، ئاندىن مەستەر دەپ ئاتالغان سىزغۇچ بىلەن ئۇنىڭ سىزىقى ۋە بەت چۆرىلىرىنى ئۆلچىۋېلىپ، شۇ ئۆلچەم بىلەن خەتلەرنى تۈز، رەتلىك ۋە چىرايلىق يېزىشقا ئادەتلەنگەن. پۈتۈكچىلەر خۇددى ياغاچچىنىڭ شال تىلىشتىن ئاۋۋال ياغاچقا تۈز قارا سىزىق چېكىدىغان تانىغا ئوخشاش بىر بېشى تومراق، يەنە بىر تەرىپى ئۇزۇنراق بولغان كۆندىن ياسالغان مەخسۇس قەلەم، دۈۋەت-سىياھ سېلىپ ساقلايدىغان قاپچۇق يەنى قەلەمدانىنى ئىشلەتكەن. بۇ قەلەمدانىنى قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلار بەزىدە بېلىگە ئېسىۋالىدىغان ئادەتلەر بولغان. بۇ قەلەمدانىنىڭ تۇم تەرىپىگە دۈۋەت، ئۇزۇنراق تەرىپىگە قەلەم سېلىنىغان. دۈۋەت -ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، تىلىمىزغا ئەينەن ئۆزلەشكەن. ئەجدادلىرىمىزدا «دۈۋەت- سىياھ قاچىلايدىغان مەخسۇس قۇتا، سىياھ قۇتىسى» [6] ئىدى.

ئۇيغۇرلاردا كىتابلارغا ئالتۇندىن ھەل بەرگۈچى، چىرايلىق نەقىشلىگۈچى‹ كىتابى مۇزەھھەب› لەر، كىتابلارغا قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى ‹كىتابى مۇھەۋۋەر›لار، كىتابلارنىڭ خاتا خەتلىرىنى قىرىپ ئۆچۈرۈپ تۈزەتكۈچى ‹كىتابى قەلەمتاراچ›لار، كىتابلارنى شىرازلاپ، بەت بېزىگۈچى ۋە مۇقاۋىلىغۇچى ‹كىتابى شىرازكەش›لەر، كىتابلارغا كۈن-خورومدىن مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى ‹كىتابى لەۋۋاھ›لار بولغان. كىتابلار ئىنتايىن كۆركەم ۋە چىرايلىق ئىشلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بۇيان كىتاب ئوقۇشنىڭ ‹كىتابنى دىققەت بىلەن ئوقۇش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش، ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش، كىتاب ۋاراقلىرىنى ئەدەپ بىلەن سىلىق ھالدا ئوڭدىن سولغا ئۆرۈش»قاتارلىق بىر قاتار قائىدە-پرىنسىپلىرى بولغان، كىتابلارنى رېھىل ئۈستىگە قويۇپ ئوقۇشقان. رېھىل ئۈجمە ياغىچىدىن نەپىس ياسالغان قاتلىنىدىغان، ھەر خىل گۈل-نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن قورال بولۇپ، كىتابنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوقۇغاندا، ئۇنى خالىغانچە تەڭشەپ ئوقۇشقا قولايلىق بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە كىتاب، پۈتۈك بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈش ئارىلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، كۆرۈش ئارىلىقىنىڭ جايىدا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ چارچاشنى ئازايتقىلى بولاتتى. ئەجدادلىرىمىز يەنە كىتاب ئوقۇغاندا خەتكۈچ دەپ ئاتالغان كۆن، تارشا قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئاددىي قورالنىمۇ ئىشلەتكەن(بەزىدە ئۇ قاتتىق قەغەزدىن ياسىلاتتى). بۇ بىر تەرەپتىن، كىتاب ئوقۇغۇچىنىڭ كىتابتىكى ئۇششاق خەتلەرنىڭ قۇرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈشكە قولايلىق ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىتابنى ئوقۇۋېتىپ ئارىلىقتا توختىغان جايغا قىستۇرۇپ قويۇپ، كېيىن داۋاملىق ئوقۇغاندا شۇ جاينى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

ئومۇمەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتۈكچىلىك، كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مىللىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە. يەنە خەت-پۈتۈك ياكى كىتابلارنى يېزىش-كۆچۈرۈش، ئىشلەش ھەمدە بۇلارغا ئالاقىدار قوراللىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى خىلمۇ-خىل بولۇپ تەبىئىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. بۇ خىل ئېتنىك مىللىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بىزگە خەلقىمىزنىڭ كىتابەتچىلىك تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تۈر ۋە شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەريانىدا يۈكسەك ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئىنچىكە كەسپلىشىش ۋە نازۇكلىشىشتەك جەريانغا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] [4] [5] مەھمۇد كاشغەرى « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1-توم، 49-، 50-، 466-بەتلەر.
[2] [3] رىشات گەنج: «« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ›دىن 11- ئەسىردىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 273-، 274 - بەت.
مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1-توم.
[6] ھەمدۇللا ئابدۇراخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 251-بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 09- 088- 03(2013) 5878- 1005

# «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» نىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە*

ئابدۇللا مەتقۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مەكتەپ گېزىتى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسى مەكتىپىمىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايەن قىلىدىغان مۇھىم بىر كۆزنەك. يېقىنقى يىللاردىن بويان ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، بەدىئىي جەھەتتىنمۇ كىتابخانغا خېلىلا يۇقىرى ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بۇ ماقالىدە مەزكۇر گېزىتنىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسىدىكى ئەسەرلەر مەزمۇن دائىرىسى ۋە ئېستېتىك قىممەت نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要：**《新疆大学报》的“花园”栏目是新疆大学兴趣文学创作的学子展示他们创作成果的一个平台。近年来，其中发表的各种体裁的文学作品，内容上涉及到当代大学生生活的各个领域，艺术上也给人以相当高的美的感受。本文对该报“花园”栏目近年来的作品进行内容层次和审美价值等方面的分析和研究。

**Abstract:** The “Garden” column of “Xinjiang University Newspaper” can be seen as a platform to show literary works from university students. Recently, the content of writings already involved in every field of modern university students’ life, and the quality of writings also becomes pleasurable. This paper mainly analyzes literary works recently published on the “Garden” column from the aspects of content hierarchy and aesthetic value.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار ».

— ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىپ- سەنەم» دىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان مەكتەپ گېزىتى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇ- ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتتىكى يېڭىلىقلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ سىياسىتىگە ئائىت يېڭىلىقلىرىدىن ئىلمىي ئۇچۇر بېرىدىغان، مەكتىپىمىزدە بولۇپ تۇرىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىدىغان ۋە رايونىمىزدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان مۇھىم تاراتقۇ. ئۇ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان 316 سانىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ ۋە كۆزنەكلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ، مەكتىپىمىز ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تاراتقۇ يەنە ھەرقايسى قارار، ھەرقايسى كەسىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارىي قىلدۇرۇشىغىمۇ تېگىشلىك سورۇن ھازىرلاپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسى مەكتىپىمىزدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىدىغان ۋە بۇ جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىش ۋە تەربىيەلەش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. 2007- يىلىنىڭ بېشىدىن بۇيانقى بەش يىللىق ئەھۋالنى ئىستاتىستىكا

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 5- ئاينىڭ 13- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدۇللا مەتقۇربان(1959-يىلى9-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، چەت ئەل ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قىلغاندا، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى 2011- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 49 سان چىقىرىلغان (2007- يىلدا 12 سان، 2008- يىلدا يەتتە سان، 2009- يىلدا 10 سان، 2010- يىلدا 10سان، 2011 ـ يىلدا 10سان) بولۇپ، ئۇنىڭ 34 بېتىدە «گۈلباغ» سەھىپىسى تەسىس قىلىنغان (2007- يىلى يەتتە بەت، 2008- يىلى بەش بەت، 2009- يىلى يەتتە بەت، 2010 - يىلى يەتتە بەت، 2011- يىلى سەككىز بەت ). ئۇلاردا 109 ئاپتورنىڭ 110پارچە شېئىرى، 16 ئاپتورنىڭ 16پارچە ھېكايىسى، 17 ئاپتورنىڭ 17پارچە نەسرى، ئىككى ئاپتورنىڭ ئىككى پارچە ئەدەبىي ئوبزورى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ بىر پىرسەنت ئەتراپىدىكىسى ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى بولغانلىرىدىن سىرت قالغانلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. بۇلاردىن بىر قىسىملىرى ئوقۇشىنى تاماملاپ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسىملىرى تېخىچە مەكتەپ قوينىدا ئوقۇۋاتىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئاپتورلار «گۈلباغ»نى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي مېھنەتلىرىدىن پۈتكەن مەشىق خاراكتېرىدىكى ئاچچىق- چۈچۈك ئەسەرلىرى بىلەن بېزەپ، بۇ سەھىپىنىڭ جانلىنىشىغا، كۈندىن- كۈنگە رەڭدار تۈس ئېلىشىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھەسسە قوشقان، ھازىر مەيلى قايەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئاپتورلارنىڭ «گۈلباغ»قا تۆككەن تەرلىرى ئۇنتۇلمايدۇ، ھازىرقىلارغا ۋە كېيىنكىلەرگە مەڭگۈ ئىلھام بېرىدۇ.

«گۈلباغ»دا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام، ئۇلار تېما جەھەتتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، دوستلۇق- ئىناقلىق، تىرىشچانلىق، ئاتا - ئانىغا ۋاپادارلىق، ئىنسانىي بۇرچ، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم، كىشىلىك مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇش، ھورۇنلۇق، ئالدامچىلىق، قىزىلكۆزلۈك، تۇزكورلۇقلارنى ئەيىبلەپ قامچىلاش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. ئۇلاردا ياشلىق شىجائىتى ۋە ئاجايىپ قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇلار نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئاساسىي مېلودىيەسى بولۇپ، «گۈلباغ» ئەسەرلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئەشۇ ئومۇمىي مېلودىيەگە ياندىشقان دېيىشكە، تامامەن بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى «گۈلباغ»دىكى چېچەكلەرگە ئوخشاتساق، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىكى بۇنداق كۆپ خىللىق بۇ «باغ» قا ئوخشىمىغان تۈس بېغىشلاپ، ئۇنى ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ، ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە ھوزۇر ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

1. «گۈلباغ» شېئىرلىرى : بەش يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتىنىڭ «گۈلباغ» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي ئەدەبىي ئەسەرلەر سانىنىڭ %70تىنى ئىگىلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ھاياتى تۈرلۈك رىقابەتتىن باشقا يەنە قىزغىنلىققا تولغان، ياشلىق ھەۋەسلىرى يېتىلىپ ۋايىغا يېتىدىغان، شېئىرىي ھاياجان ئىچىدە ئۆتىدىغان ھايات. «گۈلباغ» شېئىرلىرى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەشۇنداق ھەۋەس ۋە شېئىرىي ھاياجىنىنىڭ شېئىر شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇلاردا دەۋرىمىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىزغىنلىقى، چاپچىپ تۇرىدىغان ياشلىق شىجائىتى، ئۈمىدۋارلىقى، شۇنىڭدەك ساغلام روھىي دۇنياسى نامايەن قىلىنىدۇ. بۇنداق قىزغىنلىق، شىجائەت، ئۈمىدۋارلىق ھەم ساغلام روھىي ھالەت ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى نورمال داۋاملاشتۇرۇش، يېقىن كەلگۈسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى بولۇپ، بۇ جەھەتتىن «گۈلباغ» شېئىرلىرى بۈگۈنكى ئىستۇدېنتلىرىمىز مەنىۋىيىتىنىڭ ئوبرازلىق ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ.

«گۈلباغ»دىكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى لىرىكا. ئۇلارنى مەزمۇنىغا ئاساسەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى لىرىكىلار، تەبىئەت لىرىكىلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى، شۇنىڭدەك تۇرمۇش لىرىكىلىرى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەيلى قايسى تۈردىكىسى بولسۇن، ئۇلاردا شېئىرنىڭ مۇھىم ئامىلى بولغان ھېسسىيات خېلىلا قېنىق، مەزمۇن خېلىلا تېرەن.

تەكلىماكان دەپ سوقىدۇ يۈرىكىم،  
تومۇردا ئاققاچ ئۇنىڭ تامچىسى.  
مەن تاۋلانغان ئوت ماكان قۇم باغرىدا،

بولۇش ئۇچۇن شۇ قۇملۇقنىڭ دانچىسى.
ئابدۇرازاق ئوسمان:«يۇرت سۆيگۈسى»، 2010ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى.

بوۋاق چېغىم ۋىلىقلاپ كۈلدۈم ئانام باغرىدا،
قىران ياشلىق چېغىمدا قۇۋۋەت بەردى ۋەتىنىم.
ئۆمرۈم ئۆتكەچ زەپ شېرىن خەلقىم بىلەن ھەمنەپەس،
ۋەتەن بىرلە ئېچىلدى، ئۆمۈر گۈلۈم، قۇت ـ بەختىم.
تۇرسۇن قۇربان:«مەن ۋە ۋەتەن»، 2011ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى.

بۇ مىسرالار قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئۇلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئانا يۇرتنى، ئۇنىڭ ھەر بىر تال قۇم دانچىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئەل ـ كۈن بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقىچە كونكرېتلاشقان ۋە ئوبرازلاشقان.

كېپىنەكلەر ئۇينىسا ئۇسسۇل،
مەيىن شامال تەڭكەش قىلىدۇ.
ئىللىق قۇياش چېچىپ نۇرىنى،
گۈل ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ.
راھىلە سۇلايمان: «تەبىئەت قوينىدا»، 2008ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنى.

ۋىژ ـ ۋىژ شامال يوق جاندىن ئۆتكىدەك،
سارغايغان دەرەخلەر مىسالى چۆشتەك.
يىغلاشتىن توختىدى، سۆكۈتتە ئاسمان،
چېلىنماس يامغۇرغا بىرەر ۋاخ پۇشتەك.
پەرھات ئابدۇۋەلى: «سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى»، 2010ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى.

ئانا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە بېغىشلانغان بۇ مىسرالارنى ئالدى بىلەن شېئىر سۈپىتىدە ئوقۇپ زوقلىنىشقا، ئاندىن يېقىملىق مۇزىكا سۈپىتىدە ئاڭلاپ، ئاخىردا رەڭ ـ بوياقلىرى ئاجايىپ مۇۋاپىق تەڭشەلگەن داڭلىق مايبوياق رەسىملەرنى كۆرگەندەك كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلاردا تەبىئەت جانلىنىپ ھەرىكەتكە كېلىدۇ، تىلغا ۋە ئۆزگىچە رەڭ ـ تۈسكە كىرىدۇ.

تورۇپ كەتسە قىزىل گۈل بۆۋاق،
يۈرەك تۈتۈپ ئېچىنارسەنمۇ ؟!
باھار كېلىپ ئېچىلسا يەنە،
قول سۇنۇشقا پېتىنارسەنمۇ ؟!. . .
(مېھرىبان توختى: «قول سۇنۇشقا پېتىنارسەنمۇ؟» 2009ـ يىلى5ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنى)

قەددىڭنى ھېچكىمگە قىلمىدىم تەققاس،
نۇر بىلەن قەلبىمگە سىزدىم خىيالەن.
سېغىنسام تەۋەرۈك سۆزلىرىڭنى گاھ،
سىرداشتىم سېھىرلىك چۆچەكلىك بىلەن. . .
تۇرسۇن قۇربان:«پارچە چۆچەك»، 2009ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنى

يۈرىكىم تونۇماس ئۆزگە يۈرەكنى،
ھېچكىممۇ سېنىڭدەك قىلالمىدى رام.
جان تەندىن چىقسىمۇ، چىقمايدۇ سۆيگۈڭ،
بۇ كۆيۈش مەڭگۈگە قىلىدۇ داۋام. . .
ياسىن ئىمىن:« مەڭگۈلۈك كۆيۈش»، 2010ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنى.

بۇ مىسرالار «گۈلباغ» مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرى بولۇپ، ئۇلاردا ئىنسانىي مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن، شۇنداقلا قىز ـ ئوغۇل ياشلىرىمىزنىڭ ساغلام مۇھەببەت قارىشى ئىپادىلەنگەن.

مۇزلىغان زېمىن،
يېپىنچىسى قالمىدى بەلكىم.
يىغلىغان زېمىن،
كۆزىگە ياش كەلمىدى بەلكىم.
ھۆۋلىغان زېمىن،
ھېچكىم قولاق سالمىدى بەلكىم.
. . . . . .
(پەرھات ئابدۇۋەلى: «ئاخىرقى تۇپراق»، 2009ـ يىلى5ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنى.

خىياللىرىم كاككۇك بالىسى،
ئانا ئىزدەپ تاپالمايدىغان.
خىياللىرىم كاككۇك نالىسى،
زېمىنەپ ئىزدەپ يېتەلمەيدىغان.
خىياللىرىم ئازابلىق ھوجرا،
ئاھ، تولغىنىپ ياتالمايدىغان.
خىياللىرىم ماۋزۇسىز تېما،
بىر ژانىردا يازالمايدىغان. . .

ئابدۇغېنى ئابدۇراخمان: « خىياللىرىم»، 2009- يىلى5- ئاينىڭ 30- كۈنى.

بىر چاغلار گۈل چاغلار، جەننەتتەك ۋىسال،
ئىلىندى شاخلارغا چولپان، تولۇن ئاي.
سىرداشتۇق تاڭغىچە ئاي- يۇلتۇز مىسال،
تاغۇ- تاش، گۈل- دەريا، سۆيگۈلەرگە باي،
شاھ بولدۇم سۆيگۈگە، بولدۇڭ سەن ھەمسال،
ئايلاندى بوستانغا قەلبلەردە ساي. . .

ياسىن مەتنىياز: «كۈتۈش»، 2011- يىلى 5- ئاينىڭ 20- كۈنى

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇلغان تەسەۋۋۇر شېئىرىي پىكىرنى ھەقىقىي مەنىدە ئاجايىپ تېرەنلىككە ئىگە قىلغان، ئۇلاردا ھاسىل قىلىنغان شېئىرىي كەڭلىك ۋە دائىرىسىنى بېكىتىش قىيىنغا توختايدىغان شېئىرىي مەنا كىتابخان تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا شېئىرنىڭ قۇدرىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرىدۇ. بۆلەكلىرىدىن مىسال ئېلىنغان يۇقىرىقى شېئىرلار «تارىم» ياكى «تەڭرىتاغ»غا ئوخشاش نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىسىمۇ، ھەرگىز چېنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئوخشاشلا ئۆز جۇلاسىنى نامايەن قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىتابخانىنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت، ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد بوغۇنلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «گۈلباغ»نى سورۇن قىلىپ تەربىيەلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئۈمىدىنى ئەشۇ بوغۇنلارغا باغلاشقا تامامەن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، «گۈلباغ» شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىلا يۇقىرىقىدەك شېرىن شەربەتلەرگە تولۇپ كەتكەن مېۋىلەرمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى پىشمىغان - غورا ھالەتتىكى بەزى ئەسەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ «نوقسان»- خاملىقى ئاساسەن بەزى ئەسەرلەردە شېئىرىي پىكىرنىڭ يالىڭاچ- تومتاق، شېئىرىي پىكىرنىڭ ھېسسىياتقا تويۇنمىغانلىقىدا، مىسرالاردا بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا جىپسىلاشماسلىقىدا، ۋەزىن، تۇراق ۋە قاپىيە قاتارلىقلاردا تېخنىكىلىق تەلەپلەرنىڭ دېگەندەك تولۇق ئورۇندالماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

2. «گۈلباغ» ھېكايىلىرى : يېقىنقى بەش يىلدىكى «گۈلباغ» ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ھېكايە 10% لىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ھېكايە شېئىرغا ئوخشىمايدۇ. ئەڭ قىسقا بولسىمۇ بىر پارچە ھېكايە ئادەتتە پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدىن تۈزۈلىدۇ، چۈنكى ھېكايىدە بۇ ئىككى ئامىل بىر- بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەندى پېرسوناژ ئوبرازى بىلەن ۋەقەلىكنىڭ مۇكەممەل ياكى ئەمەسلىكى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتە قىسقا ھەجىمدىمۇ مۇكەممەل ۋەقەلىكلەرنى تەسۋىرلەپ بەلگىلىك خاسلىققا ئىگە پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ. باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن «گۈلباغ» نىڭ سەھىپىسى ئادەتتە كۆپىنچە قىسقا ھېكايىلەرگە ماس كېلىدۇ ۋە ھېكايىلەرنىڭ ئىمكان بار قىسقا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھال، «گۈلباغ» قا ھېكايە يېزىشتا بەلگىلىك قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بەش يىللىق «گۈلباغ» سەھىپىسىدە ھېكايىلەرنىڭ نىسپىي ھالدا ئاز بولۇشى مېنىڭچە مۇشۇ ئامىلغىمۇ باغلىق. «گۈلباغ» ھېكايىلىرى سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى تارتىملىق ئەسەرلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ جەھەتتە تۇرسۇنجان ياسىننىڭ «بىچارە» ( 2007- يىلى 4- ئاينىڭ 20- كۈنى)، دىلنۇر مۇختەرنىڭ «بىچارە قىز» (2007- يىلى 5- ئاينىڭ 30- كۈنى)، زۆھرەگۈل ئىسمايىلنىڭ «سىگنال» (2007- يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنى)، نۇر ئەلى قادىرنىڭ «كېچەش» (2007- يىلى 9- ئاينىڭ 15-

كۈنى)، پولات ئامانىۇرنىڭ «ساۋاقداشلىق مېھرى» (2009- يىلى 1- ئاينىڭ 15- كۈنى)، «ئىچىملىك قۇتىسى ساتقۇچى قىز» (2009- يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنى)، ئالىمجان ئەنۋەرنىڭ «مەن ۋە باغۋەن» (2009- يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى)، تۇرسۇنئاي ئابلىمىتنىڭ «كىچىككىنە بىر ئىش» (2009- يىلى 4- ئاينىڭ 30- كۈنى)، تاجىگۇل ھاشىمنىڭ «ئىبرەت» (2009- يىلى 5- ئاينىڭ 30- كۈنى)، ئابابەكرى روزىتوختىنىڭ «مەن ۋە ماتېماتىكا» (2009- يىلى 11- ئاينىڭ 30- كۈنى)، زۇلپىيەگۇل ئىمىننىڭ «قايتۇرۇۋېلىنغان سوۋغات» (2009- يىلى 12- ئاينىڭ 30- كۈنى)، ئۆمەرجان ئوبۇلنىڭ «قىزىمغا خەت» (2010- يىلى 3- ئاينىڭ 30- كۈنى)، خانئايشەم توختىنىڭ «قىيامەتنىڭ بېشارىتى» (2010- يىلى 4- ئاينىڭ 30- كۈنى)قاتارلىق ئەسەرلەر سۆزىمىزگە مىسال بولالايدۇ.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ماتېرىيال قىلىنغان، مەزمۇن جەھەتتىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە گۈزەل ئەخلاقتا، ياخشى خۇلۇقتا مەدھىيە ئوقۇلغان، بەزىلىرىدە ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە توشمايدىغان تۇرلۇك غەيرىيلىكلەر، ئاتا- ئانىسىغا يالغان ئېيتىش، ھورۇنلۇق، بىر- بىرىنى ئالداش قىلمىشلىرى ئېچىپ بېرىلگەن، يەنە بەزىلىرىدە بولسا ئومۇم كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېكولوگىيە مەسىلىلىرىگە ئوخشاش چوڭ- چوڭ مەسىلىلەر بەدىئىي ياقتىن مۇھاكىمە قىلىنغان. مەسىلەن «سىگنال» ھېكايىسىدە ئىستۇدېنت قىز گۈلنازنىڭ توردا تونۇشۇپ قالغان «دوست»ى نىجات بىلەن تۇنجى يۈز كۆرۈشۈشتىلا قارشى تەرەپكە ئالدىنىپ قالغانلىقى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزدە ھازىر بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قېلىۋاتقان تور ئالدامچىلىقى تەسۋىرلەنگەن. گۈلناز نىجاتنىڭ «ھىندىستان كىنو فىلىمىدىكى ئەر ئارتىستلاردەك قاملاشقان» تۇرقىغا قاراپلا، ئۇنىڭ يالغان - ياۋداقلىرىغا ئىشىنىپ كېتىدۇ، ئالدامچىلىقتا قاقباشلىشىپ كەتكەن نىجات دەل گۈلنازنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەشۇ ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىرىپ مېھمان قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، گۈلنازنىڭ سومكىسىنى قۇرۇقداپ قويىدۇ، يانفونىنىمۇ ھېچقانچە چاندۇرمايلا ئېلىۋالىدۇ. نىجاتنىڭ ئوغرىلاپ كەتكىنى گۈلنازنىڭ بانكا كارتىسى، پۇل- پېچەكلىرى، يانفونىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسى بولۇپ، گۈلنازنىڭ كېلەچەك ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرى شۇنىڭ بىلەن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. «كېڭەش» ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز پىلانېت كېڭەش زالىدا يەر شارى مۇھىتى ۋە كېلىماتىنىڭ بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭغا «ئىنسان» دېگەن «تەييارتاپ، ھۇرۇنلۇق، پۇرسەتپەرەس مەخلۇق»نىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىپ، باشقا پىلانېتلارنىڭ بۇنىڭغا چارە كۆرۈشى كېرەكلىكى تەسۋىرلەنگەن. تېما جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ھېكايىدا ئوتتۇرىغا تاشلانغىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەر شارى ۋە كائىنات ئېكولوگىيەسى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە مەزكۇر ھېكايىدا كىشىنى چۆچۈتكىدەك تەخىرسىزلىكتە يورۇتۇلغان، ئۇنىڭدا بېرىلگەن يەرشارىنىڭ پورترېت تەسۋىرى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى پۇشايمانلىق لەرزىگە سالسا، باشقا پىلانېتلارنىڭ يەر شارىنى مۇشۇنداق تونىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان تېگىشلىك بەدەل تۆلىشى كېرەك! دېگەن چوقانلىرى، ئىنساننى بەدەل تۆلىتىش ھەققىدە كۆرۈلىدىغان چارە- تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقماقچى بولغانلىقى كىتابخان ۋۇجۇدىنى ۋەھىمىگە سالىدۇ.

«مەن ۋە باغۋەن» تەلىم تەربىيە تېمىسىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا چۈش شەكلى قوللىنىلغان، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا ھەقىقىي كۆيۈنۈشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى سىمۋول ۋە بېشارەتلەر ۋاستىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئوبيېكتقا كۆيۈنۈش بولماستىن بەلكى زىيانكەشلىك بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقى ئاشكارىلانغان. بۇ جەھەتتىن مەزكۇر ھېكايە كەڭ ئىستۇدېنتلىرىمىزلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. «كىچىككىنە بىر ئىش» ھېكايىسىدە دەرسخانىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان يانفوننى تېپىۋالغۇچى قىزنىڭ نەرسە ئىزدەش ئېلانىدىكى ئادېرىسقا ئاساسەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدەك ئاددى ۋەقەلىك

ئارقىلىق گۈزەل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇلغان. «ئىبرەت» ھېكايىسىدىكى ئەكبەر دورىخانا ئالدىدىن ئىچىگە 100 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە ئۆي خېتى قاتارلىقلار سېلىنغان بىر قارا سومكىنى تېپىۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندە، يوقسىزلىق تۈپەيلىدىن ئائىلىنى داۋالىتىشقا ئامال قىلالماي تۇرغان دادا ئۇ پۇللارنى دەردىگە داغ ئەتمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئەكبەر دادىسىنى ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان ئۇسۇلى ئارقىلىق قايىل قىلىپ، تېپىۋالغان سومكىنى ساقچىلار ئارقىلىق ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىدىمۇ ئاددىي ۋەقەلىك ئارقىلىق ئالىيجاناپ قەلبكە مەدھىيە ئوقۇلغان، ھازىرقى زامان ئىستۇدېنتلىرى ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرغان ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. «مەن ۋە ماتېماتىكا» ھېكايىسىدە ماتېماتىكىدىكى تېئورېما ۋە قائىدىلەرگە جان كىرگۈزۈلگەن، ماتېماتىكا تىرىك ـ ھەرىكەتچان ۋە جانلىق ئادەم ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن، نىسبىيلىكنىڭ فىزىكا ۋە ماتېماتىكىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىق ۋە پۈتكۈل ئالەمنىڭ قانۇنىيىتى ئىكەنلىكى قىزىقارلىق قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇلغان. «ئىچىملىك قۇتىسى ساتقۇچى قىز» ھېكايىسىدە ئامىنە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئىككى يىلدىن بويان ئۇدا ئوقۇش مۇكاپاتىغا ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تۇل ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تېخىمۇ يەڭگىللىتىپ ئىككى ئۇكىسىنىڭ ئوقۇشىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بوش ۋاقىتلىرىدا ئىچىملىك قۇتىلىرىنى يىغىپ ساتىدۇ. ئامىنە بۇ ئىش تۈپەيلىدىن بەزى ياتاقداشلىرى تەرىپىدىن مازاق قىلىنسىمۇ، لېكىن ئامىنەنى قوللىغۇچىلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھېكايىدا ئۆزى سەھنىگە چىقمىسىمۇ، لېكىن تاپشۇرمىلاردىن مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇرىدىغان جاپاكەش بىر ئانىنىڭ ۋە تىرىشچان، ۋاپادار بىر قىز ئىستۇدېنتنىڭ خېلىلا يارقىن ئوبرازى يارىتىلىپ، ھالاللىق بىلەن ياشاش ۋە جاپاغا چىداش خاھىشى ئىپادىلەنگەن. «قىزىمغا خەت» ھېكايىسىدە دادىنىڭ قىزى ئالىي مەكتەپتىن ئەۋەتكەن رەسىملەرنى كۆرگەن چاغدىكى تەسىراتىنىڭ سالام خەت شەكلىدە بايان قىلىنىشى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ

يەنە بىر تەرىپى ئېچىپ بېرىلگەن. دادا قىزىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ «پۈرلىشىپ غۇژمەكلىشىپ »كەتكەن چاچلىرىغا قاراپ، قىزىم بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە چېچىنى تارىغۇدەك ۋاقىتمۇ چىقىرالمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قارىسا، ياماق چۈشكەن، ھەتتا بەزى تۆشۈكلىرىگە ياماقمۇ سېلىنمىغان ئىشتانىنى، كىندىكى كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە كىچىك كەپ قالغان مايكىنى كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ، قىزىم پۇل تېجەيمەن دەپ مۇشۇ ھالغا كەپ قاپتۇ دەپ ئويلايدۇ. قىزىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارا رەڭگە كىرىپ قالغان، يۈزى «مەھەللىدىكى ئاۋۇت پوستەكنىڭ تۈگمىسىدىن چىققان چوكانلارنىڭ يۈزلىرىدەك بولۇپ كەتكەن» ھالىتى دادىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدۇ. دادىنىڭ بۇ ئەنسىرەشلىرى ھەرگىز ئارتۇقچە ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئەنسىرەشلىرىگە قىزىنىڭ چوڭ شەھەرلەردە يۈرۈپ ئەسلىنى ئۇنتۇپ ئاينىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇۋاتقانلىقى يوشۇرۇنغان، لېكىن دادا «دادا» بولغاچقا قىزىنى ئەقىللىق ھېسابلاپ ۋە ئۇنى چۈشىنىدۇ دەپ قاراپ كىنايە ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. «قىيامەتنىڭ بېشارىتى» ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى مەدەنىيەت ئاينىشلىرى تېما قىلىنغان مىكرو ھېكايە. ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىشىچە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزنى يوقلاپ كەلگەن ئانا قىزىنىڭ كەچلىك تاماقنى ياتاقىلا ئەكىرەي دېيىشلىرىنى رەت قىلىپ، تاماق يېگەچ سەگىدەش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدۇ، چىقىدۇ- يۇ، ياتاق ئەتراپىدىكى، يول ۋە كۆل بويلىرىدىكى «ئاجايىپ مەنزىرىلەر»نى كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى باسالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆرگىنى مىللىي ئۆرپ- ئادەتكە ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاققا تامامەن يات بولغان كۆرۈنۈشلەر — «بىر جۈپ قىز- يىگىتنىڭ قول تۇتۇشۇپ كېلىۋاتقانلىقى»، «يولنىڭ چېتىدە بىر بىرىگە ئېسىلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ قىز- يىگىت»، «چىملىقتا يېتىپ. . . ئالاھىدە قىلىق چىقىرىپ مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر جۈپ قىز- يىگىت »، «ياتاق ئالدىدا جۈپ- جۈپ قىز- يىگىتلەرنىڭ ياڭراتقۇدىن ياڭراۋاتقان لىرىك مۇزىكىغا جۆر بولۇپ ھەر خىل شەكىلدە خوشلىشىۋاتقان مەنزىرىسى». . . بولىدۇ. ئانا

بولارنى كۆرۈپ ياقىسىنى چىشلەيدۇ، «سۇبهانى ئاللاه»نى ئوقۇيدۇ، قىيامەتنى هېس قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ خاهىشى ئانىنىڭ نالىلىرىدىن، ياقا يىرتىشلىرىدىن ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ هېكايە ئاتالمىش زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ توقۇنۇشى تەسۋىرى ئارقىلىق، بىر قىسىم ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ نېمىلەرگە ئېرىشىپ نېمىلەردىن مەهرۇم قېلىۋاتقانلىقى هەققىدە كىتابخاننى مۇلاهىزە قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ هېكايىنىڭ سۇژېتى ئاددى، ۋەقەلىكنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا، پېرسوناژلىرى ئاز، دىيالوگمۇ يوقنىڭ ئورنىدا، لېكىن ئۇنىڭدا خاهىش ئىنتايىن روشەن بولۇپ، قىسقا هەجىمگە ۋەزنى ئېغىر مەزمۇنلار يىغىنچاقلانغان. يۇقىرىقى هېكايىلەر مەزمۇن كەڭلىكى ۋە تېرەنلىكى جەهەتتە بەلگىلىك كۆلەم هاسىل قىلغان، بەزىلىرىنىڭ ئوبرازلىرى جانلىق، بەزىلىرىنىڭ سۇژېتى مۇكەممەل، بەزىلىرى هېكايىلىق خۇسۇسىيەتتىن باشقا يەنە دىراملىق خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ هازىرلىغان، بەزىلىرىدە زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار خېلىلا كەسكىن، شۇڭا ئۇلارنى هېكايىچىلىق سەنئىتى جەهەتتىن مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇمۇ، يېقىن كەلگۈسىدىكى ئۇيغۇر هېكايىچىلىقىنىڭ بەزى ۋەكىللىرىنىڭمۇ دەل يۇقىرىقى هېكايىلەر ئاپتورلىرى ئىچىدىن، يەنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن «گۈلباغ» هېكايىلىرىنىڭ بەزىلىرىدە توقۇنۇش سەل سۇنئىي، قۇرۇلما سەل چېچىلاڭغۇ، دىيالوگلار قوپال، ماۋزۇ بىلەن تېكىست ماسلاشماسلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن «ئىبرەت» ناملىق هېكايىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەكبەر ئۆزى تېپىۋالغان، نۇرغۇن پۇل ۋە پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر سېلىنغان سومكىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىدە دادىسى ئەسقەر بىلەن كېلىشەلمەي، دادىسىغا «دادا، بۇ نېمە دېگىنىڭ، سەن ماڭا ئادەم ئۆز نېسىۋىسىگە قانائەت قىلىشى، باشقىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىغا كۆز سالماسلىقى، ئىنساپلىق، قارنى ـ كۆكسى كەڭ بولۇشى كېرەك دەپ تەلىم بېرەتتىڭ، ئەندى سېنىڭ ئەقلىڭنى قاغا چوقۇۋالدىمۇ؟» دېيدۇ. مۇنداقلا قارىماققا ئوغۇلنىڭ دادىسىغا دېگەن بۇ گەپلىرى ئورۇنلۇق بىلىنىسمۇ، مىللىي ئەخلاقىمىز نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئاخىرقى جۈملىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى ۋە بۇ سۆزنىڭ يۈزمۇ ـ يۈز هالدا ئۆز دادىسىغا قارىتىلىشى ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. يەنە، «قايتۇرۇۋېلىنغان سوۋغا» هېكايىسىنىڭ ماۋزۇسى ئەسەرنىڭ تېكىستى، هەتتا مەزمۇنىنى چىقىش قىلغاندا «قايتۇرۇلغان سوۋغا»غا ئۆزگەرتىلسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ ۋە باشقىلار. بۇلار قارىماققا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىشلاردەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسەر مەزمۇنىغا، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىگە ۋە بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا «گۈلباغ» هېكايىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاپتورلىرىدىن ئەشۇنداق كىچىك هالقىلارغىچە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. «گۈلباغ» نەسىرلىرى : نەسىر مەزكۇر «باغ»دا ئېچىلىۋاتقان يەنە بىر ئۆزگىچە تۈستىكى چېچەك. بەش يىل جەريانىدا «گۈلباغ»دا بۇنداق چېچەكلەردىن 18دەستە ئېچىلغان، بۇ، «گۈلباغ» ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %12ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاينۇر مەمەتنىڭ «قىزىل پېچىرلاش» (2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)، «لىرىك شېئىر ۋە نەسىرلەر» (2009 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، «ئالما» (2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)، مەريەمگۈل تۇرسۇننىڭ «ئاخىرقى خەت» (2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)، ئابلاجان ئابلىزنىڭ «ئۆلۈمىڭگە ئىزاھ» (2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، «پالچىنىڭ ئۆلۈمى» (2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، ئاينۇر سەمەتنىڭ «سەن» (2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)، مەريەمگۈل ئىسمايىلنىڭ «سەهرا مۇهەببىتى» (2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)، رۇقىيە لېتىپنىڭ «ئانامغا ئىزىلغان بىر دەستە گۈل» (2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، مۇهەممەدجان مۇهەممەدئىمىننىڭ «ئۇستازغا مەدهىيە» (2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)، ياسىن مەتنىيازنىڭ «مۇنبەردىن جەننەتكە كۆچتىڭىز» (2011 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)،

گۈزەلنۇر مەتياسىننىڭ «ئانا» (2011- يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنى)، پەرىدە سەمىننىڭ «هايات» (2011- يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈنى) قاتارلىقلارنى خىلمۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە قايناق ھېسسىياتتىن ھاسىل بولغان قېنىق شېئىرىي پۇراق ئەسەرلەرنى قويۇق شېئىرىي تۈسكە ۋە كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلاردىن «ئاخىرقى خەت»تە يىگىتنىڭ مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان «مەن»نىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى لىرىك تۈستە بايان قىلىنغان. «مەن» مۇھەببەتتىكى مەھرۇملۇقتىن دەسلەپتە تېڭىرقايدۇ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىدۇ، ئارامى بۇزۇلىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، «سەن بولمىساڭ ئۆلۈمەن» ئەقىدىسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ھايات ۋە ياشاش نىشانىنى تېزدىن قايتا تەڭشەيدۇ، تەقدىرىنى ۋاپاسىزنىڭ مۇھەببىتىگىلا باغلاپ قويماي، «مۇھەببەت قۇللۇقى»دىن ئۆزىنى ئازاد قىلىدۇ. ئەسەردىكى «سەن بولمىساڭمۇ ياشاۋېرىمەن، چۈنكى سەن ماڭا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان سۇ ئەمەس، ياكى يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان قۇياشىم ئەمەس. ئىلگىرى سېنى كۆرسە ئەنسىز سوقۇپ باشقىچە ئېغىپ كېتىدىغان يۈرىكىم بۈگۈنكى كۈندە ئۆزۈم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ياشىشى ئۈچۈن، نادانلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان خەلقىم بىلەن بىر نەپەستە سوقىدىغان يۈرەككە ئەيلاندى ؛ ئىلگىرى سەن ئۈچۈن، سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيتتىم، ئەمدىلىكتە ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن ؛ ئىلگىرى سەن بىلەن تەڭ بولۇش ئۈچۈن، ھۆرمىتىڭگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئىگىلەيتتىم، ئەندى خەلقىمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن، دەۋر بىلەن تەڭ مېڭىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن ؛ ئىلگىرى سېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىش ئۈچۈن ساختا قىياپەت بىلەن يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم، ئەندىلىكتە خەلقىمنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ھەقىقىي قىياپىتىم بىلەن ئەركىن- ئازادە يۈرىمەن» دېگەن قۇرلار «مەن»نىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەيسەرلىك، مەردانىلىك ۋە ئۈمىدۋارلىقتىن بېشارەت بېرىپ، كىتابخانىنى ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراشقا، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇھەببەت بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ زادى نېمىلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «مۇنبەردىن جەننەتكە كۆچتىڭىز» ناملىق نەسىر، يۇقىرى قان بېسىمى تۈپەيلىدىن دەرسخانا مۇنبىرىدە يىقىلغانچە ھوشىغا كېلەلمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىنىڭ تەلەپچان، كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچىسى ئەنىيەتۇللا قۇربانىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭدا مەرھۇمنىڭ ياخشى پەزىلەت ۋە سۈپەتلىرى، شاگىرتلار قەلبىدە قالدۇرغان ئۆچمەس تەسىراتلىرى تەرىپلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىمۇ ئۆزگىچە شېئىرىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئەسەر تېكىستى بىلەن ئاجايىپ جىپسىلىشىپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بېيىتىش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. «ھايات»تا ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى فىزىكىدىكى ھەرىكەت ۋە تېزلىك قانۇنىيىتى بويىچە x بىلەن y نىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن چۈشەندۈرۈلگەن، شۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ ھايات سەپىرى پەلسەپەۋىلەشتۈرۈلگەن ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان. «ئۆلۈمىڭگە ئىزاھ»تا ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان بىر يىگىتنىڭ بىر قىز تەرىپىدىن مۇھەببىتى رەت قىلىنغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنغان. «. . . ئاڭلىسام بىر قىزغا كۆيۈپسەن، سۆيگۈڭ رەت قىلىنىپتۇ، ئۆلۈپسەن، سېنىڭ ھاياتىڭ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتىمۇ ئەمدى. مۇھەببەت دەپ ئۆلگەنلىكىڭ ئۈچۈن سېنى ئاشىق دېيىمۇ ؟ بىراق تىلىم بارمىدى، چۈنكى ئادەم باشقا بىرىنى سۆيۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنى سۆيىدۇ، ئۆزىنى سۆيمىگەننى ھېچكىم سۆيمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم». دەرۋەقە شۇنداق. ئادەم باشقىلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدا باشقىلارغا دوست بولالىغىدەك، دوستلۇققا يارىغىدەك سالاھىيەتنى ھازىرلىشى زۆرۈر. ئوخشاشلا، باشقىلارنى سۆيۈش ئۈچۈن سۆيۈلۈشكە تېگىشلىك شەرتنى ھازىرلىغاندا، «ئۆزىنى سۆيگەندە»، ئاندىن مەقسەتكە يېقىنلىشالايدۇ. بۇ نەسىردە باشقىلارنى سۆيگەن بىلەن ۋۇجۇدىدا سۆيۈلۈشنىڭ ھېچقانداق شەرت ۋە سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان، شۇ سەۋەبلىك

باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىر گۇمراھنىڭ لەنەتلىك ئوبرازى يارىتىلغان. نۇرغۇن كونكرېت مىساللار ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، ئۇنىڭدىكى ئىنسانغىلا تالىق ھوزۇر- لەززەت ۋە ئۇلارنى قەدىرلەش كېرەكلىكى قەيت قىلىنىپ، كىتابخان ھاياتنى قەدىرلەشكە دەۋەت قىلىنغان. ئەشۇ گۈزەللىكلەرنى تەرك ئېتىپ «ئۆز ئۆلۈمنامىسىگە ئۆزى تامغا باسقان، ئۆزىنى ئۆزى دارغا ئاسقان» ئۇ گۇمراھنىڭ ئۆلۈمىگە لەنەت ئوقۇلغان. شۇ نۇقتىدىن بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى «ئۆلۈمىگە لەنەت» دەپ ئۆزگەرتىشكىمۇ تامامەن بولىدۇ.

«ئالما»نى«گۈلباغ» نەسىرلىرىنىڭ گۈلتاجىسى دېيىش مۇمكىن، ئۇنىڭدا پىكىر ئوبيېكتى بولغان ئالما شائىرەنىڭ بارلىق ئوي- خىياللىرىنىڭ، تەسەۋۋۇر- قىياسلىرىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلىنغان، ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرى كىتابخاننى چەكلىكلا سەھىپىدە بىردە يىراق ئۆتمۈشكە، بىردە ئۇزاق كەلگۈسىگە، بىردە ئەپسانىلەر دۇنياسىغا، بىردە رېئاللىقتىكى ئېبرەتلەر ئالىمىگە باشلايدۇ. ئالمىدىن تۇغۇلغان پىكىردىكى ھارارەت كىتابخان ۋۇجۇدىنى بىردە ئۆرتىسە بىردە شۈركەندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ ھارارىتى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە شېئىر مىسرالىرىغا سىغمىغۇدەك دەرىجىدە كەڭرى يېيىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ ھال بۇ ئەسەرنى پەقەت شېئىرلاردىلا بولىدىغان قايناق لىرىكىلىققا ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك «گۈلباغ» نەسىرلىرىگە ئومۇمەن ئورتاق ھادىسە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە «گۈلباغ»دىكى «چېچەك» لەرنىڭ رەڭدارلىقى نەسىرلەردىكى ئەشۇنداق ئورتاقلىقتىنمۇ ھاسىل بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، فىلىيەتون ۋە سانى بەكلا ئاز بولغان ئەدەبىي ئوبزورلارمۇ «گۈلباغ» دىكى ئۆزگىچە رەڭلىك چېچەكلەر بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارمۇ «گۈلباغ»نى قويۇلدۇرۇش، «چېچەك» لەرنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئويناش بىلەن بىرگە، ياش ھەۋەسكار قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەلەردىمۇ جاپالىق ئىزدىنىپ تېگىشلىك ئەجىر سىڭدۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، «گۈلباغ» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىجادىي مېھنىتىدىن ھاسىل بولغان بىر باغچە، ئۇنىڭدىكى رەڭدار «گۈل- چېچەك»لەر ئەشۇ ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ ئوقۇشتىن سىرت ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدا جاپالىق مەشىق قىلىشىدىن ئېچىلغان، بۇلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بېغىغا قوشۇلغان ئازغىنە تۆھپە، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتكە تەقدىم قىلغان بىر تۈرلۈك سوۋغىتى. بۇ سوۋغات سان، ھەجىم جەھەتتىن ئاز ۋە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۈنچە تۆۋەن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ جەمئىيەت ئۈچۈن ھەقىقىي مۇلازىمەت قىلىش فونكسىيەسىنىڭ ئىزچىل تۈردە يۈرگۈزۈلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، «گۈلباغ»نىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ رەڭدارلىشىدىغانلىقىدىن، ئەسەرلىرىنىڭ تېخىمۇ سەرخىللىشىپ، داۋاملىق ھالدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تايانچ كۈچلىرىنىڭ بازىسىغا ئايلىنالايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

## پايدىلانمىلار

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» نىڭ 2007 - يىلىدىن 2011- يىللىرىغىچە بولغان سانلىرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 06_097_03(2013) 1005_5878

# غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ھەققىدە*

ئەخمەت سەيدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدى 20- ئەسىردە ياۋروپا- ئامېرىكىدا پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەن، ماركسىزملىق پىرىنسىپلار ئاساسىدا باشقا ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرىنى ئۈلگە قىلغان ۋە ئۆز دەۋرىدە مەدەنىيەت تەنقىدى بىلەن شۇغۇللانغان بىر خىل تەنقىد ئېقىمى. ئۇ ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدىكى مۇھىم تەنقىد ئەندىزىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە 40 يىل ئىلگىرى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن جۇڭگوغا ئېلىپ كىرىلدى ۋە جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ماقالىدە غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى توغرىلىق قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى.

**摘要:** 西方马克思主义文学批评,是指 20 世纪兴起于欧美的、在马克思主义原理基础上借鉴其他各种思潮、从事当代文化批判的批评流派。西方马克思主义文学批评作为一个重要的批评模式早在 40 年前被文艺学者引入中国,并对中国当代文学产生了重要影响。本文简要论述西方马克思主义文学批评及其主要特点。

**Abstract:** The Western Marxist Literary Criticism refers to a 20th century's Western criticism genre which based on Marxism and referenced other ideological trends. As being an important criticizing pattern, it has been introduced to China 40 years ago and brought great influence to Chinese modern literature. This thesis briefly discusses Western Marxist Literary Criticism and its main features.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I106 ماتېرىيال بەلگىسى: A

غەربنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدى ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپ، ماركسنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتكە دائىر ئەسەر ۋە تەلىماتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ ھەم ماركس- ئېنگىلسلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدى بىلەن 20- ئەسىردە ماركسىزمنىڭ تەسىرىدە تەرەققىي قىلغان غەربتىكى ھەر خىل ماركسىزملىق تەنقىدلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، غەربنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدى 20- ئەسىردە ياۋروپا- ئامېرىكىدا پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەن ماركسىزملىق پىرىنسىپلار ئاساسىدا باشقا ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرىنى ئۈلگە قىلغان ۋە ئۆز دەۋرىدە مەدەنىيەت تەنقىدى بىلەن شۇغۇللانغان بىر خىل تەنقىد ئېقىمىنى كۆرسىتىدۇ. گېئورگىي رۇكاچ[1] (1885ــ 1971)، ئېرنىست بلوچ[2] (1885ــ 1977)، ئانتونيو گرامس[3] (1891ـ 1937)، ماكس ھوركھېيمېر[4] (1895ــ 1973)، تېئودور ئادورنو[5] (1903ــ 1969)، ۋالتېر بېنجامىن[6] (1892 ــ 1940)، ھېربېرت ماركۇس[7] (1898 ــ 1979)، ئېرىچ فروم[8] (1900ــ 1980)، لوئىس ئالتۇسسېر[9] (1918ــ 1980)، يۈرگېن ھابېرماس[10] (1929 ــ)، فرېدرىخ جامسون[11] (1941 ــ) ۋە تېررى ئېگلېتون[12] (1945ــ) قاتارلىق كىشىلەر مۇشۇ تەنقىد ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدى 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 80- يىللىرىنىڭ باشلىرى جۇڭگودا رەسمىي تونۇشتۇرۇلۇشى بىلەنلا

* بۇ ماقالە 2012- يىلى 11- ئاينىڭ 13- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەخمەت سەيدۇللا (1956- يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تاللانما، باللار ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ۋە جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋر نەزەرىيە تەتقىقاتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكى ئۆزىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تەدرىجىي غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدىگە قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات. سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى «ئىنسانىي خىسلەت» لەر ۋە «ئىنسانپەرۋەرلىك» نى مەدھىيلەشتىن غەربنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيەسىنى ئۈلگە قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ «زامانىۋىلىق»ى توغرىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن فرانكفورت ئېقىمىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت تەنقىد نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا يۈزلىنىپ، غەربنىڭ ماركسىزملىق مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى قارىشىنى قوللىنىپ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت پوئېزىيەشۇناسلىقىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بارغانسېرى غەربنىڭ يېڭىچە ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق جانلىقلىق ۋە كۆپ خىللىققا، مول ئەنئەنىۋى سېھرىي كۈچكە ھەم زامانىۋى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى.

بۈگۈنكى دەۋر غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدى ئەنئەنىۋى ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدكە ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەنقىد فورمىسى ۋە نەزەرىيەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە غەربتە بارلىققا كەلگەن ھەر خىل ئىدىيەۋى پىكىر ئېقىمى ۋە يېڭى ئېقىملار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ ماگدى ھەمىدە يېڭى ئاتالغۇ ۋە يېڭى ئۇقۇملارنى توختىماي مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، غەربتە زور تەسىر كۈچكە ئىگە تەنقىد نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئايلاندى.

غەرب ماركسىزمچىلىرى بىر تەرەپتىن، دەسلەپكى مەزگىللەردە غەرب ماركسىزمدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى قارىشىدىن تارتىپ تاكى كېيىنكى مەزگىللەردىكى غەرب ماركسىزمىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئەتراپلىق مەدەنىيەت تەنقىدىگىچە بولغان ئارىلىقتا، نەزەرىيە سالمىقىنى باشتىن. ئاخىر «تەنقىدىي» لىق ئۈستىگە قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى غەربنىڭ گۇمانىزم ئىدىيەۋى پىكىر ئېقىمىدىكى مەدەنىيەت تەنقىدى نەزەرىيەسىنى، مەسىلەن، فرېدرىخ ۋىلگېلىم نېتزې[13] (1844 ـ 1900)، سورېن ئابىي كېركېگارد[14] (1813ـ 1855) تىن جەمئىيەتشۇناس ماركس ۋېبېر[15] (1864 ـ 1920)، ھاياتلىق پەيلاسوپى گېئورگى سىمېل[16] (1858 ـ 1918)، فىزمولوگىيەنىڭ ئىجادچىسى ئېدموند ھوسېر[17] (1859 ـ 1938)، پىسخولوگ سىگموند فروئىد[18] (1856 ـ 1939)، مەۋجۇدىيەت نەزەرىيەچىسى مارتىن ھېيدگېر[19] (1889 ـ1976) لارنىڭ «تەنقىد ئېڭى» نى غەرب ماركسىزم نەزەرىيەسىگە تولۇق قوبۇل قىلدى ۋە سىڭدۈردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەنقىدىيلىك غەرب ماركسىزملىق تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، غەرب ماركسىزملىق تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەنقىد ئېڭى بىلەن ئوتۇپىيە خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا دائىم كېڭىيىش ئەھۋالى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

غەرب ماركسىزمىنىڭ پىشقان دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردىلا «تەنقىد نەزەرىيەسى»نى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ خىل «تەنقىد ئېڭى» كېيىن غەرب ماركسىزملىق تەنقىدىنىڭ مۇھىم نىشانىغا ئايلانغان. ماركس ھوركھېيمېر «تەنقىد نەزەرىيەسى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئاندورنونىڭ ئىنكار بايانلىرىدىكى «تەنقىد ئېڭى» ئىنكارچىلىقىنى يادرو قىلغان تەنقىد نەزەرىيەسىگە كۆتۈرۈلدى. ئاندورنونىڭ ئېستېتىكا ئىدىيەسى ماركس ھوركھېيمېرنىڭ ئۆزگىچە بولغان «ئىنكارچىلىق دىيالېكتىكىسى» نى پەلسەپىۋى ئاساس قىلغان بولۇپ، ناھايىتى روشەن ئىجتىمائىي تەنقىد تۈسىگە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان سەنئىتىگىمۇ سىڭىپ كىردى. ئۇ سەنئەت ئۆزىنى تاۋار ۋە ئىستېمال بۇيۇمى قىلىشقا قارشى تۇرۇپ ھەقىقىي سەنئەتكە ئايلاندۇرۇلغاندىلا، ئاندىن سەنئەتنىڭ سەنئەتلىك ماھىيىتىدە چىڭ تۇرغىلى

بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئاندورنونىڭ ئىنكار بايانلىرى ئەسلىدىكى مەنىسىگە قايتۇرۇلۇش ئارقىلىق دىيالېكتىكا نەزەرىيەسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ «تەنقىد ئېڭى» مۇھاكىمە قىلىندى دېيىلسە، ئۇ ھالدا ھېربېرت ماركۇس تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچىنى تامامەن سەنئەت ئېستېتىكىسى نۇقتىسىدىن قانات يايدۇردى. ئۇ سەنئەت ۋە ئېستېتىكىغا سىياسىيۋىلىققا ئىگە ئىنقىلاب ياكى «ئىسيان كۆتۈرۈش» ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدى. چۈنكى سەنئەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن رېئاللىقتا ساقلىنىشى قارىمۇ- قارشى بولۇپ، رېئاللىق سىغدۇرالمىغان «باشقىچە بىر خىل رېئاللىق»دۇر. سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى «مەڭگۈلۈك ئېستېتىكىلىق ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش» تىن ئىبارەت.

غەرب ماركسىزمىدا يەنە «ئۇتوپىيە ئېڭى» مۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئېرنىست بلوچنىڭ ئۇتوپىيە نەزەرىيەسى ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بىلەن قارىمايدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، «ئۇتوپىيەنىڭ ئاخىرلىشىشى» فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمى ۋەكىللىك قىلغان غەرب ماركسىزمىنىڭ مۇھىم مۇھاكىمە تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. 1967- يىلى 6- ئايدا ماركۇس بېرلىندىكى ھۆرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئۇتوپىيەنىڭ ئاخىرلىشىشى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، مەشھۇر «ئۇتوپىيەنى ئاخىرلاشتۇرۇش تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە «تەنقىد ئېڭى» بىلەن «ئۇتوپىيەنىڭ خاراكتېرى» ھەرگىز بىر- بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى دەل بىر- بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك، «ئۇتوپىيەنىڭ ئاخىرلىشىشى» ھەرگىز بارلىق ئۇتوپىيە ئىدىيەسى ياكى ئۇتوپىيە روھىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەمەس، بەلكى كونىچە «ئۇتوپىيە» («خام- خىيال»، «ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان» دېگەن مەنىلەردىكى ئۇتوپىيە)گە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان (تەسەۋۋۇر بىلەن رېئاللىقنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغان) يېڭى ئۇتوپىيەدىن ئىبارەت. بۇنداق يېڭى ئۇتوپىيەنى ماركۇس بىلەن فروملار «ئۇتوپىيە سوتسىيالىزم» ى دەپ ئاتىسا، ھابېرماس «ئالاقە جەمئىيىتىنىڭ ئۇتوپىيەسى» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بلوچنىڭ «ئۇتوپىيە» پەلسەپىسى مانا مۇشۇنداق «ئۇتوپىيەنى ئاخىرلاشتۇرۇش تەلىماتى»نىڭ يول باشلىغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئۇتوپىيەنىڭ ئاخىرلىشىشى» ھەرگىز «ئۇتوپىيە ئېڭى»نىڭ غەرب ماركسىزمىدا ئىز- دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ باشقا بىر خىل مەنىدە جانلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ نەزەر سالغاندا، ئەگەر ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىدا كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئەنئەنىۋى سوتسىيالىستىك ئۇتوپىيە ئۇقۇمىنى ئاخىرلاشتۇردى دېگەن تەقدىردىمۇ، بىراق غەرب ماركسىزمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەنىلا سەنئەت ۋە ئېستېتىكا قاتلىمىدا ئېستېتىك ئۇتوپىيە كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا باغلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىپ كەلگۈسى ئازادلىققا ئېرىشمەكچى بولدى. مەيلى ئاندورنونىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «غەيرىي سەنئەت تەلىماتى» دا بولسۇن ياكى ماركۇسنىڭ تېخىمۇ بىۋاسىتە بولغان «ئېستېتىكىلىق ئازادلىق تەلىماتى» دا بولسۇن، مۇشۇنداق مەقسەت يوشۇرۇنغان. بۇمۇ غەرب ماركسىزملىق تەنقىدنىڭ غەرب ماركسىزم نەزەرىيەسىدە كەم بولسا بولمايدىغانلىقىدىكى تۈپ سەۋەب. يىغىپ ئېيتقاندا، «تەنقىد ئېڭى» غا ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان «ئۇتوپىيەنى ئاخىرلاشتۇرۇش تەلىماتى» ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ئۈمىد بولۇپ، ئۇنى ۋاز كېچىش قىيىن بولۇش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان «ئۇتوپىيە مۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھالىتى» دېگەن تۇزۇكرەك.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، غەربنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدى ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىدىغان، ماركسىزم كلاسسىكلىرىدىن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان، ھەم ماركس- ئېنگېلسلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىنى ھەم 20- ئەسىردە ماركسىزمنىڭ تەسىرىدە تەرەققىي قىلغان غەربتىكى ھەر خىل ماركسىزملىق تەنقىدلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر خىل تەنقىد ئەندىزىسى ھېسابلىنىدۇ. غەرب ماركسىزملىق تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىي

«كىلاسسىك ئەنئەنىۋى» ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. 1960 ـ يىلىدىن بۇيان، غەرب ماركسىزمىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپەگە بولغان چۈشىنىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيەسىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى «ئۇتوپىيە خاراكتېرى» ئەمەلىيەتتە «تەنقىد ئېڭى» بىلەن ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، «ئۇتوپىيە ئېڭى»غا تايانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ «تەنقىد» تە ئېچىلىپ ـ يېيىلىشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەپ، نوقۇل «قۇرۇلما شەرھىچىلىكى» گە ئېغىپ كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «تەنقىد ئېڭى» بۇ ئېقىمدىكى تەنقىدچىلەرنى «ئۇتوپىيە ئېڭى» غا قارىتا ئېنىق تونۇشقا ۋە ئۇزلۇكسىز قايتا ئويلىنىشقا ئىگە قىلدى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتىدىغان بارلىق «ئۇتوپىيەچىلىك» لەرگە ئېغىپ كېتىشتىن ساقلىدى. ھابېرماسنىڭ «ئۇتوپىيە كۈچىنىڭ زەئىپلىشىشى» ۋە «ئېستېتىك ئۇتوپىيە تەنقىدى» دەل مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى، ئۇ فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان «ئېستېتىك ئۇتوپىيە»دىكى چېكىدىن ئاشقان چەتلەشتۈرۈش خاھىشىنى تۈزىتىشنى ئۈمىد قىلدى، چۈنكى ئۇ «ئۇتوپىيە خاراكتېرى» بىلەن «تەنقىد سەگەكلىكى» ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھەقىقىي ئىچكى مەزمۇنغا خىلاپ ئىدى، ئۇنىڭ بۇنىڭغا قارىتا كۆرسەتكەن غايىۋى ئەندىزىسى «ئالاقە جەمئىيىتىنىڭ ئۇتوپىيەسى» دىن ئىبارەت بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز غەرب ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدىنى ئۆگىنىش قىلغان ۋە تەنقىد پائالىيەتلىرىگە تەدبىقلىغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭدىكى «مەسىلىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى» نىڭ «تەنقىد ئېڭى» بىلەن «ئۇتوپىيە خاراكتېرى» دىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنىڭ ئۇتاشقان جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار

[1]گېئورگى رۇكاچ. ۋېنگرىيەنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى، ئېستېتىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپى. ئۇ ئېستېتىكا ۋە پەلسەپە جەھەتتە كانتنىڭ، بولۇپمۇ گېگېلنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، كېيىنچە ماركسىزمنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد توغرىلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان.

[2] ئېرنىست بلوچ. 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيەدە ئۆتكەن خاسلىقتا ئىگە ماركسىزمچى پەيلاسوپ ۋە ماركسىزم ئەنئەنىسىگە يېڭىلىق قوشقان شەخس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ پەلسەپە نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، بىر يۈرۈش ئۇلۇغ ئەسەرلىرى ئارقىلىق مېتافىزىكىنى يېڭىباشتىن چىنلىقتا ۋە رېئاللىقتا ئايلاندۇرغان.

[3] ئانتونىيو گرامس. ئىتالىيەدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈرمىدە يېزىلغان بولۇپ، كېيىنرەك كەڭ تۈردە تارقالغان ۋە تەتقىق قىلىنغان. ئۇ ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىنىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كلاسسىك يازغۇچىلار ۋە 20ـ ئەسىردىكى مۇھىم ئەدەبىيات ھادىسىلىرى توغرىلىق ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزگەن.

[4] ماركس ھوركھېيمېر. گېرمانىيەنىڭ تۇنجى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پەلسەپە پروفېسسورى، فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇ 1930 ـ يىللىرى بىر خىل ئىجتىمائىي تەنقىد نەزەرىيەسىنى تىكلەشكە كۈچ چىقارغان. ئۇ ماركسىزم تەنقىد نەزەرىيەسى دېمەكتۇر، دەپ قارىغان ۋە ماركسىزملىق تەنقىدنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھازىرقى زامان كاپىتالىزمنى پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، پسىخولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن تەتقىق ۋە تەنقىد قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[5] تېئودور ئادورنو. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، ئېستېتىكا ئالىمى، جەمئىيەتشۇناس، مۇزىكا نەزەرىيەچىسى، تۇنجى ئەۋلاد فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئىجتىمائىي تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى. پەلسەپە ۋە ئېستېتىكىغا دائىر «مەرىپەتچىلىك دىيالېكتىكىسى»، «يېڭى مۇزىكا پەلسەپەسى»، «ئىنكار قىلىنغان دىيالېكتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[6] ۋالتېر بېنجامىن. گېرمانىيەلىك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدچى. بەزىلەر ئۇنى «ياۋروپانىڭ ئەڭ ئاخىرقى زىيالىيسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ «تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم دەۋرىدىكى لىرىك شائىر»، «ئاق يۈنىلىشلىك رەستە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[7] ھېربېرت ماركۇس. گېرمانىيەلىك يەھۇدىي پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەچىسى، فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئەزاسى. ئۇ جەمئىيەت تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

[8] ئېرىچ فروم . گېرمانىيەلىك روھىي كېسەللىكلەر ۋە روھىي ئانالىز ئالىمى. ئۇ ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ «ئەركىنلىكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش»، «روھىي ئانالىز ۋە دىن»، «مۇكەممەل جەمئىيەت

ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

[9] لوئىس ئالتۇسسېر. فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ ۋە «قۇرۇلمىچىلىق ماركسىزمى»نىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ «ماركسنى قوغداش»، «‹كاپىتال›نى ئوقۇش»، «لېنىن ۋە پەلسەپە»، «ئۆز- ئۆزىنى تەنقىد قىلىش» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

[10] يۇرگېن ھابېرماس. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناس. تەنقىد ئېقىمى ھېسابلانغان فرانكفورت ئىلمىي ئېقىمىنىڭ 2- ئەۋلاد سەركەردىسى. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى «ھازىرقى زاماندىكى گېگېل»، «كېيىنكى سانائەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت»، «بىلىم ۋە ئىنسانلارنىڭ مەقسىدى ھەم ۋەزىپىسى»، «مەدەنىيەت ۋە تەنقىد»، «تارىخىي ماتېرىيالىزمنى قايتا قۇرۇش» قاتارلىقلار بار.

[11] فرېدرىخ جامسون. ئامېرىكىلىق بۈگۈنكى دەۋر غەرب ماركسىزم نەزەرىيەچىسى، ئەدەبىي تەنقىدچى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مودېرنىزم، كېيىنكى مودېرنىزم ۋە يەر شارىلىشىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلماقتا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات پائالىيەتلىرىدە زۇرۇر قوللانما قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ماركسىزم ۋە شەكىل»، «ئاخىرقى مەزگىلدىكى كاپىتالىزمنىڭ مەدەنىيەت مەنتىقىسى»، «ئاخىرقى مەزگىلدىكى ماركسىزم»، «يەككە زامانىۋىلىق» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[12] تېررى ئېگلېتون. ئەنگلىيەلىك بۈگۈنكى دەۋردىكى ئاتاقلىق غەرب ماركسىزم نەزەرىيەچىسى ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە مەدەنىيەت تەنقىدچىسى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىن باشلاپ ماركسقا دائىر ماتېرىياللارنى ۋە «غەرب ماركسىزمى» نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ماركسىزملىق تەنقىدچىگە ئايلانغان. مۇھىم ئەسەرلىرى «تەنقىد ۋە ئىدېئولوگىيە: ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەتقىقاتى»، «ماركسىزم ۋە ئەدەبىي تەنقىد»، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە مۇقەددىمە»، «ئېستېتىك ئىدېئولوگىيە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

[13] فرېدرىخ ۋىلگېلم نېتزې. گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، غەرب ھازىرقى زامان پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى، شۇنداقلا ئاتاقلىق شائىر ۋە نەسرچى. ئۇ غەرب ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى ئەڭ دەسلەپ تەنقىد قىلغۇچى، لېكىن ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئۇ ياشىغان دەۋردە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغان، 20- ئەسىرگە كەلگەندىلا چوڭقۇر ئەكس سادا قوزغىغان.

[14] سورېن ئابىي كېرگېگارد. دانىيەلىك دىن پەلسەپەسى پىسخولوگى ۋە شائىر، ھازىرقى زامان مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى، كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ باشلامچىسى، ھازىرقى زامان گۇمانىزملىق پىسخولوگىيەنىڭ پېشۋاسى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى مەۋجۇدىيەتچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان، ئۇ ئادەتتە مەۋجۇدىيەتچىلىكنىڭ ئاتىسى دەپ قارىلىدۇ.

[15] ماركس ۋېبېر. گېرمانىيەلىك سىياسىي- ئىقتىسادشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس، ئۇ ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە جامائەت مەمۇرىيەتشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە ئەڭ گەۋدىلىك. ئۇنىڭ ھەر خىل پەنلەرگە دائىر مۇھىم تۆھپىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ۋېبېر پروپوزىتسىيەسى» دېيىلدى.

[16] گېئورگى سىمېل. گېرمانىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ۋە پەيلاسوپ. ئۇ يەھۇدى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ماركس، ۋېبېرلار ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ 1881- يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ، كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى بولىدۇ. 1914- يىلى يۆتكىلىپ ستراسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى بولىدۇ.

[17] ئېدموند ھۇسسېر. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ ۋە 20- ئەسىر فىزمولوگىيە ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ دەسلەپتە ماتېماتىكا ۋە فىزىكا كەسپلىرىنى ئوقۇغان، 1881- يىلى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ گېرمانىيەدىكى ھاللېي، گوتتىنگېن ۋە فرېبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھۇسسېرنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئۇ ھايات ۋاقتىدا، يەنە بىر قىسمى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان، يەنە بەزىلىرى ھېلىھەم رەتلەپ نەشر قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

[18] سىگمۇند فروئىد . ئاۋىستىرىيەلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ۋە روھىي ئانالىز ئالىمى، روھىي ئانالىز ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ بېسىلغان ئارزۇنىڭ كۆپ قىسمى جىنسىيلىققا مەنسۇپ بولىدۇ، جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش روھىي كېسەللىكنىڭ تۈپكى سەۋەبى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «جىنسىيەتتىكى ئۈچ مەسىلە ھەققىدە»، «چۈش تەپسىرى»، «توتېم ۋە پەرھىز تۇتۇش»، «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پسىخىك پاتولوگىيە»، «روھىي ئانالىز ئىلمىگە كىرىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

[19] مارتىن ھېيدگېر. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، فىزمولوگىيە، ھادىسىشۇناسلىق، قۇرۇلما شەرھىيچىلىكى، تېكستۇئالىزم، كېيىنكى مودېرنىزم، سىياسىي نەزەرىيە، پىسخولوگىيە ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە مۇھىم تەسىرگە ئىگە شەخس.

## پايدىلانمىلار

1. 姜哲军，刘峰：《西方马克思主义艺术与美学理论批评》，社会科学文献出版社（北京），2002 年 12 月第 1 版。
2. 王逢振：《杰出的西方马克思主义批评家：弗雷德里希。詹姆逊》，《外国文学》，1987 年第 10 期。
3. 陆贵山，周忠厚：《马克思主义文艺论著选讲》（高等院校通用教材），中国人民大学出版社，2007 年 7 月第 4 版。

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 102 ـ 1005 ـ 5878 (2013)03

# «نەي ساداسى» ۋە شېئىر ئۈستىدە ھەمتېكىستلىك تەھلىل*

ئايگۈل ئابدۇرېھىم، ھوشۇرھاجى ئاخۇن

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** نەي ساداسى ‹‹ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر شائىر ئەھمەد زىيائىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرىي ئەسىرى. بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىچە پىكرىنى خۇددى كلاسسىك شائىرلاردەك مەلۇم بىر مەجازى ئوبرازغا يۈكلەپ ئوتتۇرىغا قويغان، شائىرنىڭ بۇ شېئىرى باشقا ئىجادىيىتىگە قارىغاندا پەلسەپىۋى پىكىر بىرقەدەر كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر «نەي ساداسى» ناملىق شېئىرنى «نەينامە» (ئون سەككىز بېيىت) بىلەن ھەمتېكىستلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا، «نەي ساداسى»نىڭ «نەينامە»دىن مەنبە، ئىدىيە قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. دېمەك پەخىرلىك شائىرىمىز ئەھمەد زىيائىي قەلىمى ئاستىدىكى «نەي ساداسى» ناملىق شېئىر جالالىدىن رۇمىي ھەزرەتنىڭ «نەينامە» سىگە يېزىلغان قىسىدە، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا يېزىلغان «نەي» ھەققىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

**摘要：**《笛声》是维吾尔古典文学后期的著名诗人艾合买德·孜亚依的代表性诗作之一。诗人在诗中拟人化的手段解释了自己的见解，诗人的这篇诗作在哲理性深刻方面以较强的内容在维吾尔当代文学中有关《笛》方面创作出的优秀诗作之一。本文述了《笛》和完整的人生观并比较地分析了《笛声》与诗歌。

**Abstract:** The poem “Sound of Flute” is a masterpiece written by one of the latest Uyghur classic representative poets --- Ahmad Ziyali. The author expressed himself by using anthropomorphic figures in this poem. One can say that it is one of the best poems in modern Uyghur literature that described the “flute” philosophically and profoundly. This thesis deeply analyzes the masterpiece “Sound of Flute” from the aspect of view of live.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06 ماتېرىيال بەلگىسى: A

نەي ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىلسىملىق چالغۇ. ئۇ شۇقەدەر مۇڭلۇق ئۈنلەيدۇكى، ئىنسان قەلبى ئۈنىگدىكى كۈيدىن لەرزىگە كېلىدۇ، ھەق ساداسى كەبى بۇ ئاۋازنى تىڭشايدۇ، ئۈنىڭ مەنا ئەسرارىنى تېپىشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ خىل ئىنتىلىش تا قەدىمىي دەۋردىن بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى، بۇ ئىزدىنىش ئاخىرقى چەككە يەتكىنى يوق، ياكى بىر پەللە يارىتىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پەللىنىڭ توختاشتىن دېرەك بېرىشى ناتايىن. بۇ ئىزدىنىشنىڭ، نەي تىلسىماتىنىڭ ئەبەدىلىكى دۇنيا ئەدەبىياتىدا قەدىمىي دەۋرلەردە روياپقا چىققان «نەينامە»نىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، چاغداش ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولغان ئەھمەد زىيائىنىڭ «نەي ساداسى» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە قەسىدىسى بىلەن ئۇلىنىشىدا كۆرۈلسە كېرەك. ئەھمەد زىيائى ئىلىم ساھەسىگە تونۇشلۇق بولغان شائىر، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ كۈچلۈك تەلەپچانلىقى بىلەن قەشقەردە مەدرىسە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان. بۇ زېرەك زىيائى كىچىكىدىن باشلاپلا كلاسسىك ئەدەبىياتنىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلەر بىلەن تونۇشقان. 15 يېشىدا 1000 مىسرادىن ئارتۇق ھەجىمدىكى داستانلارنى پارس تىلىدا يازغان. ئۇ ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «ماقاماتى ھىرى» نى ئوقۇپ تۈگەتكەن، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئايگۈل ئابدۇرېھىم (1964 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پەللىسى ــ بېدىل ئەسەرلىرىنىمۇ شۇ چاغدىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن[1]. ئەلۋەتتە، شائىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەنمۇ ناھايىتى پىششىق تونۇشقان. بىز مەزكۇر ماقالىدە تەھلىلىمىزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى ۋە باشقا ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە مۇشىنچىلىك توختىلىپ، ئاساسلىقى «نەي» ۋە شائىر ئىجادىيىتىدىكى «نەي ساداسى» ناملىق قەسىدە ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

## 1. نەينىڭ زاتى توغرىسىدا

نەي ئادەتتە قومۇشتىن ياسىلىدۇ (نەي ياسالغان ماتېرىيالنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ قومۇش نەي، سۆڭەك نەي (بۈركۈت نەيمۇ دېيىلىدۇ)، قېتىشما نەي (مېتال ۋە سۇلياۋ ماتېرىياللاردىن ياسالغان) قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ) نەي قومۇش ھالىتىدىن كېسىلىشتىن بۇرۇن دائىما ئۆسۈش ھالىتىدە ھايات كەچۈرىدۇ، كېسىلگەندىن كېيىن قۇرۇيدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقىنى ئۇنىڭ قۇرىشى بىلەن تاماملىنىدۇ. شۇڭا نەي سادا چىقارغاندا ھەمىشە شۇ قەدەر مۇڭلۇق، ھىجرانلىق كۈيلەر تارايدۇ.(بىز مەزكۇر ماقالىدە نەينىڭ تەبىئىي مەۋجۇتلىقى ئۈستىدە ئەمەس، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەۋجۇتلىقى، تەبىئىي مەۋجۇتلۇق ئىچىدىكى سىرى ھەققىدىلا توختىلىمىز) بەلكىم، نەينىڭ بۇ مۇڭ، ھىجرانى ئۇنىڭ قومۇشزارلىق(ماكانى)تىن جۇدا بولۇپ، قۇرىغان ئۆسۈملۈك (يوقلۇق ماكانى) ھالىتىگە چۈشۈپ قالغىنىدىن بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە نەينىڭ سىر ۋە پىغانىنى ھەزرەت جالالىدىن رۇمىي بىلەن ھىرمان ھىسسىلارنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى شېئىرى پارچىلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ ئۆتىمىز:

كىم نەيستاندىن مېنى تا كەستىلەر،
ھەسرىتىمدىن مەرد۔ ئايال داد ئەتتىلەر.[2]
………………
نەپەسلىرى ئاشۇ نەيچىنىڭ،
چىقارماقتا دۇنيا سىرىنى،
ھازىر ئۆزى مەڭگۈلۈك دۇنيا،
بىغىشلايدۇ ھەركىم ئۆزىنى.[3]

## 2. نەي ۋە كامىل ئىنسان

بىز يۇقىرىدا نەينىڭ تەبىئىيىتى ۋە شۇ تەبىئىيەت ئۆزىگە يۈكلىگەن ئىچكى باغلىنىش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتتە، نەي بىر قۇرىغان ياغاچ، ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىش قوشۇپ، ئۇنىڭدىن تۆشۈكلەرنى ئېچىپ، پۈۋلەش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن مۇڭلۇق سادالانى زاھىر قىلدى. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەقىل پاراستى بۇ ساداغا نۇرغۇن مەنالارنى بەردى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەلب سىرلىرىنى بايان قىلىشتى. ئۇنداقتا نەيگە زادى قانداق ئەسرارلار ئاتا قىلىنىدى، ئۇ ئەسرارلار زادى كىمنىڭ نېمە ھەققىدىكى ئويلىنىشىنىڭ مەسئۇلى. بىز بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تىلسىملىق نەي بىلەن كامىل ئىنسان (ئارىپ) ھەققىدىكى باغلىنىش ۋە چۈشەنچىلەرگە باغلاپ ئوتتۇرىغا قويىمىز. نەي كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ مىسرالىرىدا ناھايىتى كۆپ ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇلار نەي تېمىسىدىكى شۇ ئىچكى سىرلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سوفىيانە ئىشقىنى ئىپادىلىگەن. پارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بولغان ھەزرەت ئابدۇراخمان جامىي نەي تىمسىلى ھەققىدە توختىلىپ: «نەي ئۆزىدىن ۋە خەلقتىن فانىي، ... نەي ئۆزىدىن تامامەن جۇدا ۋە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ نالىسى ئۆزىنىڭكى ئەمەس، ساھابىگە تەئەللۇقدۇر»، دېيىدۇ[4]. مەۋلانە ياقۇب چەرخىي بولسا «نەي ئارىفلارنىڭ مۇبارەك نەفەسلىرىدىن ئىبارەت» دەپ تەرىپلەيدۇ. يەنى، ئۇلار «نەي» نى «مۇھەممەدىي ھەقىقەت»نىڭ رەمزى (ئىماگى) دەپ قارىغان.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈپ يېتىش مۇمكىنكى، نەي ئۆز ئەسلىدىن جۇدا بولغان ئىنسان ھەقىقىتىنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە روشەنلىكىنىڭ رەمزى. نەي گويا ئادەم روھىنى ئەينەن كۆرسەتكۈچى ئەينەك،

«كامىل ئىنسان» مۇجۇدىدىكى ئاشىقانە نەپەس ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا بىز بۇ يەردە نېمىگە باغلاپ چۈشىنىۋاتقان كامىل ئىنسان، ئارىپ زات كىملەر، بۇنىڭغا شەرھ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىسمائىل ئەنقەرەۋىي «نەي كامىل ئىنسانغا تامامەن ئوخشاشتۇر. نەينىڭ ئىچى تۈرلۈك غەشلىكلەردىن خالى، كامىل ئىنسانلار ھەم نەيدەك تۈرلۈك ـ تۈمەن غەشلىكلەردىن خالى. ئۇلارنىڭ ئىچى ئىلاھىي نەغمىلەر ۋە رەببانىي نەفەسكە لىق تولغان» دەپ قەيت قىلىدۇ.

ئىبنى ئەرەبى «فۇسۇسۇل ھىكەم» كىتابىدا ئىنساننى «بارلىقنىڭ يىغىندىسى» دەپ ئېيتقان. ئىنسان پۈتۈن بارلىقنىڭ خۇلاسىسى ۋە ئاساسى. ئىنسان، ھەقىقەتەن ئالەم روھى، ئالەم ئۇنىڭ جەستى. يەنى ئىنسانسىز ئالەم جانسىز ۋۇجۇدتۇر. شۇنداقلا ئىنسان پۈتۈن بارلىقتىن ئېلىنغان مۇكەممەل ئەندىزە. ئىنسان ئەسلى زاتىدىن كامىل، كېيىن ئۇ يوقلۇق ئالىمىدە، بۇ قىسقىغىنە سىناق مەيدانىدا يا ئارىپ بولدى، يا مۇنكىر بولدى. سوقراتنىڭ گېپى بويىنچە ئېيتقاندىمۇ، ئىنسان تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى روھانىيەت ئالىمىدە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدىن ئىدى، ئەمما ئۇ فانىي دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ ھەممىنى ئۇنۇتتى، شۇڭا ئىنسان پانىي ئالەمدە ئۆز ئەسلىنى قايتا ئىزدىگۈچىدۇر، دەپ قارىلىدۇ. ئارىپ ئىنسان ئۇ ھەقىقەتنى تونۇغۇچى، ئۇنىڭ تىلى، ھەرىكىتى، ئەخلاقى ۋە مائارىپى ئىدراكسىز كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى مەيلى ئاشكار ۋە يوشۇرۇن بولسۇن، يەنىلا ھەقىقەت يولىدا سەرپ بولىدۇ. ئەزىزىدىن نەسەفىي «كامىل ئىنسان» كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئەقىل ئەللىك يىلدا تاپقاننى، ئىشق بىردەمدىلا يوق قىلالايدۇ ۋە ئاشىقنى پاك ئېتىدۇ. سالىك ئىنسان چىللە بىلەن تويدۇرالمىغان نىگاھىنى بىر نەزەر بىلەنلا قاندۇرىدۇ»،[5] «بۇيۈك شەرھ» دە: «ئىشق دەپ ناھايىتى كۈچلۈك مۇھەببەتنى دېمەكچىمەن، ئۇ ئاشىقنىڭ كۆز، جان، باتىن ۋە قەلبىگە داخىل بولۇپ، تامامىي قۇدرەتنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئاشىقنىڭ قەلب ۋە تىلى مەشۇقىدىن باشقا ھەممىنى تەرك قىلىدۇ» دېيىلىدۇ. بىز يۇقىرىقى نەي تىمسالى ۋە «كامىل ئىنسان» ھەققىدىكى شەرھلەرنى بىر مەنبە ئارقىلىق پاراللېل سېلىشتۇرالايمىز، يەنى «ئاشىق» رەمزى نەينىڭ «نەيىستانى» بىلەن كامىل ئىنساننىڭ «ئىلاھىي ئىشق»ى ھەققىدىكى مۇبارەك كۈي ۋە ئاشىقانە نەپەسلىرىدۇر.

## 3. ئەھمەد زىيائى قەسىدىسىدىكى نەي ساداسى

ئەھمەد زىيائىنىڭ «نەي ساداسى» ناملىق شېئىرى 1957 ـ يىلى يېزىلغان. مەزكۇر شېئىر مەيلى مەزمۇن سالمىقى ياكى ئۇمۇمىي ھەجمى جەھەتتىن بولسۇن، شائىر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شېئىر جەمئىي 83 بېيتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، باشتىن ئاخىر نەي ساداسىنىڭ تىيانىشان باغرىدا تارقاتقان ئاشىقانە كۈيلىرى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بۇ قەسىدىنىڭ بىرىنچى بېيتى مۇنداق باشلىنىدۇ.

> كەل ئى دوست، نەي ئۈننى ئاڭلا ھەر تىيانشاندىن،
> چىقار بۇ ئۈن جاراڭلاپ ياڭرىتىپ شاۋقۇننى ھەر ياندىن.[6]

بۇ بېيتنىڭ لىسانىي (تىل) تەرجىمىسى: كەل ئەي دوست، نەينىڭ مۇڭلۇق ساداسىنى تەڭرى تېغىنىڭ ھەر جايلىرىدىن ئاڭلا، نەيدىن چىققان بۇ مۇڭ شۇقەدەر ياڭراقكى، ھەممە يەرنى قاپلىغان.

ئەمدى بۇ شېئىرنى نەي زەمرى ئۆزىگە يۈكلىگەن مەزمۇن بويىنچە قىسقىچە شەرھىيلەپ كۆرەيلى. نەي ئۈنى ئۇ كامىل ئىنساننىڭ مۇبارەك ھېكمەتلىرى. (بىز باشتىكى مەزمۇندا نەي ساداسى ۋە كامىل ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى بايان قىلىپ ئۆتكەن، شۇڭا بۇ يەردە نەي ساداسىنى ئۆز ئىماگى بويىچە تەدبىقلاپ، شېئىر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.) ئۇنىڭدىن چىققان سادا بىزگە ھايات ئەسرارلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ھەر قاچان تەڭرىتاغ باغرىدا شۇقەدەر مۇڭلۇق ئۈن چىقىرىدۇكى، سەن بۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى چۈشەنسەڭ، بۇ ھەقىقەت ئەسرارىغا ھېرىس بولساڭ بۇ سادانى زېھنىڭ بىلەن تىڭشا. بۇ ئۈن روھانىيەت ئالىمىدىن ئايرىلىشنىڭ ھىجران ئازابىنى شۇنچىلىك ياڭراق بايان قىلىدۇ،

ئەگەر كىم مەرىپەت ئىگىسى بولسا، ئۇ بۇ ئۇتلۇق نەپەستىن ئۆز مەۋجۇتلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەكسىچە مۇنكىرلار (ئىدراكسىز كىشىلەر) بۇنىڭدىكى تىلسىمنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار ئۈچۈن نەيدىن چىققان سادا ئاتەش ھەمدى بولماستىن، قۇرۇق شامال خالاس. بۇ مەزمۇنلار تۆۋەندىكى بېيىتلاردا روشەن ئەكس ئېتىدۇ:

ئەجەپ جان كۆيدۈرەر بىر ئۈن بىلەن كۈيلەيدىكەن ھەر تۈن،
ئۇنىڭ مۇڭلۇق ساداسى تىترىتىپ دىلنى ئۆتەر جاندىن.
قىلىپ ھەيران قۇلاق سالدىم بۇ ئۈنلەرگە بولۇپ تەشنا،
ئالاي دەپ ھەسسە بۇ نەيدە كۆمۈلگەن سىرى پىنھاندىن.
دېدىكىم: ئى نادان! گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنا،
ۋۇجۇدۇڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ- ئىرپاندىن.

«نەي ساداسى» ناملىق بۇ شېئىردا نەي تاراتقان ھەق كالامى، ئارىپ ئىنساننىڭ خىسلىتى، نادان كىشلەرنىڭ نەفسى، كىبىر ۋە قانائەتسىزلىكتىن يولۇقۇدىغان بالا- قازا سىلىشتۇرما شەكىلدە ئوتتۇرىغان قويۇلغان. شائىر ئەھمەد زىيائى بۇ قەسىدىدە ئىزچىل نەي ساداسىنى ئارىپ زات، كامىل ئىنسان ھېكمىتى سۈپىتىدە بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ماددىيەت ئالىمى بىلەن روھىيەت ئالىمى، باتىنى ئەسرارلار بىلەن زاھىرى ئەمەللەر، شۇنداقلا ھەقىقەت سۈپىتى بىلەن ئۆتكۈنچى نەفسنى سېلىشتۇرما تەھلىل قىلىپ كىشلەرنى ئويغىنىشقا، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا، بۇ قىسقا ھاياتنى قەدىرلەپ، ھەقىقى بارلىقنى تونۇپ يېتىشكە، بۇ ھاياتلىقنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

دېدى نەي: ئى كىشى ئويغان! غەپلەت ئۇيقىدا ياتما،
كېتەر بىر خىش ھاياتىڭدىن مىنۇت ئۆمرۈڭ يوقاتقاندىن.
غەنىمەتتۇر ھاياتىڭ، ياشلىقىڭ، ھەرگىز زايا قىلما،
نە پايدا ۋاقتى ئۆتكەندە يېگەن قاتتىق پۇشايماندىن.
دېدى: قۇرۇغان قومۇشمەن، چىقتى مەندىن شۇ قەدەر ھېكمەت،
بۇنىڭ ئەسرارى شۇدۇركىم، سۇ ئىچكەنمەن نەيستاندىن.
شۇڭا مۇڭلۇق سادايىم ھەم پۈتۈنلەي بىر ھەقىقەتتۇر،
تەپەككۇر قىلغىدەك بولساڭ، قىممەتلىك ئۈنچە- مارجاندىن.

دېمەك، «نەي ساداسى»ناملىق بۇ شېئىردا، شائىرنىڭ ئاشىقانە پىكىرلىرى نەي رەمزىگە باغلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىر نەيدىن ئىبارەت بۇ مەجازدىن كىلاسسىكلاردەك ھەقىقەت سادالىرىنى قايتا ياڭرىتىپ، ئۆزىنىڭ رىئال جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم نادان، غەپلەتتىكى كىشلەرگە بولغان ئاھۇ زارىنى، ئۇلارنىڭ بالدۇراق ئويغىنىپ توغرىلىق يولىنى تېپىۋېلىشىغا بولغان سەمىمي تىلىكىنى ئىپادىلىگەن.

## 4. شېئىر ئۈستىدە ھەمتېكىستلىك تەھلىل

مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، بىرى، شېئىرنىڭ ئاساسى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، يەنە بىرى، ئۇشبۇ شېئىر ئۈستىدە تەھلىل (ھەمتېكىستلىك نەزەرىيەسى بويىچە) يۈرگۈزۈپ ئۆتۈش. باشتىكى قۇرلاردىن بىزگە مەلۇمكى، «نەي ساداسى» ناملىق بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپلارچە پىكرىنى خۇددى كىلاسسىك شائىرلاردەك مەلۇم بىر مەجازى ئوبرازغا يۈكلەپ ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى شائىر «نەي» دىن ئىبارەت بۇ تىلسىملىق كۈيچىنى تاللىۋالغان. (نەينىڭ بۇ تىلسىمى ۋە ئارىپ زات ھەققىدە بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن) ئۇنداقتا كىلاسسىك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتتا نەي رەمزى ھەققىدە توختالغانلار كىملەر؟ مانا بۇ بىز تەھلىل يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتىكى بەزى نامايەندىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىيات تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، تۈرك، ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتلىرى بىزنى بۇ ھەقتىكى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بولۇپمۇ پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شۆھرىتى بىز ئېتراپ قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەت. «نەي» ھەققىدىكى ئەسەرلەر ھەم پارس ئەدەبىياتىدا(بىزنىڭ بۇ ماقالىدە قەيت قىلغان پارس ئەدەبىياتى دېگەن ئاتالغۇ كىلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ) ئۇچرايدۇ. داڭلىق مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئابدۇراخمان جامىينىڭ «نەي رىسالىسى»، ياقۇپ چەرخىينىڭ ھەم «نەي رىسالىسى» ۋە خارەزمىينىڭ «جەۋاھىرۇل ئەسرار»

ناملىق ئەسەرلىرى نەي ھەققىدىكى شەرھىيلەر ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇراخمان جامىي ئۆزىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس» ئەسىرىدە نەي ھەققىدىكى بىر ئالامشۇمۇل ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: «مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ ھۇسامىددىن چەلەبىي ئاتلىق بىر قابىل شاگىرتى بولغان. ئۇ بىر كۈنى ھەزرەتتىن ھەكىم سانائىينىڭ «ئىلاھىينامە» ۋە شەيخ پەرۇدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەيىر» (قۇشلار نۇتقى) ۋە «مۇسىبەتنامە» كىتابلىرىنى ناھايىتى مەيىل كۆرگىنىنى، شۇنداقلا ھەزرەتنىڭمۇ دوست ـ بۇرادەر ۋە باشقا ئەسھابلەر ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك بىر «ھەق» كىتابى يارىتىشنى مۇراجەت قىلدى. كامىل مۇرىدىنىڭ بۇ تەكلىۋىنى ئاڭلىغان ھەزرەت جالالىددىن رۇمىي ئۇنىڭغا مۇنۇ خەتنى سۇنىدۇ،«ئەي چەلەبى، سىزنىڭ بۇ كۆڭلىڭىزگە كەلگەن بۇ ئوي مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئاللاقاچان كەلگەن ئىدى. مانا قۇلاق سال!» دەپ مۇكەممەل مەزمۇنىنى ئۆزىگە سىڭدۇرگەن مەشھۇر ئون سەككىز بېيىتنى ئوقۇپ بەرگەن.» [7] ئەمەلىيەتتە بۇ جالالىددىن رۇمىينىڭ دۇنياغا مەشھۇر «مەسنەۋىي مەئنەۋىي» ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى ئون سەككىز بېيىتىدۇر. ئۇنىڭ مەسنەۋىسى مۇكەممەل ئالتە جىلد، جەمئىي 26840 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، مەسنەۋىيشۇناسلار بۇ دەل باشتىكى ئون سەككىز بېيىتنىڭ شەرھىيسى دەپ قارايدۇ. ھەممىدە بۇ ئون سەككىز بېيىتقا «نەينامە» دەپ ئات قويغان. بۇ ئەسەر تارقالغاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا، جۈملىدىن تەسەۋۋۇپ ئىجادىيىتىدە چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان. بەدئىيلىكى بىر پەللە ياراتقان «مەسنەۋىي مەئنەۋىي» نۇرغۇن جايلارغا تارقالغان، ئەلۋەتتە تۈرك ئەدەبىياتىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ھەتتا بۇ ئەسەرگە نۇرغۇن شائىرلار شەرھىيلەر يازغان. بۇنىڭغا ياقۇپ چەرخىي، ئابدۇراخمان جامىي ۋە خارەزمىيلەر پاكىت بولالايدۇ. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ «مەسنەۋىي مەئنەۋىي»نىڭ شۆھرىتى ناھايىتى زور. دۆلىتىمىزدە بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات قىلىدىغان خەنزۇ تەتقىقاتچىلارمۇ بار، ھەممىدە «مەسنەۋىي مەئنەۋىي» ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا ئاللا بۇرۇن تەرجىمە قىلىنىپ بولغان. ئۇيغۇر تىلىدا تېخى بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق تەرجىمىسى ئىشلىنىپ بولۇنمىدى.

بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا تەتقىقات ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالانتلىق شائىر، ئەدىب ئەھمەد زىيائىنىڭ «نەي ساداسى» قەسىدىسى بىلەن نەي رەمزى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ پەلسەپىۋى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان رۇمىينىڭ «نەينامە» شېئىرى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

كەل ئى دوست، نەي ئۈنىنى ئاڭلا ھەر تىيانشاندىن،
چىقار بۇ ئۈن جاراڭلاپ ياگرىتىپ شاۋقۇنى ھەر ياندىن.

مانا بۇ «نەي ساداسى» شېئىرىنىڭ تۇنجى بېيىتى. ئۇنداقتا رۇمىينىڭ «نەينامە»سىنىڭ تۇنجى بېيىتىغا قاراپ باقايلى.(بىز بۇ يەردە سېلىشتۇرىدىغان «مەسنەۋىي مەئنەۋىي»، ئۆزبېك مەسنەۋىيشۇناس ئەسقەر مەھكەم ئۆزبېك تىلىدا ياراتقان «مەسنەۋىي شىرىن»نامىلىق شەرھىيسىدىكى تەرجىمە)

تىڭلاغىل نەي نە ھېكايەت ئەيلەگەي،
ئايرىلىشلاردىن شىكايەت ئەيلەگەي.
(مەسنەۋىي: بىشنەۋ ئەز نەي چۈن ھىكايەت مەكۇنەد،
ئەز جۇدايىفا شىكايەت مەكۇنەد. )
（请听这芦笛讲述些什么它在吧离愁和别恨诉说） [8]

ھەممىمىزگە مەلۇم، «تىڭلا» (بىشنەۋ) سۆزى بىلەن، ئەھمەد زىيائى ئىشلەتكەن «ئاڭلا» سۆزى ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (ئەلۋەتتە، «تىڭلا» سۆزىنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنا تۈسى «ئاڭلا»غا قارىغاندا كۈچلۈك) لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ ئىككى سۆز يۇقىرىقى ئىككى بېيىتقا ناھايىتى مۇھىم مەنىلەرنى بەرگەن. چۈنكى نەي جالالىددىن رۇمىي قولىدا ئاشىقانە ئوبرازنىڭ رەمزى سۈپىتىدە يارىتىلغان. ئۇنىڭ سۆزلەيدىغىنى ماددىيەت ئالىمى (يوقلۇق ئالىمى) بىلەن روھانىيەت ئالىمى (بارلىق ئالىمى) ھەققىدىكى باتىنى سىرلار. ئۇلار ھەقنىڭ جاكارچىسى، خۇددى پەيغەمبەرلەردەك يىگانە قۇدرەت ئىگىسىنى

ئىستەيدۇ، روھانىيەت ئالىمىنى سېغىنىدۇ، ئۆز ھالىتىدىن جۇدا بولغىنى ئۈچۈن ھەرەتلىك جار سالىدۇ. ئۇ تامامەن بىر كامىل ئىنساننىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن يىگانە ئاشىقىغا بولغان مەدھىيە ۋە ھەقىقەت ھېكمەتلىرى ئايان بولىدۇ. نەينىڭ بۇ ھەقىقەت ھېكمەتلىرىگە پەقەت «ئاڭلاش سەزگۈسى» ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيمىز، بۇنىڭدىن باشقا سەزگۈ ئەزالىرى بۇنىڭغا قادىر ئەمەس. ھەتتا ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم سەزگۈ ئەزاسى بولغان كۆزمۇ بۇنىڭغا قادىر ئەمەس. شۇڭا نەيدىن چىققان مۇڭنىڭ مەناسىنى كامىل ئىنسانلار پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ چۈشىنەلەيدۇ، خۇددى ھەر بىر پەيغەمبەر ئاللاھتىن ۋەھى چۈشكەندە ئاڭلاش سەزگۈسى بىلەن قوبۇل قىلغىنىدەك. يۇقىرىقى ئىككى بېيىتتىكى «ئاڭلا» ياكى «تىڭلا» سۆزى بۇ ئادەتتىكى بىر ھەركەت بولماستىن، ھەق كالامىغا يېتىشتىكى بىردىن بىر ۋاستە. شۇڭا بۇ ئىككى شېئىرنىڭ تۇنجى بېيىتلىرىدىلا قوللىنىلغان بۇ ئوخشاش سۆزلەر ھەمتېكىستلىك مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىككى سۆزنىڭ «نەي» ھەققىدىكى يۇقىرىقى شېئىردا ئوخشاش قوللىنىلىشى ئۇ ئىككى شېئىرغا ئۆزگىچە ئۇنۇم ۋە ھاياتى كۈچ ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە داڭلىق ھەمتېكىست نەزەرىيە تەتقىقاتچىسى ئېلىئوت (T. S. Eliot, 艾略特): «بىر شائىرنىڭ خاسلىقى ئۇنىڭ ئىجادچانلىقىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ دورامچىلىقىدىمۇ ئەمەس، ئەكسىچە ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنىڭ نېگىزىنى خۇلاسىلاپ ئۆز ئەسىرىگە جان كىرگۈزۈشتۇر»[9] دەپ قارىغان. ئېلىيوتنىڭ ئېيتقىنىدەك، رۇمىينىڭ «نەينامە»سىنى شۇنچىلىك شۆھرەتكە ئىگە قىلغىنى ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆز شۇنچىلىك ئىچكى جىپسىلىشىشنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بىرەر سۆزسىز بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ قارىشىمىزنى چوڭقۇرلاپ دەلىللەش ئۈچۈن ھەمتېكىست نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى كرىستېۋانىڭ (Kristewa 克里斯蒂娃) «شېئىر تىلىدىكى ئىنقىلاب» (诗歌语言的革命) ناملىق تەتقىقات كىتابىدىكى مۇنۇ جۈملىنى مىسال كەلتۈرىمىز: «ھەرقانداق بىر تېكىست باشلىنىشى بىلەنلا باشقا سۆزلەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولىدۇ، ھەممىدە ئاشۇ سۆزلەر بىر چەكسىزلىكنى ئەسەر ئۈستىگە قويالايدۇ». ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئەسەردە مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئەسەردىكى ئۇمۇمىي رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىدە تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى بۇخىل شېئىرىيەتتە كۆپ قىسىم سۆزلەر ئىماگ مەنىسىدە كېلىدۇ، ئۇ سۆزلەرنىڭ تاشقى مەناسىنى ئىچكى ئەسرارلار ئىگىلىگەن بولغاچقا، بىر سۆزنىڭ ئۇمۇمىي گەۋدىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىكى «مەي»، «ساقى» سۆزلىرى ھەم شۇنداق.

دېدى: قۇرۇغان قومۇشمەن، چىقتى مەندىن شۇ قەدەر ھېكمەت،

بۇنىڭ ئەسرارى شۇدۇركىم، سۇ ئىچكەنمەن نەيستاندىن.

بىز بۇ بېيىت بىلەن رۇمىينىڭ «نەينامە» سىدىكى يەنە بىر بېيىتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

كىم نەيستاندىن مېنى تا كەستىلەر،

ھەسرىتىمدىن مەرد- ئايال داد ئەتتىلەر.

رۇمىينىڭ يۇقىرىقى بېيىتنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، نەينىڭ قومۇشلۇق ھالىتى (نەيستاندىكى ھالىتى) ئۇنىڭ روھانىيەت (يىگانىلىك) دۇنياسىدۇر، يەنى نەي قومۇشلۇقتىن كېسىلگەندىن كېيىن ھاياتتىن جۇدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ساداسى دەل شۇ روھانىيەت ئالىمىنى سېغىنىشى، «ئەسلى ۋەتەن»نى ئىزدەش يولىدىكى چىقارغان ئۈنى خالاس. بىز باشتىكى مەزمۇندا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نەي ئارىف ئىنساننىڭ تىمسالى، ئارىف ئىنسان دېيىدۇ: «ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە تەقەززاسى بىلەن مېنى روھانىيەت ئالىمىدىن جۇدا قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ جەبرى- غۇربەتلىرىگە ئاشنا قىلغاندىن بۇيان، مېنىڭ بۇ ھالىمغا قاراپ ئەر ۋە ئايال نالە قىلىشىدۇ. خۇددى ھەۋانغا ئېرەم باغ ھەققىدە گەپ قىلغىلى بولمىغاندەك، ئارىف كىشىمۇ تېرەن قەلبىسىز كىشىگە روھانىيەت

ئالىمى ھەققىدە گەپ قىلسا بىكار.»[10] بۇ ھەقىقەتنىڭ توغرا يوللۇقلار ئۈچۈن مەنىۋى كۈچ بولسا، گۇناھكارلار ئۈچۈن بىر زىندان بولغىنىغا ئوخشىسا كېرەك.

يۇقىرىقى ئىككى بېيىتقا قارايدىغان بولساق، «نەيىستان» ۋە «ھېكمەت» سۆزى ھەر ئىككىلا بېيىتتا غول مەنانى پەيدا قىلغۇچى سۆزلەردۇر. ئەھمەد زىيائى نەينىڭ شۇقەدەر ھېكمەتلەرنى بايان قىلىشى ئۇنىڭ ئەسلى نەيىستاندىن ئىكەنلىكىدە دەپ قارىغان. رۇمىينىڭ بۇ بېيىتقا قارايدىغان بولساق، نەينىڭ شۇقەدەر ھىجران ۋە جۇدالىق سىرلىرىنى بايان قىلىشى ئۇنىڭ نەيىستاندىن كېسىلگەنلىكىدە دەپ قارىغان. ئۇنداقتا بۇ ئىككى بېيىتتىكى جىمى ھېكمەتلەرنىڭ مەنبەسى دەل نەيىستان. يەنى نەينىڭ ئەسلى زاتى نەيىستاندىن، ئۇ شۇ پاك زېمىننىڭ سۈيىنى ئىچكەن، ھاۋاسىدىن نەپەسلەنگەن، شۇڭا ئۇنىڭ مۈڭى شۇنچىلىك سىرلىق، ھەقىقەت ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىككى نەيىستاننىڭ ئوخشاشلىقى، مۇھىمى، بۇ ئىككى بېيىتتىكى نەيىستاندىن كېسىلگەن نەينىڭ رەمزى ھەم ئوخشاشتۇر، بۇ نەي «كامىل ئىنسان» لار ئەلۋەتتە.

كىشىنىڭ ئېتىبارى، ئېتىخارى، قۇدرىتى سۆزدۇر،
بىلۇرسەن پەرق ئېتەر ئىنسان مۇشۇ سۆز بىلە ھايۋاندىن.

بىز تۆۋەندە رۇمىينىڭ يەنە بىر بېيىتى بىلەن يۇقىرىقى بېيىتنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

نەي ساداسى ئاتەشدۇر، باد ئېمەس
كىمدە ئاتەش يوق ـ ئۇ ئادەمزاد ئېمەس.

ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرىقى ئىككى بېيىتتا ئوخشاش مەنە پەيدا قىلغان ئاساسى سۆز «ھايۋان» (ئادەم ئەمەس). بۇ سۆز ئىككىلا بېيىتنىڭ غول مەناسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. سۆزنىڭ قۇدرىتى ئىنسان بىلەن ھايۋاننى پەرقلىق قىلىدۇ. مەرىپەت ئىگىسى ھەمىشە چوڭقۇر پىكىرلەرنى قىلىدۇ، بۇ پىكىرلەر ئىنساننى تېخىمۇ ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ، كىمكى نادان، ئىدراكسىز ئىكەن، ئۇ ئاقىللارنىڭ كالامىدىكى ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ، بۇنداق ئادەم خۇددى بىر ھايۋاندۇر، دېگەن ئىدىيەۋى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. نەي ساداسى كامىل ئىنسانلارنىڭ زىكرى، ھەقىقەت مەيدانى، ئۇنىڭ مەنا چوڭقۇرلۇقى كىشىدىن ئەقىل، زېھىن تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولماي، بۇ ھەقىقەت زىكرلىرى ئادەم تەرىپىدىن ھېچ بىر مەناغا ئىگە بولمىسا، بۇنىڭ ئۆزى جاھالەت، ھېكمەتلەر ھەم قەدىرسىز ھېسابلىنىدۇ. دېمەك ئىنسان ماھىيەتنى تونۇشى، ھەقىقەت ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشى بىلەن چىن ئىنسان دەپ قارىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىنسان «ھايۋانات» دۇنياسىدىن پەرقلىنىدۇ.

ھەقىقىي ئاپتور بولسا ئوقۇرمەن: ستەنلېي فىش (Stanley Fish) بۇ ھەقتە، ئەسەر ئوقۇش ئەسەردىكى مەنانى بايقاش، تونۇش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ سىزگە نېمە قىلغانلىقىنى تونۇش جەريانىدۇر[11]. بىر ئاپتور ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى بىر ئوقۇرمەن. ئۇ ئەسەر ئوقۇش داۋامىدا تېكىستلەردىن سۆز ئىشلىتىش، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سىمۋوللارنى قوللىنىش جەھەتلەردە ئىستىخىيلىك ياكى مەقسەتلىك ھالدا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە نۇرغۇن ھەمتېكىستلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ھەمتېكىستلىك مەلۇم سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئۇسلۇب، قۇرۇلما ۋە ئومۇمىي تېكىستتىكى كەيپىيات، مۇھىت، تۈس قاتارلىقلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەگەر «نەي ساداسى»نى مۇشۇ بويىنچە تەھلىل قىلىش توغرا كەلسە ئەھمەد زىيائىنىڭ ئومۇمىي 83 بېيىتى رۇمىينىڭ «نەينامە»سىدىكى بىرەر بېيىتنىڭ مەزمۇن شەرھىيسى بولىشى مۇمكىن. گەرچە ئۇلار نەيىستاندىن چىقىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى ئاشكارە قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەھمەد زىيائىنىڭ «نەي ساداسى» ناملىق قەسىدىسى رۇمىينىڭ «قومۇشزارلىق»سىدىكى بىر تال قومۇش يوپۇرمىقى خالاس. بۇ ئەقلى رىئاللىقنى ھەممە ئىلىم ئەھلى قوبۇل قىلسا كېرەك.

بىز تۆۋەندە ھەمتېكىستلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئومۇمىي ئەسەر كەيپىياتىنىڭ بىردەكلىك

شەكىللەندۇرۇش ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر قانچە مىسال كۆرۈپ ئۆتىمىز:

كىشىنىڭ ئېتىبارى، ئىپتىخارى، قۇدرىتى سۆزدۇر،
بىلۇرسەن پەرق ئېتەر ئىنسان مۇشۇ سۆز بىلە ھايۋاندىن.
شۇڭا بۇ قۇدرىتىڭنى نامۇۋاپىق جايغا سەرپ ئەتمە،
قەلەم تەگلىك چېكەر ئىلكىڭدە، ناچار سۆزنى ياغاندىن.
يامان سۆز سۆزلىگۈچە سۆزلىمەي قويغان ئېرۇر ياخشى،
بويۇن زۇننارسىز خوپراق ئىششەك مۇنچاقنى ئاسقاندىن.
تەپەككۇر قۇشلىرى شۇنداق ئاجايىپ تېز پەرۋاز كىم،
پۈتۈنلەي تاشقىرىدۇر تېزلىكى ئۆلچەم ۋە مىزاندىن.
مانا بۇ قۇش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر ئى يازغۇچى بىلسەڭ،
تىرىش، پەرۋازدىن قايتسۇن ئېلىپ سىر مارىس، چولپاندىن.
تەپەككۇر ئەيلە! ياز! يازغان سۆزۈڭ كۆپ مەنىدار بولسۇن،
نە ھاسىل پايدىسىز سۆزدىن قۇرۇق قۇرلارنى تىزغاندىن.

..............................

يۇقىرىقى بېيىتلاردىن بىز شائىرنىڭ گەپ- سۆز قىلغاندا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر بولۇشى كېرەكلىكى، بولارسىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەت يورىتىلىپ بېرىلگەن. ئەمدى بۇ بېيىتلارنى رۇمىينىڭ تۆۋەندىكى بېيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

نەي ساداسى ئاتەشدىر، باد ئېمەس
كىمدە ئاتەش يوق- ئۇ ئادەمزاد ئېمەس.
مەھرەمى بول ھۇشنىڭ بىھۇشىدۇر،
ھەم زەبانگە مۇشتەرىي بىر گوشىدۇر.

«مەسنەۋىي مەئنەۋىي»گە يېزىلغان ئۆزبېكچە شەرھىيدە («مەسنەۋىي شەرىف» كۆزدە تۇتۇلىدى) يۇقىرىقى بېيىتلارنىڭ تەپسىرى ناھايىتى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، شەرھىيچى بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىزدىنىپ ئاران مۇشۇنچىلىك مەنانى روياپقا چىقارغانلىقىنى، ئەگەر بۇنىڭدىن ياخشىراق شەرھىيلەش توغرا كەلسە، ئۆزىدىن يۈز ھەسسە ئۈستۈن سەۋىيەدىكى بىرەرسىنىڭ چىقىشى لازىملىقىنى قەيت قىلىدۇ. بىز يۇقىرىقى مۇلاھىزىدىن شۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىزكى، «مەسنەۋىي مەئنەۋىي» بولسا پىكىرگە تويۇنغان، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر ھەر بىر سۆزگە سىڭىپ كەتكەن ئەسەر بولۇپ، ھەر قاتلامدىكى ئىلىم ئىگىسى ئۇنىڭدىن ئۆز ئىقتىدارىغا لايىق نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەھمەد زىيائىمۇ بىر شائىر، يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى كىلاسسىك پۇراقتا ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى، دىداكتىك قاراشلار ئەكس ئەتكەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «نەي ساداسى» ناملىق بۇ شېئىرى باشقا ئىجادىيىتىگە قارىغاندا پەلسەپىۋى پىكىر بىر قەدەر كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئىلىم نۇقتىسىدىن شۇنى ئېتىراپ قىلىمىزكى، ئەگەر «نەي ساداسى» ناملىق شېئىرنى «نەينامە» (ئون سەككىز بېيىت) بىلەن ھەمتېكىستلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا، «نەي ساداسى»نىڭ «نەينامە»دىن مەنبە، ئىدىيە قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. دېمەك پەخىرلىك شائىرىمىز ئەھمەد زىيائى قەلىمى ئاستىدىكى «نەي ساداسى» ناملىق شېئىر جالالىدىن رۇمىي ھەزرەتلىرىنىڭ «نەينامە» سىگە يېزىلغان قەسىدە، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا يېزىلغان «نەي» ھەققىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئاخىرقى سۆز

شائىر، يازغۇچى، تىل ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئەھمەد زىيائى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان، تۆھپىكار ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. بىز مەزكۇر ماقالىمىزدە شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئاشىقلىق، ھەقىقەت، ئارىفلىق، جۇدالىق ھېسسىياتلىرى ئەكس ئەتكەن «نەي ساداسى» ناملىق شېئىرى ئۈستىدە تېكىستئولوگىيەلىك ۋە ھەمتېكىستلىك بويىنچە قىسقىچە تەھلىل ۋە شەرھىيىمىزنى بايان قىلىپ، بۇ ئارقىلىق شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى ۋە ئېستېتىك كۈچىنىڭ يۇقىرى

ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتۇق. گەرچە بۇ شېئىر جالالىددىن رۇمىينىڭ «نەينامە» سى ئالدىدا دېگىزدىكى بىر تامچە بولسىمۇ، بىراق بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، جۈملىدىن شېئىرىيەتتىكى تەسەۋۋۇپ، پەلسەپىۋى تەپەككۇر، سىمۋول ۋاستىلىرىنىڭ تەبئىي ۋە ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىشى بۇ شېئىرنى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

## ئىزاھلار


[1] دىلدار ئەزىز تەييارلىغان: «ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» (28)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990ـ يىلى 8ـ ئاي نەشرى، 136ـ بەت.

[2] ئەسقەر مەھكەم: «مەئنەۋىي مەسنەۋىي كۇللىيات»، «شەرق» نەشرىياتى باش تەھرىراتى، تاشكەنت، 1999ـ يىلى نەشرى، 29ـ بەت (ئۆزبېكچە).

[3] ھېرمان ھېسسى: «نەي»، ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى.

[4] ئەسقەر مەھكەم: «مەئنەۋىي مەسنەۋىي كۇللىيات»، «شەرق» نەشرىياتى باش تتەھرىراتى، تاشكەنت، 1999ـ يىلى نەشرى، 36ـ بەت (ئۆزبېكچە).

[5] ئەسقەر مەھكەم: «مەئنەۋىي مەسنەۋىي كۇللىيات»، «شەرق» نەشرىياتى باش تەھرىراتى، تاشكەنت، 1999ـ يىلى نەشرى، 39ـ بەت (ئۆزبېكچە).

[6] مەزكۇر ماقالىدىكى «نەي ساداسى» قەسىدىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرگە تەييارلىغان «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

[7] ئەسقەر مەھكەم: «مەئنەۋىي مەسنەۋىي كۇللىيات»، «شەرق» نەشرىياتى باش تتەھرىراتى، تاشكەنت، 1999ـ يىلى نەشرى، 34ـ بەت (ئۆزبېكچە).

[8] مۇخوڭ يەن تەرجىمىسى: «مەسنەۋى مەئنەۋىي»(1)، خۇنەن ئەدەبىيات سەنئەت نەشرىياتى، 2002ـ يىلى نەشرى، 1ـ بەت.

[9] [چېڭ شىلىڭ: « ھەمتېكستلىك نەزەرىيەسى ھەققىدە بايان»، سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 73ـ بەت، 74ـ بەت (خەنزۇچە).

[10] ئەسقەر مەھكەم: «مەئنەۋىي مەسنەۋىي كۇللىيات»، «شەرق» نەشرىياتى باش تەھرىراتى، تاشكەنت، 1999ـ يىلى نەشرى، 30ـ بەت (ئۆزبېكچە).

[11] تېررى ئېگلتون (Terry Eagleton): «20ـ ئەسر غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010ـ يىلى 4ـ نەشرى، 83ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-111-07

# مۇھەممەتجان سادىق ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى*

ئابلىكىم ئابدۇراخمان

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ مۇھاكىمە ئاساسىدا شائىرنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى ئورنىغا باھا بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文对维吾尔当代著名诗人穆罕穆德江·沙德克诗歌创作所表现出的艺术特色并其特色与维吾尔古典诗歌的关系进行了探讨，并在此研究论点的基础上进一步论证诗人在当代维吾尔诗歌中的地位和影响。

**Abstract:** This thesis discusses features of famous modern Uyghur poet Muhammadjan Sadik's poem and relationship between his works and Uyghur classical poetics. Furthermore, proves his statues and influence in modern Uyghur poetics.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىدى ۋە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مۇنداق مۇۋەپپەقىيىتى شائىرلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بولغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن، جاپالىق ئىزدىنىشىدىن، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىدىن ئايرىلمايدۇ. مۇھەممەتجان سادىق مۇشۇنداق ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ باشلامچىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

شائىر مۇھەممەتجان سادىق ھېسسىياتقا باي لىرىك شېئىرلىرى، چوڭ ھەجىملىك داستان-خەمسىلىرى، شېئىرىي رومان، شېئىرىي چۆچەك ۋە باللادىلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى ۋە زور بەدىئىي كۆچ تەقدىم قىلدى.

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدە ئىنتايىن روشەن بولغان مىللىي خاسلىقى بىلەن كۆزىمىزنى قاماشتۇرىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى ئەڭ جانلىق نامايان قىلدى. بىز مۇھەممەتجان سادىقنىڭ پۈتكۈل شېئىرىي ئىجادىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا شائىرنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنى؛ كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىنى باغلاپ تۇرغان بەدىئىي نامايەندە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك شېئىرىيەتتىن قان ئالغان، زاماننىڭ تەلەپلىرىنى يۈكسەك شېئىرىي ماھارەت بىلەن نامايان قىلغان بەدىئىي كارتىنىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىي ئىزى ۋە روھىيىتى بالقىپ تۇرىدۇ.

بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر قەدەر روشەنلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىمىز ھەم بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق شائىرنىڭ

---

*بۇ ماقالە 2013-يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تۈرى — «ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيەت ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرى. تەستىق نومۇرى: 11BZW095

ئاپتور: ئابلىكىم ئابدۇراخمان(1956-يىلى 5-ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى قاراشلىرىمىزنى بايان قىلىمىز.

شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان ۋارىسچانلىقى ئۆز شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر قەدىمكى زامان چاچما شېئىر شەكلىنى قايتا تىرىلدۈرگەنلىكى ۋە كىلاسسىك داستان ژانىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىلەنلا چەكلە نمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يارىتىلغان شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي مۇھىت، بەدىئىي تەسۋىر، ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن، شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان ۋارىسچانلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدا گەۋدىلىنىدۇ.

## 1. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئوبرازچانلىق ۋە بىۋاستە سېزىمچانلىققا باي بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ

شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسى، بەدىئىي مۇھىت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىي مۇھىت بولسا ئوبراز بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىدىن شەكىللىنىدۇ. لېكىن شېئىرلاردا بەدىئىي مۇھىتنىڭ ھاسىل بولۇشىدا ئوبراز بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى تۆۋەندىكىچە، بىرىنچى، ئوبرازنى مەركەز قىلىپ، شەكىللەنگەن شېئىرىي مۇھىت؛ بۇ خىل شېئىرىي مۇھىتتا ھېسسىيات سۈرەت ئىچىگە كۆمۈلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىزھار قىلىش سالمىغى ۋە شېئىرىي پىكىرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى نىسپەتەن تۆۋەن بولىدۇ. ئىككىنچى، ئوبراز بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئۆز- ئارا ئالمىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بەدىئىي مۇھىت، بۇ خىل بەدىئىي مۇھىتتىن ھاسىل بولغان شېئىرلاردا ھېسسىيات بىلەن سۈرەت ئۆز ـ ئارا بىر بىرىنى شەرت قىلغان ۋە تولۇقلىغان بولىدۇ، شېئىرىي پىكىر بىر قەدەر ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ھېسسىياتنى مەركەز قىلىپ شەكىللەنگەن شېئىرىي مۇھىت، بۇ خىل شېئىرىي مۇھىتتا سۈرەتنىڭ كۆرۈنۈشى ئانچە گەۋدىلىك بولمايدۇ، ھېسسىيات بىۋاستە بېرىلىدۇ. مۇھەممەتجان سادىق شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي مۇھىت ئالدىنقى ئىككى تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ داستانلىرىدا ياكى لىرىك شېئىرلىرىدا بولسۇن بەدىئىي ئوبراز ئالاھىدە ئامىل ھېساپلىنىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىدا ئوي پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئاساسەن سۈرەت ئىچىگە كۆمۈپ يوشۇرۇن ئىپادىلەيدۇ. شائىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتنى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە كۆپ تەرەپتىن تەسۋىرلەپ، ئوبرازنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن رەڭدارلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىمە مۇھىت ھاسىل قىلىدۇ.

بىز ئۇنىڭ «ئانا تۇپراق» ناملىق شېئىرىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

« ئانا تۇپراق !
قوينى ئىسسىق دالامسەن !
ئانا تۇپراق -
مېھرى قۇياش ئانامسەن !
يېسەم ئاقنان،
پۇرىسام گۈل
ئىچسەم يەنە شېرىن شاراپ سەن!
دېسەڭ ئانا :
ماڭا كۆيگەن چوغۇم سەن !
كۆكتە ئۇچقان تۇغۇم سەن !
دېسەڭ ئانا :
ئىشقىمدا كاۋاپ سەن
سايراۋاتقان راۋاپ سەن!. . . » [1]

بۇ مىسرالاردا شائىر ۋەتەنگە تەڭداش ئېلىنغان تۇپراقنى ئوتتەك قۇياش تەپتىگە، مېزىلىك نانغا، گۈلنىڭ پۇرىقىغا، شېرىن شاراپقا ئوخشىتىپ ۋەتەندىن ئىبارەت ئومۇمىي ئۇقۇمنى كۆرگىلى، پۇرىغىلى بولىدىغان ھېسسى ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇپ، زوقلانغۇچىلارغا شېئىردىكى ھېس-تۇيغۇنى بىۋاستە ھېس قىلدۇرغان.

«نەقىشلىك ئالتۇن جام ئىچىدىكى مەي،

تۇرانتى مۆلدۈرلەپ بېلىق كۆزىدەك.
تۇرانتى خۇش پۇراق چېچەپ گوياكى
ئالمىدەك قىزارغان پەرى يۈزىدەك. »[2]

بۇ مىسرالاردا ئاپتور مەينىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۈچ تەرەپتىن پارچىلاپ تەسۋىرلەپ ئوقۇرمەنگە مەينىڭ شەكلى، رەڭگى ھەققىدە بىۋاسىتە تەسىرات بېرىپلا قالماستىن، مەينىڭ تەمىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتى بەرگەن.

مۇھەممەتجان سادىق كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئوبيېكتىنىڭ تاشقى بەلگىلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ كۆچلۈك رەڭ سېزىمىنى ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، يەنە سوبيېكتىپ تەسىرات، ھېسسىيات، كەيپىيات قاتارلىق روھىي كەچۈرمىشلەرنى ئوبيېكتىپلاشتۇرۇپ ئىنتايىن رەڭدار ئوبرازلارنى ياراتقان. بىز ئۇنىڭ « تاغ» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

« تاغ
سېنىڭ بېشىڭدا ئاق لېچەك،
سەن گويا
كۈلۈپ تۇرغان كېلىنچەك.
كەمزۇلىڭ قارىغاي، ئارچا
كۆڭلىكىڭ گۈل-چېچەك. . .
تويۇپ سېنىڭ مېھىر-سۈتۈڭگە
ۋىلىقلاپ كۈلۈپ
ئۆسمەكتە قۇچىقۇڭدا
گۈزەل كېلەچەك!» [3]

بۇ مىسرالاردا ئاپتور تاغ مەنزىرىسىنى روھىي خۇسۇسىيەتلەر بىلەن قىلىقلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇمۇتۋارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن بولسا، تۆۋەندىكى«ئاقسىمۇ ئالتۇن سۈيى» دىگەن شېئىرىدا:

«ھەسرىتىم ئۆرلىمەكتە. . .
بۇلۇتلىرىدىن
تامچىلىدى ياش. . .
كۆكلەرمۇ قايتىدىن قۇرۇپ كەتكەن گۈل؟!
ئاھ، يىلتىزىدا بارمۇ ئۈمۈد؟!
ئاقسىمۇ ئالتۇن سۈيى
ياشنارمىدۇ قالغان كۆڭۈل؟!»[4]

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىنى بىۋاستە ئىزھار قىلماي، بىۋاستە ھېس قىلىش مۇمكىن بولغان ئوبيېكتىلار ئۈستىگە يۈكلىگەن. دىمەك، شائىر رەڭسىز نەرسىلەرنى رەڭگە، بەلگىسىز ئۇقۇملارنى بەلگىگە، كەيپىيات، ھېسسىيات جەريانلىرىنى نەرسىلەرگە بېرىپ، ئۆز شېئىرلىرىدا ناھايىتى گۈزەل بەدىئىي مۇھىت ھاسىل قىلىپ، مۇھىت ئىچىدە ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ مەنبەسىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. كىلاسسىك شائىرلار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئوبرازلىق تىللار ئىچىگە كۆمۈپ ئىپادىلەيدۇ. بىز تۆۋەندىكى مىسرالارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا بۇ نوقتىنى ھېس قىلالايمىز.

«كورۇرمەن، ئولتۇرۇبدۇر باغ ئىچىدە بىر دىلدار،
يۈزى ئايۇ، كۆزى چولپان پەرى ھورگۈل رۇخسار.
قاشى مىھراپ يا مۇنبەر، كوزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۈن سەرۋىيا ئەر-ئەر يۈرىشى كىيىك خۇشرەفتار.
يۈزىدۇر بىر مەھى تابان، لەبىدۇر لەئل يا مارجان،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران سۆزى شىرىنۇ خۇشگۇفتار.
تولۇن ئايدەك جامالىغە، كۆڭۈل قەيد بولدى ھالىغە،
قاچان يەتكۇم ۋىسالىغە كۆڭۈلنى ئالدى ئۇل مەككار. »[5]
«قىزىلگۈل غۇنچىسى دىلبەر خانغا باق:
بۇلاقتىن كۆز ئالدى، ھىلال ئايدىن قاش،
بولدى قىز كىرپىكى تۆكۈلگەن قىلياش.
خۇي ئالدى بۇلبۇلدىن،
قىزىلگۈلدىن بوي،
چىرايى باھاردا نۇرلانغان قۇياش. . .
تۆگۈلگەن غۇنچىدىن ئالدى قىز زىنىخ،
ئالدى ئوك مەڭزىگە سىياداندىن مەڭ.
يېزىنىڭ گىلاسى بەردى لېۋىگە
شىرنە ۋە ئاجايىپ چوغدەك قىزىل رەڭ. . . »[6]

كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئىستېتىك پىرىنسىپىدا

گۈزەللىك يوشۇرۇنلۇقتا دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا كىلاسسىك شېئىرىيەتتە شائىرنىڭ تۇيغۇسى ئوبيېكتىپلاشتۇرۇلۇپ بىۋاسىتە ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئوبرازلارغا ئايلاندۇرىلىدۇ. مۇھەممەتجان سادىق كىلاسسىك شائىرلاردەك ئىچكى دۇنيادىكى يوشۇرۇنلۇقنى ئىپادىلەشتە كۆرۈش مۇمكىنچىلىكىنى يارىتىپ، كەيپىياتنى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىدۇ ۋە گۈزەل شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىماگ ئارقىلىق بىشارەت بېرىش ۋە پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ

ئىماگىزم ۋە سىمۋولىزم ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىك ۋاسىتە بولۇپ ئىماگلاردىن پايدىلىنىپ، ئوي پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈلىدىغان بىر قەدەر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكتۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئىزچىل داۋاملىشىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ بۈگۈنكىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشىدا مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان بۇ جەھەتتىكى ۋارىسچانلىقى ۋە يېڭىلاش روھى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: ئۇنىڭ بىرى شائىر شېئىرلىرىدا ناۋايى، لۇتفى، نازىمى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىزچىل داۋاملاشقان موتىف خاراكتېرلىك سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن ئۈلگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئوي پىكىرىنى ئىپادىلىدى. مەسىلەن: «قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان مۇشۇ خىل ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر.

ئىككىنچىدىن ئۇ تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ئىبارىلەر ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە ساقلانغان بىر قەدەر مۇقىم بولغان ئوبرازلارنى ئۆز شېئىرلىرىدا قوللىنىپ كىلاسسىك شائىرلارنىڭ تەمسىل ئارقىلىق ئوي پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىگە سىڭدۈردى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بۇلبۇل، گۈل، ساقى، جام دېگەندەك كىلاسسىك شائىرلارنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىغا سىمۋول قىلىنىدىغان ئىماگلار سىستېمىسى ساقلىنىپ قالماستىن، موتىفقا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يارىتىلغان شائىرغا خاس ئىماگلارمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەمسىل قىلىنغان ئوبرازلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شەخس ۋە بەدىئىي ئوبرازلاردىن تەركىب تاپىدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

باسقۇنچى ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى ـ
سۇر ـ توقاي قىلغانلار قېنى، سىز نەدە ؟
كۆتمەكتە سىزنى جەڭ ئالىپ ئەرتوڭا،
ئات توقۇپ بولۇڭ تېز قانلىق سەپەردە!
خىسراۋنىڭ بېشىنى قانغا چىلىغان ـ
تۇمارىس،
ياڭرىسۇن ئۇنىڭىز كۆكتە!»[7]

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى بۇ مىسرالاردىكى ئىسكەندەر، ئالىپ ئەرتۇڭا، خىسراۋ، تۇمارىس قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلار شائىرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىگە ئايلانغان. بۇ خىل ئوبرازلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا غۇۋالىق ھاسىل قىلىپ قالماي، شېئىرلىرىنىڭ مەنا كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئاشۇرغان.

## 3. شائىر شېئىرلىرىنىڭ كۈچلۈك رومانتىك روھقا ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرلىرى لىرىكىلىققا باي، ھېسسىياتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتىنمۇ

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ رومانتىك خاراكتېرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئىككى خىل مەنىۋى يۆنىلىش بار، ئۇنىڭ بىرى ئىدىراك ئۇستۇنلىكىدە تۇرۇپ شائىر ئۆزىنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى تۇرلۇك تەسىراتىنى ( تەجرىبىسى ) ئىزھار قىلىدىغان مەنىۋى يۆنىلىش. بۇ خىل يۆنىلىش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە دىداكتىك خارەكتېرگە باي شېئىرلارنى ياراتتى، يەنە بىرى كۈچلۈك سوبيېكتىپ تۇيغۇنى ئىپادىلەشنى مەركەز قىلىدىغان مەنىۋى يۆنىلىش بولۇپ، بۇ خىل يۆنىلىش سېزىمچانلىقتا باي رومانتىك شېئىرىيەت ئېقىمىنى ياراتتى. ئالدىنقى تۈردىكى شېئىرلاردا ئەقلىي مۇلاھىزىلەر ئاساسى مەزمۇن قىلىنىپ، شائىرلارنىڭ دۇنيا، ئىنسان، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پەزىلەت ۋە پەسكەشلىكلەر ئۇستىدىكى باھالىرى، تەسىراتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ، كېيىنكى تۈردىكى شېئىرلار نىسپى ھالدا لىرىك قەھرىماننىڭ سوبيېكتىپ تۇيغۇسىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، لىرىك قەھرىماننىڭ يار ۋىسالىغا بولغان ئىنتىلىشلىرى، گۈزەل ھاياتقا بولغان سېغىنىشلىرى ئارقىلىق شائىرنىڭ روھى كەچىرمىشلىرىنى، يوشۇرۇن تۇيغۇلىرىنى ۋە تۈرلۈك كەيپىياتلىرىنى، ئۆز-ئۆزىنى پارە-پارە قىلىش ۋە قەلبىنى تۆكۈش ئۇسۇلى بويىچە ئىپادىلىدى. مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ كېيىنكى روھى مەنبەسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەقلىي ئۇستازلىق ۋە ۋەز-نەسىھەت خاراكتېردىكى مەزمۇنلار يوق، ئۇنىڭ شېئىرلىرى شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ قايناقلىقى، چىنلىقى، شېئىرىي تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كۈچلۈك رومانتىك خاراكتېرنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئولتۇرىمەن
قولۇمدا قەدەھ.
زوقلانغان ئاي
جۇشۇۋالدى ئىچىگە.
خۇش كەيپ سۆگەتلەر،
يېقىن بىر يەردە
دۇتار،
چاچىدۇ تۇيغۇ
ئايدىڭ كېچىگە. . . »[8]

بۇ شېئىردا كۈچلۈك رومانتىك تۇيغۇ گۈزەل سۈرەتتىن ھاسىل بولغان بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە تەبىئىي ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان بۇ جەھەتتىكى ۋارىسچانلىقى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىگىچە بولغان خىلمۇ-خىل ئامىللاردا ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ناھايىتى گەۋدىلىك.

بىرىنچىدىن، ئۇ كىلاسسىك شائىرلارنىڭ رېئاللىق بىلەن خىيالىي مەنزىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولۇپ، شېئىرلىرىدا رېئال مەسىلىلەرنى چۆچەكسىمان سۈرەتلەر بىلەن بىزەپ كۈچلۈك رومانتىك مۇھىت ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن شائىر «خانتەڭرى ھەققىدە چۆچەك»، «كېچىدىكى خىياللار»، «ئاي بىلەن سۆھبەت»، «قىزىل يۇلغۇن» قاتارلىق فانتازىيە تۈردىكى داستان، باللادىلىرىدا كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ غايىۋى مۇھىت ئىچىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتەك ئەنئەنىسىنى ناھايىتى جانلىق گەۋدىلەندۈرگەن ۋە ئۇنى بۈگۈنكى زامانغىچە ساقلاپ كەلگەن.

«خانتەڭرى ھەققىدە چۆچەك» ناملىق باللادىسىدا تەڭرى تاغ دىگەن نامنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئۇستىدە ناھايىتى گۈزەل بىر ئەپسانە توقۇيدۇ. ئەسەردە خان تەڭرى ئىسىملىك بىر باتۇرنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقىپ تاغ ئۇستىدىكى قۇياش ۋە ئاينى ئېلىپ كۆككە ئاتقانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن تاغنىڭ ئەتراپىدا كۈن يورۇپ، تاغ ئېتەكلىرىدە باغۇ-بوستانلىق پەيدا بولغانلىقى، ئەمما باتۇر تاغ چوققىسىغا چىققاندا چارچاپ ئۆلگەنلىكى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاققان تەرلىرىدىن سايرام كۆلى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ پەيدا بولغانلىقى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن

خەلق ئۆز قەھرىمانىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ تاغقا خانتەڭرى دەپ ئىسىم قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بۇ ئەپسانىۋى ۋەقە ئارقىلىق قەھرىمانلىققا، باتۇرلۇققا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بىرگە دەۋرىمىز ياشلىرىنى شجائەت بىلەن ئۆگىنىپ ئىلىم-پەننىڭ يۇقۇرى چوققىسىغا چىقىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

«ئاي بىلەن سۆھبەت» ناملىق باللادىسىدا ئۆزىنىڭ زۇلۇم ۋە باراۋەرسىزلىك ئۈستىدىكى تارىخىي ئويلىنىشىنى ئاينىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق بايان قىلسا «كېچىدىكى خىياللار» ناملىق باللادىسىدا ماركس بىلەن چۈشىدە ئۇچراشقانلىقىنى يېزىپ، ماركسنىڭ بشارىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «بەخت» ھەققىدىكى تەسراتىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل گۈزەل مۇھتلارنى يارىتىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۇنىڭ داستان، باللادالىرىدا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، لېرىك شېئىرلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋارىسچانلىقى يەنە كىلاسسىك شائىرلاردەك كۈچلۈك مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قايناق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ماھارىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئېستېتىكىلىق ۋاستىلەر ئىچىدە مۇبالىغە نىسپىي ھالدا رومانتىك خاراكتېردىكى ئەسەرلەرگە ئۇيغۇنلاشقان بولۇپ، كىلاسسىك شائىرلار شېئىرلىرىدا ئۆز ھېسسىياتىنى ۋە ئۆزىنىڭ رېئاللىق ئۈستىدىكى گۈزەل ئارمانلىرىنى زور مۇبالىغە ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئەسەرلىرىنىڭ رومانتىك خاراكتېرىنى ئاشۇرغان. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ بۇخىل ئالاھىدىلىك ئىنتايىن گەۋدىلىك. بىز بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرساقلا كۇپايە:

«بىر قېتىم يولۋاسنىڭ مىنىپ ئۈستىگە
چاپتى ئۇ، جىلغا-ساي، ھاڭ-قىيالاردا.
ھايۋانلار شاھىدىن ئاققان قارا تەر،
شەبنەمدەك قالدى يەر، گۈل-گىياھلاردا. . . »[9]

## 4. شائىرنىڭ داستان ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ

شائىر مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسى ۋە ژانىرغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى.

ئۇ ناۋايىدىن كېيىنكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى ئەڭ كەڭ ساقلىغان شائىردۇر. ئۇ جەمئىي 20 نەچچە پارچە ژىرىك داستان يازدى. ئۇنىڭ داستانلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي سۈپەت جەھەتتىنمۇ بۈگۈنكى زامان داستانچىلىقىدا زور بەدىئىي ئۇتۇق ھاسىل قىلدى. ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە داستان ژانىرىنىڭ داۋاملىشىشىدا ناھايىتى زور رول ئويناپ قالماستىن، بەلكى يەنە كىلاسسىك داستانچىلىقنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ، مىللىي شېئىرىيەتنىڭ داۋاملىشىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقىدا ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى شائىرلار ئەسەرلىرىنىڭ بېشىدا ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ئۈستىدە لىرىك چۈشەنچە بېرىپ ئاندىن ئاساسىي ۋەقەلىكنى يېزىش ئۇسۇلىدۇر، بۇ خىل ئۇسۇلنى مۇھەممەتجان سادىق ناھايىتى كەڭ قوللىنىپ داستانلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ داستانلىرىدا كىچىك ماۋزۇ قويۇپ، ئەسەرنىڭ بېشىدا ئۆز قارىشىنى يىغىنچاق ئىپادىلەپ، ئاندىن كېڭەيتىپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مەسىلەن: «قىزىل گۈل ۋە بۇلبۇل»، «چىن مۇھاببەت»، «ئاۋرال داستانى» قاتارلىق داستانلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك ناھايىتى گەۋدىلىك. ئۇنىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى يەنە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە نەۋائىيدىن كېيىنكى خەمسە يېزىش شەكلىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئۇلىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، مۇھەممەتجان سادىق پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە شائىردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ مول شېئىرىيەت غەزىنىسى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى جۇلالاندۇردى ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس

تۆھپىلەرنى قوشتى.

## ئىزاھلار

[1] [3] [4] [8] مۇھەممەتجان سادىق« مۇھاببەت ۋە تەبەسسۇم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010- يىلى 7- ئاي نەشرى، 70-، 21- 13-39-بەتلەر.
[2] مۇھەممەتجان سادىق ‹‹تۇلپارغا مىنگەن پەلۋان››، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989- يىلى 7- ئاي نەشرى، 5-بەت.
[5] « ئۇيغۇركلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر ›› 414-بەت.
[6] [7] مۇھەممەتجان سادىق:«قىزىل يۇلغۇن »، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى 1-نەشرى 254-، 89-بەتلەر.
[9]مۇھەممەتجان سادىق: ‹‹ ۋاپا ۋە مەرتىلىك››، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى 7-ئاي نەشرى، 101-بەت.

## پايدىلانمىلار


1. ھاجى ئەخمەت: «ئۇيغۇر شېئىرىيتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982- يىلى نەشرى.
2. مۇھەممەتجان سادىق: ‹‹ ۋاپا ۋە مەرتىلىك ››، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985- يىلى نەشرى.
3. تېيىپجان ئېلىيوپ:«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر ›› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىلى نەشرى.
4. مۇھەممەتجان سادىق :«قىزىل يۇلغۇن»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987- يىلى نەشرى.
5. ئابدۇكېرىم راخمان:‹‹ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى››، ‹‹تارىم››، 1982- يىللىق 4- سان.
7. ئابدۇۋېلى كېرىم:‹‹مۇھەممەتجان سادىق ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيتى››، ‹‹تارىم››، 1994- يىللىق 10- سان.
8. ئابلىكىم ئابدۇراخمان:‹ ‹مۇھەممەتجان سادىق شېئىرى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، تارىم، 1994- يىللىق 10- سان.
9. ئابلىكىم ئابدۇراخمان: «مۇھەممەتجان سادىق شېئىرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا››، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، 2004 _ يىللىق 2- سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-118-06

# «فەرھاد- شېرىن» سۇژېتىنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە بەدىئىي ئەھمىيىتى*

ماھنۇر يۇنۇس

(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرناللار نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** «فەرھاد- شېرىن» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تىراگېدىيەلىك ئىشقى- مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ بىرى. «فەرھاد- شېرىن» ئەپسانىسى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 590-628- يىللىرىدا تەختكە ئولتۇرغان دارا I بىلەن خىسراۋ پەرۋىزنىڭ نامىغا توقۇلغان رىۋايەتلەردىن باشلانغان. «فەرھاد- شېرىن» ئەپسانىسى مەيدانغا كەلگەندىن بۇيانقى نەچچە ئەسىر داۋامىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇن ئېلىپ، ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىمىزغا زور تۆھپە قوشتى. بۇ ماقالىمىدە، «فەرھاد- شېرىن» داستانىنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان جەريانىدىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتتىكى ئورنى ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنىڭ ئەھمىيىتى سۆزلىنىدۇ.

**摘要：** 《帕尔哈德与西琳》是世界文学史上最悲惨的爱情长诗之一。帕尔哈德和西琳的爱情传说主要来源于（公元 590-628 年在位）萨珊王朝的国王之一霍斯罗·帕尔维兹与伊朗国王大流士一世（Darius 1）之间的矛盾。帕尔哈德与西琳的传说产生后几世纪以来不管反映在维吾尔民间文学中还是维吾尔书面文学中也有一定的地位对维吾尔文学发展起了巨大作用。这篇文章陈述《帕尔哈德与西琳》产生以来在描写维吾尔书面文学中及其描写的现实意义。

**Abstract:** The "Farhad-Sherin" is one of the most famous love tragedies in literature world. The story originates from a conflict between Darius I and Hisraw Parwiz during the Sasan Khanate (590-628 AD). After that, the "Farhad-Shirin" has played an important role in development of Uyghur folk literature and Uyghur written literature. This thesis mainly discusses significant role of "Farhad-Shirin" in Uyghur written literature.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122**　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

«فەرھاد- شېرىن» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تىراگېدىيەلىك ئىشقى - مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ بىرى. «فەرھاد- شېرىن» ئەپسانىسى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 590-628- يىللىرىدا تەختكە ئولتۇرغان دارا بىلەن خىسراۋ پەرۋىزنىڭ نامىغا توقۇلغان رىۋايەتلەردىن باشلانغان. بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادا بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان شەرقتىكى ئۆزبېك، تاجىك، ئەزەربەيجان، ئىران، ھىندى ۋە ئافغان دۆلەتلىرىدىكى يازغۇچى- ئەدىبلەر ئەسەرلىرىدە «فەرھاد-شېرىن» ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي- سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە دەۋر تەلىۋىنى تارىخىي ئوپتىمىزملىق روھ بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ ئاشىق- مەشۇقلار، تۇنجى قېتىم 10- ئەسىردە ياشىغان پارس- تاجىك كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىپتىخارى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940-1020) نىڭ «شاھنامە» سىدە ئېپىك قىسسە قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. شەرق ئەدەبىياتىدا بۈيۈك ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي گەنجىۋىي تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم مىلادى 1181- يىلى يازما ئەدەبىياتقا

*بۇ ماقالە 2012- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ماھنۇر يۇنۇس (1976- يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت، مۇھەررىرلىك خىزمىتى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئېلىپ كىرىلگەن.

نىزامى دەۋرىدىن كېيىن، خىسراۋ دېھلەۋىي، قۇتۇب خارەزمىي، ئابدۇراخمان جامىي، نەۋائىي، نىزارىغا ئوخشاش شائىرلار ئۆز دەۋرىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «فەرھاد ـ شىرىن» لىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «فەرھاد ـ شىرىن» نىڭ يۈزدىن ئارتۇق ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى گۈللىنىش دەۋرى دەپ ئاتالغان 15 ـ ئەسىردە ياشىغان شائىر ئەلشىر نەۋائىينىڭ تۈركىي تىلدا يازغان «فەرھاد ـ شىرىن» داستانى بىردىنبىر ئىز بېسىپ كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا داستان ئىجاد قىلىشنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن دەۋرى مەيدانغا كەلدى. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى خەلق تۇرمۇشىغا خاس يېڭى بىر ئەدەبىي ئۇسلۇبتا «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇزۇن دەۋرلىك ئەدەبىيات تەرەققىيات مۇساپىسىدىن قارايدىغان بولساق «فەرھاد ـ شىرىن» داستانى گەرچە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940ـ1020) نىڭ «شاھنامە»سىدە ئېپىك قىسسە قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن، فەرھاد ئوبرازى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىنىڭ رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقىشى 13 ـ ئەسىردىن باشلانغان، فەرھاددىن ئىبارەت مېھنەت كىشىسىنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن فەرھاد قىسسىسى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلشىر نەۋائىي قەلىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسىگە ئىگە بولدى. نەۋائىي «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا فەرھاد ئوبرازىنى ئەلتۆكۈس شەكىللەندۈرۈشتىن تاشقىرى، باشتىن ـ ئاخىرى ئۆز دەۋر روھىنى داستانغا سىڭدۈردى. نەۋائىي ئوتتۇرا ئاسىيادا سۇنىڭ قىسلىقى مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا، بېھىستۇن تېغىنى كېسىپ، ئەرمىنىيەگە سۇ باشلاپ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتلىك، ئاسايىش تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش مەسىلىسىنى فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە باغلاپ تەسۋىرلەپ چىن مۇھەببەت ئېگىسىنىڭ ئاشىقىنىلا ئەمەس، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراقنى ۋە شۇ زېمىندىكى خەلقنىمۇ سۆيىدىغانلىقى، ئاشىقىنىڭ زېمىنىغا كەلگەن ئاپەتنىڭ ئوخشاشلا ئۇنى ئازابلايدىغانلىقى ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، فەرھادنىڭ پاك ئىنسانىي مۇھەببىتى، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئىجادىي مېھنىتى، گۇمانىستىك خىسلەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە نەۋائىي سىڭدۈرگەن زامانىۋى روھ بولۇپ ئەسىرلەر بويى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ قان تۆككەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالىغان تاجاۋۇزچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. شۇڭا نىزامى گەنجىۋى ۋە خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىجابىي قەھرىمان بولغان خىسراۋ شاھ، نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەرمىنىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئەپتى ـ بەشرىسى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارە بولىدۇ ھەم چىن ئىلىدىن فەرھادنىڭ ئېنىلىدىشى بەھرام ئەسكەر تارتىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىدۇ، بەھرام تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئەرمەنىستاننىڭ تىنىچ، بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

بۇ نەۋائىي داستانىدىكى خەلق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، دەۋر روھىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئىپادىسى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ساھەسىدىلا ئەمەس، شەرق داستانچىلىق تارىخىدىمۇ نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا 15 ـ ئەسىر ماۋارائۇننەھەر ۋە خوراسان ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى تارىخىي ئوپتىمىزىملىق روھتا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، نەۋائىي فەرھاد ـ شىرىننىڭ رومانتىك سەرگۈزەشتىسىنى ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلىرى بىلەن باغلىغان.

نەۋائىينىڭ خەمسەسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، خەمسەدىكى داستانلاردىن ئوزۇق ئېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى كۈندىن كۈنگە زورايدى. بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نەۋائىينىڭ خەمسەسىنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئاممىباب تىل ئارقىلىق خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، نەۋائىينىڭ خەمسەسىنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 18 ـ ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك شائىر مەھزۇن «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، «شاھزادە فەرھاد بىلەن مەلىكە شېرىن ھېكايىسى» دەپ نام قويدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان يەركەنلىك ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى (1750 ـ ) نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇردى. ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندىنىڭ بۇ ئىجادىي پائالىيىتى «فەرھاد ـ شېرىن» سۇژىتىنى ئاممىباب تىل ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا زور رول ئوينىدى.

ئۆزبېك ئالىمى موللايۇف «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەم ئاممىباب ئىستىل شۇنداقلا پىششىقلاپ، ئۆزگەرتىلگەن شەكىلدە خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلىشتا ئۆمەر باقى يەركەندىنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ» دېگەنىدى. تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇكى، ئۆمەر باقى كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن نەۋائىي داستانىنىڭ باش تېمىسى، ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە سەنئەتلىك قىممىتىنى ساقلاپ قېلىشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. سۇژىتنى قوللىنىش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلاردا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەسەرنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قالدى. ئۆمەر باقىنىڭ بۇ نەسرى نۇسخىسى ئۇيغۇر ئەدەبىيات زېمىنىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تارقالدى. بولۇپمۇ ئۆزبېك ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى خىسلەت (1880ـ1945) شۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆمەر باقىنىڭ «فەرھاد ـ شېرىن ھېكايىسى»نى رەتلەپ، تەھرىرلەپ، قايتا ـ قايتا تۆت قېتىم تاشكەنتتە تاش باسمىدا نەشر قىلدۇردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر مۇللا سىدىق يەركەندى نەۋائىي خەمسەسىگە ئاساسەن نەسرى شەكىلدە داستان يېزىپ چىقتى، مۇللا سىدىق يەركەندىنىڭ داستانلىرىدا «فەرھاد ـ شېرىن» داستانى ئەڭ بېشىدىن ئورۇن ئالدى. يازغۇچىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇ يەركەننىڭ يەرلىك ئەمەلدارى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، بۇ نەسرى شەكىلدىكى داستانلارنى قايتا ئىجاد قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. يازغۇچى بۇ توپلامغا ئىككى ئىسىم قويغان، چۈنكى بۇ توپلام نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلىپ نەسرى شەكىلدە دۇنياغا كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭغا «نەسرى خەمسە» دەپ نام قويغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ توپلامنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ياردەم قىلغان ۋە كۆڭۈل بۆلگەن مىرزا مۇھەممەد بەگكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دەپ نام بەرگەن. مۇللا سىدىق يەركەندى نەۋائىي خەمسەسىنى نەسرلەشتۈرۈپ قايتا ئىجاد قىلىش جەريانىدا، نەۋائىينىڭ يۇقىرى سەنئەت تالانتى ۋە غايەت زور ئىجادى ئەمگىكىگە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلدى. نەۋائىي داستانىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرى شەكىلدىكى «خەمسە» سى نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا چىن خاندانلىقى تەيىنلىگەن قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى زۆھرىدىن ھاكىمبەگ (1827ـ184) مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، قەشقەردىكى شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇ قۇرۇلۇشىنى

كېڭەيتىپ، زىيالىيلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، كۇتۇپخانا ۋە باشقا مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلدى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەرنىڭ مەدەنىي مائارىپ ۋە ئەدەبىيات. سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم سۆيەر كىشى ھەم شائىر بولغاچقا، شۇ مەزگىلدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەر ئۇنىڭ قوللىشىغا ۋە ئىقتىسادى ياردىمىگە ئېرىشتى. شۇ ۋەجىدىن نىزارى، زىيايى، غېرىبى ۋە سەبۇرى قاتارلىق ئەدىبلەر 1841ـ1849ـ يىلغىچە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن «مەجمۇئىيەت» نى تۈزۈپ چىقتى. مەجمۇئىيەتتىكى ئەسەرلەرنىڭ بەزىسىنى بىرلىشىپ ئىشلىدى، بەزىسىنى مۇستەقىل ئىجاد قىلدى. كېيىن نىزارى يىغىپ، رەتلەپ «ئەسەرلەر توپلىمى» قىلدى. بۇ 19ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەتىجىسى ئەڭ زور بولغان «مۇھەببەت داستانلىرى توپلىمى» دۇر.

«مۇھەببەت داستانلىرى توپلىمى» ئىچىدىكى نىزارىنىڭ «فەرھاد-شىرىن» داستانى نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. نىزارى ئىجادىيەت جەريانىدا، ئەرەپ- پارىس مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن مول ئوزۇق ئېلىپ، 19ـ ئەسىر ئۇيغۇر مىللى ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرىنى ياراتتى.

ھەرمىللەت ئەدەبىياتى، ئىجادىيەت تەرەققىيات يولىدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۆتنىڭ ئەدىبىدىن ئۆگۈنۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇشنى، تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نىزارىمۇ بۇ داستاننى يازغاندا نەۋائىينىڭ شېئىر ئۇسلۇبىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، زور دەرىجىدە نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانلىرىنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، ئامال بار سۈژىتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى قىياپەتنى ئىپادىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، 19ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غايە ۋە ئىنتىلىشىنى، مۇھەببەت- نەپرىتىنى

ئۆز داستانىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، نىزارى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا پىششىق بولغاچقا، ئەسلىدىكى سۈژىت بىلەن خەلق رىۋايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، داستاننى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلدى. شائىر فەرھاد ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئىپادىلەپ، دوستلۇق، ئەركىنلىك، مۇھەببەت ۋە ئەمگەككە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر فېئودالىزىملىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىل قىياپىتىنى رەھىمسىزلەرچە ئېچىپ تاشلىدى. ئومۇملاشتۇرغاندا، نىزارى نەۋائىي ۋە جامىينىڭ شۇ ناملىق داستانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى يېڭى بىر بۇرۇلۇش ياساپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ئاساس قىلىپ، خەنزۇ ۋە چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى ئاڭنى كۈچەيتتى. 20ـ ئەسىرنىڭ 20ـ يىللىرىدىن باشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاۋاتقان غەربى ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن كۆپ خىل ئۆزگىرىش، ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا، نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى بەزى داستانلار دىرامىغا ئۆزگەرتىلىپ، سەھنىلەردە ئوينىلىپ، ناھايىتى غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. 30ـ يىللارغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، مەدەنىيەت ئاقارتىش دولقۇنى قوزغالدى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا يېڭى جان كىردى. «فەرھاد- شىرىن» داستانى نەچچە ئەسىرلىك تارىخي مۇساپە جەريانىدا ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن قەغەز يۈزىدە ئەكس ئېتىپلا قالماي، بۇ دەۋرگە كەلگەندە دىراما قىلىپ ئىشلىنىپ سەھنىلەردە ئوينىلىپ، زامانىمىز ياشلىرىنى چىداملىق، قەيسەر، چىن مۇھەببەت ئۈچۈن

كۆرمەش قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قارشى تەرەپنىلا ياخشى كۆرۈش بولۇپ قالماستىن، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ ۋەتىنىنى، يۇرتىنى، قۇۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئاشىقنىڭ ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۆزىنىڭ دەپ بىلىشىنىڭ چىن مۇھەببەت بەلگىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، دوستلۇق ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدىغان ئىنسانىيلىق پەزىلەت يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، غايىۋى روھ تىكلەپ بەردى.

40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان نىم شېھىت (1906 ـ 1972) خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلىپ، «فەرھاد ـ شېرىن»نى قايتا ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «مىڭ ئۆي ۋە فەرھاد ـ شېرىن» داستانى جەمئىي 1476 مىسرا بولۇپ، داستان فەرھاد، شېرىن ھەم مىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. شائىر داستاندا فەرھاد بىلەن شېرىننىڭ مۇھەببەت ۋەقەسىنى ئاساسىي يىپ ئۈچى قىلىپ، مىڭ ئۆينىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشىنى بايان قىلغان. شائىر بۇ داستانىدا نەۋائىي، نىزارىلارنىڭ داستانىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى قەھرىمان ئاشىق ـ مەشۇق فەرھاد بىلەن شېرىننى تارىم ئويمانلىقىدا كۆكلىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئارقىلىق بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن تارىخىي ئۈچۇرلارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلىپ، يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق ياراتقان. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە، بىر تەرەپتىن، فەرھاد بىلەن شېرىننى تارىم ئويمانلىقىدەك بۇ زېمىندا چوڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى مۇشۇ زېمىندا پەيدا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى بۇددا مەدەنىيەت غەزىنىسى بولغان مىڭ ئۆينى فەرھادتەك ئىشچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەۋلادلار ياساپ چىققان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك نىم شېھىت فەرھاد بىلەن شېرىندىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى سۈژىتنى، ئۆز مەملىكىتى ۋە ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ ئەكىلىپ قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان. ئۇ فەرھاد، شېرىننى شۇنداقلا ھەممە بىلىدىغان بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى خوتەن، شايار، كۇچا، قىزىل مىڭ ئۆي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق ياراتقان. لاڭ يىڭ خانىم بۇ نۇقتىنى مۇنداق تەكىتلىگەن: «مىللىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالاھىدىلىكى فەرھاد بىلەن شېرىننىڭ خەلق رىۋايەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك ھەم ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شائىر نىم شېھىت خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن ئىجاد قىلغان فەرھاد ـ شېرىن داستانىدا فەرھادنى خوتەن شاھزادىسى، شېرىننى كۇچا مەلىكىسى قىلدى، ھېكايە يىراق يامانىيادىن يۆتكىلىپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەردى». شائىر ئىجادىيەتكە كىرىشىشتىن بۇرۇن نىزامىي، نەۋائىي ۋە نىزارىلارنىڭ مۇشۇ تېمىدىكى داستانلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىدىن ئوزۇق ئالغان، شۇنداقلا، شائىر قەدىمكى ئىراندا تارقالغان بېھىستۇننى يېرىپ سۇ باشلىغان قەھرىمان فەرھاد ھېكايىسىنى ئەپچىللىك بىلەن تارىمغا يۆتكىگەن. شۇ ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن. نىم شېھىتنىڭ بۇ ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىگىرمىنچى ئەسىرگە قەدەم تاشلاپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىز گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلق كۆڭلىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى نۇرمەھەممەت توختى «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى ژانىر جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ «فەرھاد ـ شېرىن» پوۋېستىنى ئىجاد قىلدى. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «فەرھاد ـ شېرىن» پوۋېستى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ بۇ پوۋېستىدا دەۋرىمىزدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر باشقىچە بىر يولدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى بىر خىل يۈزلىنىشكە يول ئاچتى.

«فەرھاد ـ شېرىن» ـ ناھايىتى گۈزەل مۇھەببەت رىۋايىتى ۋە لىرىك تۈس سىڭگەن ئېپىك داستان بولۇپ، بۇ داستان يازما ئەدەبىياتقا كىرگەندىن بۇيانقى نەچچە ئەسىر داۋامىدا يازغۇچىلار تەرىپىدىن

ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش تۇغرىسىدىكى ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. مەيلى قايسى بىر تارىخىي دەۋر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ دەۋردە ئەدەبىيات ساھەسىدە نام چىقارغان ئەدىبلەر كىلاسسىكلىرىمىز ئىزىدىن مېڭىپ «فەرھاد-شىرىن» داستانى ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، شۇنداقلا چىن مۇھەببەتنىڭ يارقىن ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

«فەرھاد-شىرىن» تېمىسى نەچچە مىڭ يىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا يالقۇنلاش جەريانىدا چىن مۇھەببەت، ئالىيجاناپ پەزىلەت، ئىجادكارلىق روھىغا ئوخشاش خەلقلەر دوستلىقىمۇ يۈكسەك خەلقچىللىقنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۈگۈنىمىزمۇ ھەر مىللەت خەلق ئامىسىنىڭ دوستلىقىغا، دۇنيا خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىغا مۇھتاج، بولۇپمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت سۇسلىشىۋاتقان، باردى- كەلدى يىراقلىشىپ، جىددى رىتىمغا ماسلىشىشنى باھانە قىلىپ ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش ئازلاۋاتقان، ساختا مۇناسىۋەت كىشى قەلبىنى بىئارام قىلىپ، مۇھەببەت- نىكاھ ئىشلىرى پۇل- مال سودىسىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتقان، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن پارنىك بالىلىرىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەش، خەلق، دۆلەت مەنپەئەتىنى ئويلاش ئەمەس، ئۆز ئىشلىرىنىمۇ مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلالماي ئاتا- ئانىسىغا تايىنىۋالىدىغان، ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئۆز ئۆيلىرىدىمۇ قورقۇپ ئۈركۈيدىغان، ياخشى شارائىت قوغلىشىپ ھەممىلا ئىشتا پۇل، ئورۇن- مەرتىۋىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتەك ئەسلى خاراكتېرىمىزغا، ۋۇجۇدىمىزغا يات بولغان مىجەز، ئادەتلەر مەيدانغا چىقىۋاتقان بۈگۈنىمىزدە «فەرھاد- شىرىن» روھىنى تەشۋىق قىلىش، بۇ سۇژىتنى بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزدا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىشىنىمىزكى، «فەرھاد- شىرىن» سۇژىتى ھەرمىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى بولۇپ پارلاق نۇر چاچقۇسى!

## پايدىلانمىلار


[1] ئەسئەت سۇلايمان: « «خەمسە» چىلىك ۋە ئۇيغۇرئەدەبىياتى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى 10 - بەت.
[2] «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»[C]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995- يىلى.
[3] باتۇر ئەرشىدىنوۋ: « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا داستان ژانىرى»[M]. ئالمۇتا، قازاقىستان س س پ «نەۋقە» نەشرىياتى. 1988-يىلى 93، 92، 104 -بەتلەر.
[4] شەرىپىدىن ئۆمەر: «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 2- قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998- يىلى، 898- بەت.
[5] ئابدۇبەسىر شۈكۈر: «كۆزگۈنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى» ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2000- يىللىق 3- سان.
[6] ھەنىپە سالىمۇۋا: «ئەلشىر نەۋائىي ئىزداشلىرى»، «ئۇيغۇر فەرھادنامىسىنىڭ تۇنغۇچ ئەسىرى»، تاشكەنت، غاپۇر غۇلام نامىدىكى نەشرىيات، 2005- يىلى، 68-109- بەتلەر.
[7] ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006-يىلى 4-سان.
[8] ھەسەنجان ئابلىز: «نەۋائىي قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان فەرھاد ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تولۇقلىما»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2004- يىللىق 1- سان.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

34 ـ يىللىق 3 ـ سان
2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
第 34 卷第 3 期
2013 年 9 月
ماقالە نومۇرى: 07ـ 124ـ 03(2013) 5878ـ 1005

# قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرى ئەنئەنىسى — ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ ئېپوس ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى*

ئالىيە ئابدۇللا

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ بايان سەنئىتىدە مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىشتەك ئېپوسچە ئالاھىدىلىك روشەن ھالدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ژانىر ھامان ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت توپىنىڭ مىللىي تىل فورمىسى، مىللىي ئېستېتىك ئۆلچىمىنى مۇھىم مەنبە قىلىدۇ.

**摘要**: 维吾尔长篇历史小说在叙事艺术方面主要体现了史诗特点。维吾尔长篇历史小说的上述叙事特点跟维吾尔口头以及书面的经典文学作品所体现的文学传统不无关系。因为每一种体裁都会在自己所属群体的语言以及艺术规范基础上得到最初发展的。

**Abstract:** The Uyghur historical novel mainly embodies epic characteristic in narrative pattern. It is hard to say that there is no link between such epical narrative patterns and traditional narrative patterns in which embodies in Uyghur classical oral and written literature, because every genre originates from its belonged language foundation and cultural aesthetical standard.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بەدىئىي شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەردۇر. مۇشۇنداق بىر بەدىئىي شەكىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئاساس بىلەن تەمىنلەۋاتقان مەدەنىيەت مەنبەسىنى تېپىپ چىقىش بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، ئەلۋەتتە.

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا تارىخىي رومانلار ئاساسەن ئىككى خىل شەكىلدە يېزىلدى. بىرىنچىسى، تارىخىي مەنبەلەردىكى ماتېرىياللارنى ئاساس، مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا توقۇلغان بەدىئىي توقۇلمىلارنى قوشۇمچە قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان، ئەسەرنىڭ تارىخىيلىقىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن تارىخىي رومانلار. ئىككىنچىسى، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ، ئاساسەن بەدىئىي توقۇلمىلارغا تايىنىش ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي دەۋرگە خاس تارىخىي كەيپىياتنى، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن تارىخىي رومانلاردىن ئىبارەت.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى تۈر بولغان ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىدا بولسا تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا تارىخنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش ئەڭ موھىم ئالاھىدىلىك بولۇپ

*بۇ ماقالە 2012ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئالىيە ئابدۇللا( 1972ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوكتور، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كەلدى. ئوقۇرمەنلەر ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە تارىخىي رومانلاردىن تارىخىي ئۇچۇر ئىزدەش خاھىشىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. ئۇلار تارىخىي رومانلارغا بەدىئىي يوسۇندا يېزىلغان تارىخىي ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ [1]. ئۇيغۇر تارىخىي رومان يازغۇچىلىرىمۇ ئاددىي هالدا ئوقۇرمەنلەرگە بەدىئىي زوق بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن تارىخنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا نۇرغۇن يازغۇچىلار تارىخىي ئەسەر يازغاندا ئەسەر يېزىش ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئەۋلادلارغا تارىخىي بىلىم بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بېرىش ئۈچۈن يازىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىي رومانلىرىدا شەخسنىڭ، بىر جەمەتنىڭ تارىخى يېزىلىشتەك ئەھۋالدىن پەرقلىق هالدا ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىدا كوللېكتىپ ئەستىكى ماكرو تارىخ (集体记忆中的宏观历史) ئىزچىل هالدا تەسۋىرلەش ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا مەلۇم شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تارىخىي رومانلار خېلى كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق رومانلاردىمۇ ئوخشاشلا باش پېرسوناژنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ كوللېكتىپنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى قىسمەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىي مەقسەت قىلىندى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش هاجەتكى، ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ بايان سەنئىتىدە مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى كەڭ هەم چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرىشتەك ئېپوس ئالاھىدىلىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارىشى» (ئەدەبىيات رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دەيدىغان قاراش)، «قورال قارىشى»(ئەدەبىياتنىڭ تونۇتۇش، تەربىيەلەش رولى بولىدۇ دەيدىغان قاراش) قاتارلىق ئەدەبىيات قارىشى؛ ئېپوس، مەڭگۈ تاش مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن تارتىپ، تارىخىي تەزكىرىلەرگىچە تارىخ بىلەن ئەدەبىيات ئېنىق ئايرىلمايدىغان، بەدىئىي يول بىلەن تارىخ خاتىرىلەيدىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى؛ كوللېكتىپچانلىقنى، جامائەتچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ يەنى چەتئەل ئەدەبىياتى، خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەسىر هەرگىز تارىخىي روماندىكى موھىم ئامىللار بولغان تىل، بايان قۇرۇلمىسى، تەسۋىر ئالاھىدىلىكى، ئەسەردە ئىپادىلىنىدىغان تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى بېرەلمەيدۇ. هەرقانداق ژانىر هامان ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۇپىنىڭ مىللىي تىل فورمىسى، مىللىي ئېستېتىك ئۆلچىمىنى مۇھىم مەنبە قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچى فراي ئەدەبىياتتىكى مەلۇم بىر ژانىرنىڭ ئەسلىي شۇ ئەدەبىياتتا مەۋجۇت باشقا ژانىرلار ئاساسىدىلا شەكىللىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى سىرتقى كۈچ، ئامىللار تەرىپىدىن ئەمەس، دەل ئەدەبىياتنىڭ ئىچكىي مەنبەسىدىن كېلىدۇ»[2]. ئۇ هەتتا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ سۇژىت قۇرۇلمىسى، پېرسوناژ تىپى، بايان ئەندىزىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە ۋە ئۇنىڭدىكى مۇتىفلارغا باغلايدۇ. مۇشۇ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە ئەدەبىياتتىكى ژانىرلار ئۆز ئىچكى مەنبەسىدىن تەرەققىي قىلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغاندا ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئاغزاكىي ۋە يازما ئەدەبىياتىدىكى تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بايان سەنئىتىدىن يەنى رىۋايەتلىرىدىن، ئېپوسلىرىدىن، مەڭگۈ تاشلاردىن، قىسسەلىرىدىن، تەزكىرىلىرىدىن ئىزدەش مۇمكىن. چۈنكى بۇ ژانىرلار ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىغا خاس بايان، قۇرۇلما، تىل، ئوبراز ۋە تېما ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە مەنبە، ئۇل بولغان.

ئۇيغۇرلاردا بەدىئىي شەكىلدە تارىختىن ئۇچۇر بەرگەن ئەڭ قەدىمكى ژانىر ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتلىرىگە باغلىنىدۇ. بۇ خىل رىۋايەتلەر قەدىمكى ئەپسانىلەردىن پەرقلىق ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق تەشكىل تاپقانلىقى، دۇچ كەلگەن ئاپەتلەردىن قانداق قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى رىۋايەت تۈسىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر ئىچىدە تىپىك بولغىنى «ئۇيغۇر ئېلى»، «ئەرگىنە قۇن» رىۋايىتى بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تارىخىي كەچمىشلىرىنى رىۋايەتكە خاس ۋەقەلەر ئىزچىللىقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. گەرچە بۇ ۋەقەلەرنى تارىخنىڭ دەل ئۆزى دەپ ئېيتالمىساقمۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەدەبىياتتا قالدۇرغان ئىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئەڭ دەسلەپكى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق تارىخ خاتىرىلەش نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [3].

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رىۋايەتلەردىن كېيىن بەدىئىي شەكىلدە تارىخ بايان قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنى ئېپوس بولدى. تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرى ئۇرخۇن ـ سېلىنگا ۋادىلىرىدىن تارتىپ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغىچە بولغان زېمىندا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كەڭ بىرلىششىكە بولغان ئىنتىلىشى ئاساسىدا قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار، ھونلارنىڭ، ئاندىن كۆك تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قايتا بىرلىششى، «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، «كۆك تۈرك خاندانلىقى» نىڭ يىمىرىلىشى، «ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى»نىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەرنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلدى. «بۇ ئېپوسلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن، ئېتنىك روھىدىن، بەدىئىي ۋە تارىخىي رېئاللىقىدىن تۇغۇلغان مەھسۇلاتتۇر» [4]. بۇ ئېپوسلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئەسلىملەرنىڭ قوشۇلۇشى، مىللىي تەپەككۇرنىڭ چۆكمە بولۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، شۇڭا ئېپوسلارنىڭ مىللەت تارىخىدىكى چوڭ ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مىللىي قەھرىمانلارنى مەدھىيەلەشنى ئەلا بىلىشتەك بۇ ئەنئەنىسى كېيىن يەنە مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا نۇرغۇن تارىخىي مەلۇماتلار بېرىلگەنلىكتىن، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار بۇ يادىكارلىقلارنى تارىخىي ماتېرىياللارغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يادىكارلىقلار ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق يېزىلغان بولۇپ، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ زىچ بىرلەشكەن ھالەتنى ئىپادىلىگەن» [5].

دېمەك مەڭگۈ تاشلاردا ئېنىق يىلنامە، چىن تارىخىي ۋەقەلەر يەنى تارىخىيلىق ئاملى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ باياندا ھەرخىل بەدىئىي شەكىللەر پايدىلىنىلغانلىقى بىلەن ئەدەبىي خۇسۇسىيەتنىمۇ ئىپادىلىگەن. ئېپوس، مەڭگۈ تاش دەۋرلىرىدىن كېيىنكى نەسرىي ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساقمۇ نۇرغۇن شەكىللەرنىڭ تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنى زىچ بىرلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، « چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە زور ھەجىملىك قىسسىلەر، جەڭنامىلەر، تارىخ ۋە تەزكىرە ئەسەرلىرى، تەرجىمىھاللار، رىسالىلەر ۋە دەستۇرلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى» [6]. بىز بۇ ژانىرلاردىن ئەدەبىيات بىلەن تارىخ بىرلىشىپ كەتكەن بەدىئىي ئەندىزىنىڭ راۋاجىنى ھېس قىلالايمىز. «قىسسەسۇل رابغۇزى» گۈزەل ئەدەبىي ئۇسلۇبى، مول ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرى بىلەن بايان بەدىئىيلىكىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايان قىلغان بولسا، «بابۇرنامە» ئۆزىنىڭ «تەكەللۇپسىز، ئېنىق، ئاددىي سۆزلەر بىلەن يېزىلىش»[7] نى ئاساس قىلغان پۇختا بايان ئەندىزىسى ئارقىلىق رېئال تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ نەسرىي ئۆلگىسىنى نامايان قىلدى. 16 ـ ئەسىردىكى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ « تارىخىي رەشىدىي» سىدە ۋەقەلەرنى بايان قىلىش، ئوبراز يارىتىش، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەش جەھەتتە خېلىلا پىشقان بەدىئىي بايان ماھارىتى ئىپادىلەنگەن بولسا 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە زەلىلىنىڭ «چىلتەن تەزكىرىسى»،

ئابدۇشكۇرنىڭ «تەزكىرەئىي ئابدۇراخمان» قاتارلىق تەزكىرىلىرى يېزىلىپ مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. 19- ئەسىرگە كەلگەندە تەزكىرە تېخىمۇ راۋاجلاندى. «رىۋايەت بىلەن تارىخ، ئەدەبىيات بىلەن تەزكىرە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق كۆرۈلدى»[8]. ئەمما بايان تىلىدا «ئىستىلىستىك ۋاستىلەر كۆپلەپ قوللىنىلدى، ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە لىرىك شېئىرلار قوشۇلۇپ ئەسەر مەزمۇنى زور دەرىجىدە جانلىق ھېسسىياتلىق تۈسكە كىرگۈزۈلدى» [9]. يېقىنقى بىرنەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «تارىخىي ھەمىدىي» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلاردا تارىخنىڭ قويۇق بەدىئىي تەسۋىر ئىچىدە سەنئەتلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، «ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا تارىخ ئىزچىل ھالدا ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىدە تۇرۇپ كەلدى. نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارمۇ دەل ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق تەزكىرە شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق بەدىئىي يوسۇندا تارىخ قالدۇرۇش ئەنئەنىسى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تاكى 20- ئەسىرگىچە داۋاملاشتى»[10].

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى مەزگىلىگە كەلگەندە بارلىققا كەلگەن، تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدىكى بەدىئىي پىششىقلاش ئارقىلىق يېزىلىدىغان ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى بەدىئىي يوسۇندا تارىخ قالدۇرۇش، تارىخ بىلەن ئەدەبىيات زىچ بىرلىشىپ كېتىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى. شۇڭا ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرى مەيدانغا كەلگەن 30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا مەزمۇن جەھەتتە تارىخىي ماتېرىياللار سالمىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماستىن، پېرسوناژ تىپى ۋە بايان ئەندىزىسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئېپوس، تەزكىرىلەر تەمىنلىگەن ئەندىزىگە ۋارىسلىق قىلىندى. «چۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ سىرتقى شەكلىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە شەكىللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىچكى قۇرۇلمىسى، يوشۇرۇن بەدىئىي تەپەككۇر ئەندىزىسىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەر قانداق بىر يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى، ئۇ ھەر قانچە يېڭىلىق ياراتقان تەقدىردىمۇ مۇشۇ ئەندىزىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس»[11] ئىدى.

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ بايان ئەندىزىسىدە ئېپوسلۇق خاراكتېر بەكرەك گەۋدىلىك. بايان ئەندىزىسى دېگەندە ئاساسەن بايانچىنىڭ بايان ئادىتى، ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە سۇژېتنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدا شەكىللىنىپ قالغان، بىرلىككە كەلگەن ئەندىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە، تارىخنى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىش مۇئەييەن ئەندىزە يەنى مۇئەييەن بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. «بۈگۈنكى زامان تارىخىي رومانلىرى ئىجادىيىتىدە(بۇ يەردە سۇژېتلىق قۇرۇلمىنى ئاساس قىلغان تارىخىي رومانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ-ماقالە ئاپتورىدىن) ئىككى خىل بايان ئەندىزىسى مەۋجۇت: بىرى، ئېپوس ئەندىزىسى، يەنە بىرى، تەزكىرە ئەندىزىسىدىن ئىبارەت»[12]. بۇ يەردىكى ئېپوسلۇق ئەندىزە كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئېپوسنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالدى بىلەن گەپنى ئېپوستىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. باختىن ئېپوس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ : «ئېپوس بىر خىل ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، ئېپوس بىر مىللەتنىڭ داغدۇغىلىق ئۆتمۈشىنى گود ۋە شىللېرلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ‹مۇتلەق ئۆتكەن زامان› نى ئوبيېكت قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېپوسنىڭ مەنبەسى خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردىن ئىبارەت (ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ كەچۈرمىشى ياكى شەخسنىڭ كەچۈرمىشنى ئاساس قىلغان توقۇلمىلارنى مەنبە قىلمايدۇ ). ئۈچىنچىدىن، ‹ئېپوس دۇنياسى› بۈگۈنكى دۇنيادىن يەنى ئېپوسنى ئېيتقۇچى، ئاڭلىغۇچىنىڭ دەۋرىدىن يىراق بىر دۇنيانى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئارىدا مۇتلەق ئارىلىق بولغان

بولىدۇ» »[13]. بۇ يەردە باختىننىڭ ئېپوس توغرىسىدا ئېيتقانلىرى بىلەن بىز توختالماقچى بولغان ئېپوس ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاقلىق بار، لېكىن باختىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېپوس بىلەن روماننى پەرقلەندۈرۈش نۇقتىسىدىن قىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئېپوس ئەندىزىسى رومان ئىجادىيىتىدە قوللىنىلغان بىر خىل «ئېپوسلۇق خاراكتېر»نى ئىپادىلىگەن قىممەت قارىشى، ئىستېتىك ئۇسلۇب، ئەسەر قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەندىزىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى كونكرېت ئېيتقاندا، «ئېپوس ئەندىزىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارىلىدۇ: بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەركەزلىك ھالدا قەھرىمان شەخسنى تەسۋىرلەيدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ناھايىتى چوڭ قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ. ئېپوس ئەندىزىسىنى ھەم ئەسەرنىڭ قىممىتىنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قاراشقىمۇ ھەم ئىجادىيەت جەريانىدىكى بىر خىل ئۇسۇل ياكى شەكىل دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ»[14]. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ ماقالىدىكى ئېپوس ئەندىزىسىنى ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقىدىكى كىلاسسىك ئېپوسلار بىلەن تومۇرداش بىر خىل ئۇسۇل ياكى ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ قىممىتىنى باھالاشتىكى بىر خىل ئۆلچەم دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش كېرەككى، بىز دېمەكچى بولغان ئېپوس ئەندىزىسى خەنزۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان، سىنىپىي كۈرەشنى ئاساسىي تېما قىلغان، مەركەزلىك ھالدا تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن قەھرىمانلارنى تېپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەشنى ئوبيېكت قىلغان «كونا»[15] ئېپوسلۇق ئەندىزىدىن، شۇنداقلا كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئېپوسلارنىڭ تۇرمۇشنى كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسۋىرلەش ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى تارىخچىلىق نەزەرىيەسى بويىچە يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالاھىدىلىكنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق تارىخىي رومانلارنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى يۇقىرى

كۆتۈرۈپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە يېڭى پەللە ياراتقان «يېڭى»[16] ئېپوس ئەندىزىسىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ، ئۇ ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىغا خاس بولغان، ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئاساسىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلغان، تارىخىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسەتكەن قەھرىمانلار، چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، تارىخنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈشنى چىقىش قىلغان ئېپوس ئەندىزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىدا ئېپوس خاراكتېرىدىكى بايان ئەندىزىسى بايان تەرتىپىدە تەرتىپلىك باياننى ئاساس قىلىش؛ باياننى ھەممىنى بىلىدىغان 3 ـ شەخسنىڭ مەۋقەسىدىن چىقىپ قانات يايدۇرۇش؛ پېرسوناژلارنى روشەن ھالدا ياخشىلىق، يامانلىققا ۋەكىل قىلىش، قەھرىمانلارنى مۇكەممەل يارىتىشقا مايىل بولۇش، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دىن يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بايقاش مۇمكىن. « «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ جەۋھىرى ، شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ پېرسوناژلارنىڭ دائىم روشەن ھالدا ياخشىلىق ياكى يامانلىققا ۋەكىللىك قىلىشى، قەھرىمانلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇكەممەل يارىتىلىشى، ھەممە ئەسەردە دېگۈدەك ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى. . . قاتارلىقلار ھېچكىم ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان بىر ئاددىي قانۇنىيەت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ »[17]. دېمەك كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئېپوسلار ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە ھېساپلىنىدۇ.

«ئېپوس ھەم تارىخقا ھەم ئەدەبىياتقا مەنسۇپ»[18]. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئېپوس ئۇقۇمىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان، مەشھۇر قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى

مەدھىيەلەيدىغان ژانىرنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. لېكىن رومان ژانىرى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى بىرقەدەر مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرەلىگەن رومانلارنى بىلدۈرىدىغان بولدى. خۇددى تارىخىي رومانلارنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان لۇكاچ ئېيتقاندەك: «ئېپوسلار ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى، ھومېر ئېپوسلىرى ۋەكىللىكىدىكى قەدىمكى گرېتسىيە دەۋرىگە مەنسۇپ ئېپوس؛ يەنە بىرى، يېقىنقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە گۈللەنگەن روماندىن ئىبارەت»[19].

ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرى خۇددى ئېپوسلاردەك ھەم ئەدەبىيات ھەم تارىخلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكى ھەم جەمئىيەت، مىللەت دەرىجىسىدىكى ماكرولۇق تارىخنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈش سالمىقىنىڭ يۇقىرى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېپوسلىق خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، تەقدىرى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن باغلىنىپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ۋە شەخسنىڭ قىممىتىمۇ شۇ باغلىنىش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكى، شۇنداقلا بىر تەرەپتىن تارىخنى خاتىرىلەش، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئالاھىدىلىكى ئەنئەنىۋى ئېپوسلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي فۇنكسىيەلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىي رومان يازغۇچىلىرى ئېپوسنىڭ بۇ ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ بۈگۈنكى زاماندىكى «ئېپوس»نى ياراتتى. «قەدىمكى زاماندىكى ئېپوس بىلەن زامانىمىزدىكى ئېپوسلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر بىردەكلىك مەۋجۇت. ھەر ئىككى خىل ئېپوس داۋالغۇش ئىچىدە، ئوبيېكتىپ چىنلىق بىلەن رېئاللىقنىڭ جانلىق مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن، تارىختىكى خەلق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، تارىخنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ »[20]. لېكىن ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ «ئېپوس»لۇق خاراكتېرىدە، بولۇپمۇ تارىخنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە تۇرمۇشنىڭ تاشقى ھادىسىلەر قاتلىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن چەكلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىدا «ئىجتىمائىي تونۇش ۋە تارىخىي ئەقلىيلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، بۇ رومانلاردا ئىپادىلىنىۋاتقان ‹ئېپوس›لۇق خاراكتېر يەنىلا تەزكىرە ئەندىزىسىدىكى قىممەت بېكىتىش، ھەق- ناھەقنى ئايرىشقا بەكرەك مايىللىقنى ئىپادىلىگەن. نەتىجىدە تارىخنى بەدىئىيلىككە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا ئىپادىلەش خاھىشى ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇقەررەر تاللاش نەتىجىسىدە چەكلىنىپ قالغان. شۇڭا بۈگۈنكى دەۋردە بىزنىڭ ‹ئېپوس›لۇق خاراكتېرگە بەرگەن ئېنىقلىمىمىز: تۇرمۇشنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەش، تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن چەكلەندى. ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپلىقىنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشكە باي تەرەپلىرى كۆپىنچە نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدى»[21]. لېكىن ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە، ھېكايىچانلىقىغا ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى ھەم «ئېپوس» لۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇشنى تارىخىي رومانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى دەپ قاراش نەتىجىسىدە، تارىخىي تۇرمۇشنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلغان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي رومانلاردىن كۈتىدىغان «بەدىئىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخىي ئوقۇشلۇق» بولۇش تەلىپىدىن چىقالىغانلىقى ئۈچۈن بەدىئىيلىك جەھەتتىكى سەۋەنلىكلىرى مەلۇم دەرىجىدە يېپىلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قانداق ئۇسلۇبتا يېزىلىشى يالغۇز يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن يەنە كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار قاتارىدا مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى يازغۇچى مۇقەررەر يوسۇندا مەلۇم مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشايدۇ ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە شۇ مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى

ئىپادىلەيدۇ. « مىللىي ماھارەت قويۇق مىللىي تۈرمۈش ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان نەرسە بولۇپ ئۇ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جۇغلىنىشىنىڭ نەتىجىسى»[22] دىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تارىخىي رومان يازغۇچىلىرى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بايان ئەندىزىسىدە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى، ئېپوسلۇق ئەندىزىسىنىڭ سۇژىتلىق قۇرۇلمىنى ئاساس قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشتەك ئېستېتىك ئۆلچەملىرىنى بۆسۈپ تاشلاش توغرىسىدا، پىسخىك قۇرۇلمىنى ئاساس قىلىپ، مەلۇم تارىخىي باسقۇچتىكى پېرسوناژنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى قېزىش ئارقىلىق ئىچكىي دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغلىشىدىغان «يېڭى ئېپوس» يارىتىش توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك (گەرچە باتۇر روزى بۇ سىناقتا غەلىبە قىلىپ «پىلسىراتتىن ئۆتكەنلەر» نى ئۇتۇقلۇق يېزىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېخىچە يەنە يېڭىلىق پېتى قېلىۋەردى).

## ئىزاھلار

[1] ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېما »، «تەڭرىتاغ »ژۇرنىلى، 2001- يىللىق 4- سان، 40- بەت.
[2]弗莱： 《批评的解剖》，百花文艺出版社，2006年版，139页
[3] [4] [6] [8] [9]«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006- يىلى 4- ئاي نەشرى، 55- ، 65 ، 95- 96، 4- توم 119- ، 3 ـ توم، 120- بەتلەر.
[5]阿布杜沙拉木·旭库尔:《古代突厥文碑铭文学研究》[D]，中央民族大学博士学位论文，2009年3月，136页。
[7] «بابۇرنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991- يىلى، 11- بەت.
[10]阿布杜沙拉木·旭库尔： 《古代突厥文碑铭文学研究》[D]，中央民族大学博士学位论文，2009年3月，137页。
[11] [17] قېيسەر قۇربان:«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مىللىيلىك»، «تارىم » ژورنىلى 2008- يىللىق 6- سان، 113- بەت
[12] 蔡爱国:《中国当代历史小说的叙事策略与文本分析》[D]， 苏州大学博士学位论文, 2006年4月, 109页
[13]巴赫金:《小说理论》[M]，白春仁、晓河译，河北教育出版社1998年版，515页。
[14]蔡爱国:《中国当代历史小说的叙事策略与文本分析》[D]，苏州大学，博士毕业论文，2006年4月，103页。
[15]蔡爱国:《中国当代历史小说的叙事策略与文本分析》[D]，苏州大学，博士毕业论文，2006 年 4 月，103页。
[16]王姝:《. 多元哗变下的史诗性重构》[D]，浙江大学博士学位论文 2006 年 4 月, 2 页。
[18] 陈新: 《西方历史叙述学》[M]，北京: 社会科学文献出版社, 2005 年 7 月, 第一版,第 8 页。
[19]G. Luckacs, The theory of the Novel[M], Cambridge: The Mitt Press,1996,p156。
[20]（匈）卢卡契:《卢卡契文学论文集》(卷二)[M]，北京:中国社会科学出版社 1981 年版，第 149 页。
[21] 王姝:《多元哗变下的史诗重构》[D]，浙江大学博士毕业论文，2006 年 6 月，第 59 页。
[22] ھەسەنجان سادىق تۇرگەن:« ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى 7- ئاي 1- نەشرى، 296- بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

34 ـ يىللىق 3 ـ سان
2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 34 卷第 3 期
2013 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-131-06

# موڭغۇللارنىڭ تۇرپان، قومۇلدىكى پاراكەندىچىلىكى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشى*

ئايىمگۈل قابىل

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 844008)

قىسقىچە مەزمۇنى: ماقالىدە، ئوگېداي ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرپان(قوچۇ)، قومۇل رايونلىرىغا قىلغان تاجاۋۇزى ھەمدە جوڭغارلارنىڭ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇ ئىككى رايونغا سالغان پاراكەندىچىلىكلىرى، شۇنداقلا يەنە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىككى قېتىملىق گەنسۇغا كۆچۈش پائالىيىتىنىڭ باش ـ ئاخىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 文中重点探讨了窝阔台和察合台后裔在 13 世纪后半叶对高昌回鹘汗国吐鲁番(高昌)、哈密地区的侵略以及准噶尔人 17 世纪末 18 世纪初对这两地区的侵扰，同时又着重探析了吐鲁番维吾尔人在这一时期两次迁移甘肃的始末。

**Abstract:** This paper mainly discusses the invasion from descendants of Ogodei and Chaghatai to the Edikud Khanate (Turpan) and Kumul region during the late 13th century, and Dzungarians invasion to Turpan, Kumul region which happened during the late 17th to early 18th centuries. Furthermore, discusses the whole story of Uyghur's migration activities to Gansu.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K247　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. قايدۇ، دۇۋالارنىڭ تۇرپان، قومۇلغا تېگىش قىلىشى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1 ـ قېتىم گەنسۇغا كۆچۈشى

چىڭگىزخان بارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىر تۇغ ئاستىغا يىغىپ قۇدرەتلىك موڭغۇل خانلىقىنى قۇرۇپ (1206 ـ يىلى) چىققاندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، موڭغۇل ئېلىنىڭ سىرتىدىكى خانلىقلارنى بويسۇندۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ۋەيرانچىلىق خاراكتېرىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

ئەينى چاغدا، چىڭگىزخان تەرىپىدىن يېڭىلا بويسۇندۇرۇلغان نايمان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قارا قىتان خانلىقى(1132-1218)غا قېچىپ بېرىپ، كېيىنچە قارا قىتان خانى گۈرخان(جىلۇگۇ)دىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانىدى، شۇڭا چىڭگىزخان كۈچلۈكنى يوقىتىپ نايمان قەبىلىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، يەنى 1209 ـ يىلى قارا قىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خاقانى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، قارا قىتانلارنىڭ قوچۇدا تۇرۇشلۇق باش نازارەتچىسى(كەنجى باسقاقى)نى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزىگە مايىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1210 ـ يىلى ئەل بۇيرۇقدار بايلارنى قوچۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بارچۇق ئارت تېكىن ئەلچىلەرنى

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئايىمگۈل قابىل (1964 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، شىنجاڭ تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، قۇت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، تاربايي قاتارلىق ئۈچ كىشىنى چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا جاۋابەن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى[1] ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1211 ـ يىلى چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىننى ئۆز ئوردىسىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بەشىنچى ئوغۇللۇق مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارچۇق ئارت تېكىن ۋە ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ غەرب، شەرق، جەنۇبلارغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشلىرىغا تولۇق قاتناشتى. كېيىنچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يەنە موڭغۇللارنىڭ يۇەن سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغىمۇ باشتىن-ئاخىر ئىشتىراك قىلدى.

چىڭگىزخان ۋاپات بولغان(1227 ـ يىلى)دىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان تۆلۈ (1227 ـ 1229)، ئوگىداي(1229 ـ 1242)، كۈيۈك (1246 ـ 1248)، مۆڭكە (1251 ـ 1259) قاتارلىق خانلارمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. قۇبلاي (چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى) موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى بولغان (1260 ـ يىلى)دىن كېيىن، جۈملىدىن يۇەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ (1271 ـ يىلى) چىققاندىن كېيىنمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ قالدى.

لېكىن قۇبلاينىڭ موڭغۇللارنىڭ چوڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى، ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئارىق بۇقا ۋە ئوگىداي، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇبلاي ئاۋۋال ئىنىسى بىلەن تۆت يىل ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بىراق ئوگىداينىڭ نەۋرىسى قايدۇ بىلەن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان بۇراقنىڭ ئوغلى دۇۋا ئۆز ئارا بىرلىشىپ قۇبلايغا قارشى ئۇزاق مۇددەت جەڭ قىلدى. ئۇرۇش جەريانىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى باشتىن-ئاخىر مەركىزىي ھۆكۈمەتنى قوللاپ، يۇەن سۇلالىسىنىڭ قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ ئاۋانگارت سېپىگە ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن قايدۇ، دۇۋالار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، بۇ خانلىقنى يوقىتىشنى قۇبلاي بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم كوزىرى دەپ ھېسابلىدى ھەمدە نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى بولغان تۇرپان(«ئىدىقۇت»، «قوچۇ»، «قارا قوچۇ»، «قارا غوجا» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان)، قومۇللارغا ئارقا- ئارقىدىن تېگىش قىلدى.

1270 ـ يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، قايدۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرا-قورۇللىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلىدى. بۇ قېتىم خاقان قوچقار تېكىن شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىپ، يۇەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە توپىلاڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلدى ۋە بۇ جەڭنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى[2]. 1275 ـ يىلى قايدۇ بىلەن دۇۋا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بېشبالىقنى ئىشغال قىلىپ، پايتەخت قوچۇ شەھرىنى قاتمۇ-قات مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان قوچقار تېكىن پايتەخت ئاھالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھېچقانداق تاشقى ياردەم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شەھەرنى ساق ئالتە ئايغىچە ساقلىدى. ئاخىر ئوزۇق-تۈلۈك تۈگەپ، پۈتۈن پايتەختنى ئاچارچىلىق ۋە ئۆلۈم-يېتىم قاپلىغان بىر ۋەزىيەتتە، ئۇ قىزى ئەل يىقمىش بىكەنى دۇۋاغا تەقدىم قىلىپ، خەلق ھەم پايتەختنى ساقلاپ قالدى[3]. قايدۇ بىلەن دۇۋامۇ مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. كېيىن قوچقار تېكىن خانبالىققا بېرىپ، قوچۇ ئۇرۇشىنىڭ تەپسىلاتىنى قۇبلاي خانغا مەلۇم قىلدى. قۇبلاي بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، تاغىسى كۈيۈكخاننىڭ قىزى باباخار ۋە كېيىنچە يەنە ئوگىداينىڭ قىزى بۇرخاننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى ھەم 100 مىڭ نۆكچە پۇل ئىنئانە قىلدى[4].

قوچقار تېكىن قۇبلاي خان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قايدۇ، دۇۋالاردىن يىراقراق تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قوچۇدىن قومۇلغا يۆتكىدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا قايدۇ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى

قومۇلغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قوچقار تېكىننى قاتمۇ-قات قورشاۋغا ئالدى. قوچقار تېكىن ئۆز قوشۇنلىرى ۋە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قان كېچىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور پەرق بولغاچقا، ئاخىر قومۇلنى تارتقۇزۇپ قويىدى ۋە جەڭدە باتۇرلارچە قۇربان بولدى. قوچقار تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى نۇرىن تېكىن تەخت ۋارىسى بولدى. بىراق ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا، قايدۇ، دۇۋا قوشۇنلىرى بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىشقا ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز خەلقى ۋە سەلتەنەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، گەنسۇغا كۆچۈشنى قارار قىلدى[5].

نۇرىن تېكىن 1284-يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ھەم قالدۇق قوشۇننى باشلاپ قوچۇ، قومۇلدىن يولغا چىقىپ جيايۈگۈەنگە كەلدى. يۈەن سۇلالىسى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ(بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي تەۋەسىدە)غا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1-قېتىم گەنسۇغا كۆچۈشى ئىدى.

نۇرىن تېكىن يۇڭچاڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى ئۇنىڭغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. مەسىلەن، قۇبلاي خان ئۇنى ئۆز ھوزۇرىدا مەخسۇس قوبۇل قىلىپ، مەلىكە بۇرھان بېكەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. بۇرھان بېكە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى باباچانىمۇ ياتلىق قىلدى[6]. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بولسا مۇۋاپىق مىقداردا تېرىلغۇ يەر ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بەردى. كېيىنكى يىللاردا، يۈەن سۇلالىسى نۇرىن تېكىننى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا «ئىناۋەتلىك تۆرە»، «باش مىرزا»، «مەمۇرىي ئىشلار مۇپەتتىشى» قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەردى ھەمدە يەنە ئۇنى قول ئاستىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، شىزاڭدىكى يۈەن سۇلالىسىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ شىزاڭدا توپىلاڭنى غەلىبىلىك تىنچىتقاندىن كېيىن، «تىبەت ئايغاقچى ئامبىلى» ئۇنۋانى بىلەن شىزاڭدا 20 يىلدەك مەنسەپ تۇتتى. يۈەن ۋۇزۇڭ(قاسان) زامانىسى (1308ـ1311) دا، ئۇ يارلىققا بىنائەن شىزاڭدىن قايتىپ كېلىپ، يېڭىباشتىن «ئىدىقۇت»دېگەن نام ۋە ئالتۇن تامغىغا نائىل بولدى. يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ شىزاڭدىكى ئىش-پائالىيەتلىرىگە قارىتا:«ئۇ قەھرىلىك، ئەخلاقلىق، ئوچۇق كۆڭۈل، لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن، قاراقچىلار تۈگىتىلدى، خەلق ئەمىن بولدى»[7]دەپ يۇقىرى باھا بەردى.

يۈەن رېنزۇڭ(1312ـ1320) تەختكە چىققاندىن كېيىن، نۇرىن تېكىننى ئىلگىرىكى خانلارغا ئوخشاشلا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، 1316-يىلى ئۇنى يېڭىباشتىن «قوچۇ خانى» قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى خىل ئالتۇن تامغا تارتۇق قىلىپ، خانلىق تامغىسىنى يۇڭچاڭ قاتارلىق ئىچكى جايلاردا ئىشلىتىشكە، ئىدىقۇتلۇق تامغىسىنى تۇرپان، قومۇل قاتارلىق ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىشلىتىشكە بۇيرىدى. بۇ مەزگىلدە قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى ئاللىبۇرۇن تىنچىتىلىپ، يۈەن سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ھەم جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن نۇرىن تېكىن شۇ يىلى يەنە قوچۇ رايونىغا قوشۇن باشلاپ كىرىپ، يېڭىباشتىن ئۇيغۇر شەھىرىنى سالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن يۇڭچاڭدىكى باشقا ئۇيغۇر ئاھالىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى. نۇرىن تېكىن بولسا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولۇشتىن سىرت، يەنە يۇڭچاڭ قاتارلىق ئىچكى رايونلاردىمۇ ئوردا تەيىنلىگەن مۇھىم مەنسەپلەردە بولىۋەردى.

## 2. جۇڭغارلارنىڭ تۇرپان، قومۇلغا بولغان تاجاۋۇزى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ

## 2ـ قېتىم گەنسۇغا كۆچۈشى

جۇڭغار خانلىقى (1640ـ1755) ئاپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يەكەن خانلىقى (1514ـ1682)نى

يوقاتقاندىن كېيىن، ئاپاق خوجىنى يەكەندە قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا قويدى[8]. شۇنىڭ بىلەن ئاپاق خوجا جۇڭغار خانلىقىغا ھەر يىلى ھەددى-ھېسابسىز باج-سېلىق، ئولپان ۋە تۈگمەس سوۋغا-سالاملارنى تاپشۇرۇش بەدىلىگە تاكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن(1694- يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى)گە قەدەر پۈتكۈل جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىراق ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خوجا ئەۋلادلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆز ئارا ھوقۇق تالىشىپ ئۇزۇن مۇددەت جەڭگى-جېدەل قىلىشتى. بۇ مەزگىلدە، يەكەن خانلىقىنى بويسۇندۇرغان جۇڭغار خانى غالدان ئۆلگەچكە(1697-يىلى)، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى غەربكە قاراپ كۈنسايىن ئىلگىرىلەۋاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەچكە، جۇڭغار خانلىقى جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىدا ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن پەقەت سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقىلا مەجبۇر بولدى. شۇڭا بۇ خىل ۋەزىيەتتە، ئاپاق خوجا قورچاق ھاكىمىيىتى يەنىمۇ پارچىلىنىپ، جايلاردا بىر مۇنچە يېڭى فېئودال ھۆكۈمرانلار بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قومۇل، تۇرپان، ئۇچتۇرپان ۋە يەكەندىكى نەسەبىي فېئودال جەمەتلىرى گۇرۇھىنىڭ كۈچى ئەڭ زور ئىدى.

سېۋان ئاراپتان جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىپ(1697-يىلى) بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، خانلىقتا يېڭىباشتىن كۈچىيىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە، سېۋان ئاراپتان ئالدى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن، قوشۇن چىقىرىپ تەكلىماكان ئارقىلىق يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. يەكەن ھۆكۈمرانى دانىيال(ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادى) قارشىلىقسىزلا تەسلىم بولدى. يەكەن ئېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭغار قوشۇنلىرى ئۇدۇل قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئەھمەد(ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى)نى ئەسىرگە ئالدى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىن دانىيال بىلەن ئەھمەدنى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى ۋە ئىلىنىڭ ئىرەن قابىرغا دېگەن جايىدا نەزەربەندكە ئالدى. بىراق دانىيال بىلەن ئەھمەدنى ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇش جۇڭغار خانلىقىغا ھېچقانداق نەپ ئېلىپ كەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سېۋان ئاراپتان خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، دانىيالنى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق تۆت شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جۇڭغارلارغا ھەر يىلى ۋاقتى- قەرەلىدە غەللە-پاراق ۋە باج-سېلىق تاپشۇرۇش بەدىلىگە بۇ تۆت شەھەرنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىدە تۇردى.

ئەينى چاغدا، شەرقتىكى قومۇل، تۇرپان رايونلىرى بولسا ئاپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭغار خانلىقىغا قارشى چىقىپ، ئۇلارغا باج-سېلىق تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار خانلىقى بۇ ئىككى رايونغا قارىتا ئۇزاق مۇددەتلىك تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىككى رايون خەلقىمۇ جۇڭغارلارغا قارشى بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى قىلدى.

1700- يىلى سېۋان ئاراپتان قوشۇن ئەۋەتىپ قومۇلغا باستۇرۇپ كىردى. قومۇل خەلقى ئەبەيدۇللا بەگنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 1715- يىلى سېۋان ئاراپتان 2000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قومۇلغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى ۋە قومۇل شەھرىنى قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى[9]. بىراق قومۇل ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا بەگ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمىنىمۇ چېكىندۈردى. ئەمما بۇنداق ئۇرۇشلار تەكرار بولۇۋەرگەچكە، قومۇل خەلقى ناھايىتى قىيىنچىلىقتا قالدى. ئۇرۇش ئوتلىرى قومۇل بوستانلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا ئەبەيدۇللا بەگ جۇڭغارلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان چىڭ سۇلالىسىگە مايىل بولۇشقا باشلىدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ جۇڭغارلارغا قارشى تۇردى.

جۇڭغارلار قومۇلغا تېگىش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۇرپانغىمۇ كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. 1715 - يىلى سىۋان ئاراپتان ئۇرۇمچى ۋە تۇرپانغا تاجاۋۇز قىلىپ، بۇ جايلارنى قاتتىق تالان-تاراج قىلدى[10]. بىراق تۇرپان خەلقى جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. 1720 - يىلى جۇڭغارلار تۇرپانغا يەنە باستۇرۇپ كىرىپ، تۇرپان خەلقىنى دەھشەتلىك تالان-تاراج قىلدى ھەمدە نۇرغۇن خەلقنى قارا شەھەرگە مەجبۇرىي كۆچۈردى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر ئاۋامىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قاچتى، جۇڭغار قوشۇنلىرى قوغلاپ كەلگەندە بولسا جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى چېكىندۇردى[11]. 1731-1732 - يىللىرى جۇڭغارلار تۇرپان رايونىغا قارىتا توختاۋسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ھالىدىن كەتكۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر تۆت قېتىم تۇرپاننى قاتتىق پاراكەندە قىلدى. ئەينى دەۋردىكى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىن خوجا بولسا پۈتۈن خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن ناھايىتى جاپالىق ھەم قانلىق جەڭ قىلدى. لېكىن ئىككى تەرەپ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور پەرق بولغاچقا، تۇرپان خەلقى ئۇرۇشتا ئىنتايىن كۆپ بەدەل تۆلىدى. نۇرغۇن خەلق جۇڭغارلارنىڭ تەكرار تالان-تاراجلىرى تۈپەيلىدىن يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلدى. شۇڭا ئەمىن خوجا كېيىنكى چاغلاردا جۇڭغارلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنىش ئارقىلىق، جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇش يولىغا ماڭدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆز ئاھالىلىرىنى باشلاپ گەنسۇغا كۆچۈشنى قارار قىلدى.

1732-يىلى 10-ئاينىڭ 14-، 15-كۈنلىرى، ئەمىن خوجا قول ئاستىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ تۇرپاندىن يولغا چىقىپ كۆچۈشنى رەسمىي باشلىدى[12]. بۇ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ 2-قېتىم گەنسۇغا كۆچۈشى ئىدى. شۇ يىلى قىشتا ئۇلار قومۇلنىڭ تاشۋېلىق دېگەن يېرىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئىككىنچى يىلى يەنە تاشۋېلىقتىن گەنسۇنىڭ گۇاجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. بىراق يول بويى ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ تېرىپىرەن بولۇپ، گۇاجۇغا يېتىپ كەلگەندە ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك بولۇپ، پەقەت 8013 ئادەملا قالدى[13]. چىڭ ھاكىمىيىتى بۇ ئىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئادەم ئەۋەتىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە گۇاجۇدىكى بەش قەلئەگە يۇرت ئايرىمىسى بويىچە تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۇلارنى يەنە يەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ئەمىن خوجا ۋە باشقا ئۇيغۇر سەردارلىرىغا بولسا ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىپ، كۆلىمى چوڭ، ھەشەمەتلىك، ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. دېمەك، يېڭىلا گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەمخورلىقى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىۋالدى.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. بىراق يەر قىس، تەبىئىي شارائىت ناچار بولغاچقا، ئۇلار ناھايىتى جاپالىق ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى تەستە قامدىدى. شۇڭا ئۇلار بىر تەرەپتىن، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىشقا توغرا كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، چىڭ ھاكىمىيىتى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، گۇاجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە قارىتا «ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزىنى قامداش؛ ئاشلىق، ئوت-چۆپ ۋە باج-سېلىق، ھاشار-ئالۋاڭدىن خالاس قىلىش»[14] پەرمانىنى چۈشۈردى. لېكىن گۇاجۇ رايونىنىڭ ھاۋا كېلىماتى ناھايىتى ناچار، تۇپرىقى ئۈنۈمسىز بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق بىلەن ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىشى يەنىلا ئىنتايىن تەس بولدى. شۇ ۋەجىدىن جۇڭغار خانلىقى يوقىتىلغان(1755 - يىلى)دىن كېيىن، گەنسۇنىڭ پەرمانبەردارى مىڭ دې گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، چيەنلۇڭ خانغا «. . . تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى.

گۇاجۇنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، بوران كۆپ، يامغۇر ئاز، دەريا سۈيى دائىم ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھوسۇلى ئۇدا كېمىيىپ كەتكەچكە، كۈندىلىك ئوزۇق-تۈلۈكنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتىدۇ. . . بۈگۈن تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ زېمىنىمىزغا تەۋە بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇڭا جاساق بەگ ئىمىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر»[15] دېگەن مەزمۇندا مەلۇماتنامە سۇندى. ئەينى چاغدا ئىمىن خوجىنىڭمۇ قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئارزۇسى بولغاچقا، ئۇمۇ چيەنلۇڭ خانغا: «مەن ئۆتكەن يىلى بۇيرۇق بويىچە ئەسكەر باشلاپ ئىلىغا بېرىپ، قايتىشىمدا تۇرپانغا كېلىپ قارىسام موڭغۇللارمۇ قالماپتۇ. پەقەت ئۇيغۇرلاردىن 400 ئائىلىلىك بار ئىكەن. ئىلىغا بارغاندا ئىلگىرىكى يىللاردا تۇتقۇن بولۇپ كەلگەن 100 ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدىم. . . بۇ جايلار توختاۋسىز ئۇرۇشلار ۋە كۆچۈش دەستىدىن ۋەيران بولۇپ سورۇلۇپ كېتىپتۇ. لېكىن تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئېتىزلار خېلى بار ئىكەن. نۆۋەتتە گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار تۇرپانغا قايتىپ بارسا ئولتۇراقلىشىپ سىغىشىپ كېتەلەيدۇ»[16] دەپ مەلۇمات سۇنغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ خان بىر يىلدىن ئارتۇق مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر ئىمىن ۋاڭنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى. نەتىجىدە، 1756 ـ يىلى ئىمىن ۋاڭ 2452 تۈتۈن، 8578 نوپۇس ئۇيغۇر ئاھالىسىنى باشلاپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. 200 دىن ئارتۇق ئادەم ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆچمەي گۇاجۇدا قېپقالدى.

گەنسۇغا كۆچكەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گەرچە ئاخىرقى ھېسابتا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق گۇاجۇدا ئولتۇراقلاشقان 20 نەچچە يىل جەريانىدا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى بىرلىكتە ئاچقان. ئۇلار بىر قاتار سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، گۇاجۇدا سۇ قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى پەسەيتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە ناھايىتى جاپالىق ئەمگەكلىرى بىلەن نۇرغۇن بوز يەرلەرنى ئېچىپ، قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

## ئىزاھلار


[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 225 ـ بەت.

[2] نۇرۇللا مۆمىن يۈلغۇن:« غەربىي يۇرت ـ تارىخىمىزدىكى خاقانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 163 ـ بەت.

[3] [4] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 825 ـ بەت.

[5] ئابې تاكېئو (ياپونىيە):«غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 91 ـ بەت.

[6] [7] ليۇ جىشياۋ:«ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 482 ـ 483 ـ بەتلەر.

[8] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»(1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 356 ـ بەت.

[9] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 274 ـ بەت.

[10] [11] [15] ساگۇچى تورۇ(ياپونىيە):«شىنجاڭنىڭ 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 14 ـ، 20 ـ، 27 ـ بەتلەر.

[12] [13] [14] [16] سۇ بېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا:«قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 250 ـ، 257 ـ بەتلەر.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)03-137-04

# ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى توغرىسىدا*

ئەخمەتجان ئۆمەر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى. ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇچۇر ساپاسى — ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتتە شەخسنىڭ زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ ياردىمىدە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش شۇنداقلا ئۇچۇر بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى مۇھەررىرلەردىن يۈكسەك ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. بۇ ماقالىدە ئۇچۇر ساپاسى ئۇقۇمى چۈشەندۈرۈلدى. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يۈكسەك ئۇچۇر ئېڭى تىكلىشى، مول ئۇچۇر- بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى، ئۇچۇر ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى شۇنداقلا يۈكسەك ئۇچۇر ئەخلاقىغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى تەھلىل قىلىندى. ئاخىرىدا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىنىڭ يوللىرى قىسقىچە بايان قىلىندى.

**摘要**：信息素质就是利用现代技术获取有用信息的能力和使用信息资源的能力。学术期刊编辑工作就是信息工作，学术期刊社是生产、传播信息的部门，因此编辑工作者因具备良好的信息素质。本文阐述了编辑信息素质的内涵，提出学术期刊编辑应具有良好的信息意识,较强的信息能力，丰富的信息知识和高尚的信息道德。提出了学术期刊编辑提高信息素质的基本途径。

**Abstract:** Information quality is a kind of capacity of gaining useful information with advanced techniques and making use of information resources. Editors of academic periodicals should pay attention to improve their own information quality in practice. This paper expounds the connotation of a journal editor's information qualities, and explicates the qualities of an editor: sound information awareness, great power in information, rich information knowledge, and noble information morality.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G232　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇچقانىدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە، ئۇچۇردىن ئىبارەت بۇ بايلىقنىڭ قىممىتى دەۋر تەلىپىگە ئاساسەن تېخىمۇ ئاشماقتا. ئۇچۇر جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ مۇھىم ئامىلغا ئايلانماقتا. ئىلىم- پەن تەرەققىياتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى كىشىلەرنىڭ «ئۇچۇر ساپاسى» ئۇقۇمىغا بولغان چۈشىنىشىنى خېلىلا چوڭقۇرلاشتۇردى، شۇنداقلا ئۇلارنى مۇئەييەن ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە بولۇشقا تەقەززا قىلدى. بۇ خىل تەقەززالىق ئالدى بىلەن ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئىلىم- پەن نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىدىغان كۆزنەك، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈك، ئىلىم - پەن ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان سەھنە بولۇشتەك رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى پەن ساھەلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، تەرەققىيات يۈزلىنىشى، قىزىق نۇقتا، مۇھىم نۇقتا مەسىلىلىرى، شۇنداقلا يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان پەنلەر، كېسىشمە پەنلەر قاتارلىقلارغا ئائىت ئۇچۇرلاردىن ۋاقتىدا ۋە تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا سان- ساناقسىز ئۇچۇر دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئىلمىي قىممىتى بار، ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈپ چىقالىشى كېرەك. شۇڭا ئۇلار يۈكسەك ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 1. ئۇچۇر ساپاسى ئۇقۇمى

ئۇچۇر ساپاسى (Information Literacy) ئۇقۇمى تۇنجى بولۇپ ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى پائۇل زۇركوۋىسكى(Paul Zurkowski) تەرىپىدىن 1974 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتتە زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ ياردىمىدە كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش شۇنداقلا ئۇچۇر بايلىقىدىن

---

*بۇ ماقالە 2013- يىلى 5- ئاينىڭ 12- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئەخمەتجان ئۆمەر (1982- يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان)، تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر ئۇقۇمىغا بولغان تونۇشى شەكىللەنگەندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ «ئۇچۇر ساپاسى» ئۇقۇمىغا بولغان چۈشىنىشمۇ تەدرىجىي شەكىللىنىشكە ۋە چوڭقۇرلىششقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇچۇر ساپاسى ئۇقۇمى مەنىسىنىڭ بېيىشى ۋە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئىنتايىن مۇھىم مەنىلەرنى ئۆزىگە يۈكلىدى. نەتىجىدە ئۇچۇر ساپاسىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر زىيالىيلىرى هازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ساپا ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.

ئۇچۇر ساپاسى ئۇچۇرغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدا نامايان قىلىنغان كۆپ تەرەپلىمە ساپانى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئاساسلىق تۆۋەندىكى تۆت خىل نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇچۇر ئېڭى. بۇ يېڭى ئۇچۇرلارغا بولغان سەزگۈرلۈك، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشكە بولغان قىزغىنلىق ۋە تەقەززالىقنى كۆرسىتىدۇ، يەنى كىشىلەرنىڭ يېڭى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى شەيئى قاتارلىقلارغا قارىتا قىزىقىش ئىستىكىنىڭ بار يوقلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئۇچۇر بىلىملىرى ۋە ئۇچۇر ئىقتىدارى. بۇ پەقەت نۇقۇل ئۇچۇرنىڭ ئۆزىگىلا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن بەلكى مەزكۇر ئۇچۇرغا ئالاقىدار نەزەرىيە ۋە بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشنى شۇنداقلا يەنە كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىقلارغا ئائىت زۆرۈر ئىقتىدارلارنى هازىرلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، ئۇچۇر ئەخلاقى. بۇ ئۇچۇرغا ئېرىشىش، ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىش، ئۇچۇر تارقىتىش قاتارلىق جەريانلاردا نامايان قىلىنغان ئەخلاقىي پەزىلەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتكە، باشقىلارنىڭ هوقۇق مەنپەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتىنچى، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ئىقتىدارى. بۇ شەخسنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىۋاتقان ئۇچۇر دۇنياسىغا ماس هالدا ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. ژۇرنال مۇھەررىرلىرى قانداق ئۇچۇر ساپاسى هازىرلىشى كېرەك؟

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى — ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئۇچۇرلار ئارىسىدىن ئىلمىيلىكى يۇقىرى، ئىلمىي ماقالە مەنبەسى بولالايدىغان دېتاللارنى تاللاش ۋە ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلىشتا نامايان قىلغان ئىقتىدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىكى خىزمىتىنىڭ ھەر بىر ھالقىسى مۇھەررىردىن يۈكسەك ئۇچۇر ئېڭىغا، كەڭ دائىرىلىك ئۇچۇر بىلىملىرى ۋە زۆرۈر ئۇچۇر ئىقتىدارىغا، ئۇچۇر ئەخلاقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**1) يۈكسەك ئۇچۇر ئېڭى تىكلىشى كېرەك**

يېڭى ئەسىردە ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە بىلىم ئىگىلىكى گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى، بۇ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدىن قاراشنى يېڭىلاپ، يۈكسەك ئۇچۇر ئېڭى هازىرلاشنى تەلەپ قىلماقتا. چۈنكى، مۇھەررىرلەر ئۇچۇر ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا ئاندىن ئۆتكۈر بولغان كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. شۇندىلا ئاكتىپ بولغان كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇچۇر دۆۋىلىرى ئارىسىدىن قىممىتى بار ئۇچۇرلارنى بايقاپ چىقالايدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇچۇر ئېڭى يۇقىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئۇچۇرلارغا قارىتا سەزگۈرلۈكىمۇ ماس هالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ-دە، نادىر ئۇچۇر، نادىر ئورگىناللارنى ئۇستاتلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ژۇرنال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. مەيلى سىرتقى مۇھىتتىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىش بولسۇن ياكى ئورگىنالدىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ژۇرنالنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، ژۇرنالنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى ئېنىقلاش بولسۇن، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھەر ۋاقىت مۇرەككەپ ئۇچۇر تورىنىڭ مەركىزىدە تۇرغان بولىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى چوقۇم يۈكسەك ئۇچۇر ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، ئىلمىي ژۇرنالغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ئاپتور تەمىنلىگەن ئەسلىي ئۇچۇرلار بىلەن تەھرىرلىك خىزمىتىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىگىلەپ، ئۇلار ئارىسىدىن تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئۇچۇرلارنى تاللىۋالىشى كېرەك.

**2) مول ئۇچۇر- بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك**

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئۇچۇر ئۇقۇمىغا،

ئۈچۈرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا قانۇنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئۈچۈرنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتتىكى رولىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئادەتتە مۇھەررىر ئىگىلەيدىغان ئۈچۈرلار ئىلىم-پەن ئۈچۈرلىرى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالى، ئاپتورلار شۇنداقلا بازار ئۈچۈرلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. مۇھەررىرلەر بۇ ئۈچۈرلارنىڭ ياخشى تاراتقۇچىسى بولۇشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئالدى بىلەن ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇشى كېرەك.

مۇھەررىرلەر ئۈچۈرلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئۈچۈرلارغا ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، ئۈچۈرنىڭ تارقىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى، چېتىلىش دائىرىسى، مەنبەسى، ئوبيېكتى دېگەندەك. بۇنداق مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن چوقۇم ئۈچۈرغا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئىگىلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەررىرلەر ئۈچۈرلارغا ئالاقىدار قانۇن- تۈزۈم، بەلگىلىمە- سىياسەتلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، ئەسەر ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولۇشى ھەمدە ئۇنى خىزمەت داۋامىدا جانلىق قوللىنالىشى كېرەك.

نۆۋەتتە ئىلىم- پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىيات سۈرئىتىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى ئۇقۇملار پەيدا بولۇۋاتىدۇ، كونا ئۇقۇملار يېڭى مەنىلەرگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. ئۈچۈرلارنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، ئۈچۈر مىقدارى غايەت زور دەرىجىدە ئېشىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا ئۈچۈرلارنى توغرا پەرقلەندۈرۈش، ئۇقۇملارنى توغرا ئىشلىتىش، ئۇلارنى بىر - بىرىگە جانلىق باغلاش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ زۆرۈرىيەت ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭرى، ئۈچۈرلاردىن خەۋەردار بولۇش سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا.

**3) ئۈچۈر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك**

ئۈچۈر ئىقتىدارى مۇھەررىرنىڭ ئۈچۈرلارنى ئىگىلەش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدىكى ئاساسىي ئىقتىدارلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ مۇھەررىر ئۈچۈر ساپاسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچۈر ئىگىلەش ئىقتىدارى مۇھەررىرنىڭ ئۈچۈرلارنى كۆزىتىش، بايقاش ۋە سۈزۈۋېلىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇھەررىرلەر پەقەت كۈچلۈك ئۈچۈر ئىگىلەش ئىقتىدارى يېتىلدۈرگەندىلا ئاندىن ئۇ ئىگىلىگەن ئۈچۈرنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنىڭ كەڭرى، مەزمۇنىنىڭ مول بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچۈر ئىگىلەش ئاساسلىقى ئۈچۈرلارنى پەرقلەندۈرۈش، تاللاش، پايدىلىنىشتىن ئىبارەت جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچۈر ئىگىلەش جەريانىدا مۇھەررىر ھەرگىزمۇ پاسسىپ ئورۇندىكى قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئاكتىپ ھالدا ئىگىلىگۈچى بولۇشى كېرەك.

ئۈچۈرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئاساسلىقى ئۈچۈرلارنى تاللاش، ساقلىۋېلىش ۋە ئۇنى تەھرىرلەشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي جەرياننى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىرلەر ئورگىنالدىكى ئۈچۈرلارغا قارىتا تاللاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر ئۈچۈرغا بەرگەن باھاسى، ھۆكۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنى توغرا، ئاكتىپ بولغان باھا ياكى ھۆكۈمگە يېتەكلىيەلىگەن ئۈچۈر چوقۇم بىر ئىقتىدارلىق مۇھەررىرنىڭ قولىدىن چىققان بولىدۇ.

**4) يۈكسەك ئۈچۈر ئەخلاقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك**

ئۈچۈر ئەخلاقى ئۈچۈر توپلاش ۋە تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى پەقەت يۈكسەك ئۈچۈر ئەخلاقىغا ئىگە بولغاندىلا ئۈچۈرغا ئىگە بولۇش جەريانىدا ساغلام بولمىغان ئۈچۈرلارنى ۋاقتىدا شاللاش، قانۇنسىز ئۈچۈرلارنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش، ئۈچۈرلارغا قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ئېرىشىشلەرگە قارشى تۇرالايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۈچۈر ۋاستىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالايدۇ.

## 3. ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۈچۈر ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يوللىرى

**1) ئۈچۈرغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك**

ئۈچۈرغا بولغان سەزگۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئۆزى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان ئۈچۈرلارغا قارىتا

ئىپادىلىگەن ئاكتىپ سېزىمچانلىقنى كۆرسىتىغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەقلىي ئىقتىدارى ئاساسىدا ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىداردۇر. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى كۆپىرەك ماتېرىيال كۆرۈش ئارقىلىق، ھەر قايسى پەنلەرگە ئائىت بىلىملەردىن مۇئەييەن دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشى، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇچۇرلارنى پاسسىپ ھالەتتە ساقلاپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك، شۇندىلا ئۇلار ئۇچۇرغا بولغان سەزگۈرلۈكنى ئاستا- ئاستا يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلارغا ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمدە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يەنە ئۆزىدە ئۆتكۈر بولغان كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ئۇچۇرغا ئېرىشىشتىكى مۇھىم ھالقا. كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى مۇھەررىر ھەمىشە باشقىلار دىققەت قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، ئىلمىي ژرنال مۇھەررىرلىرى ھەر دائىم كۆزىتىشكە، بايقاشقا، تەھلىل قىلىشقا شۇنداقلا يەنە ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بولۇشى، كۆز ئالدىدىكى ھەر بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كېرەك.

**2) ئۆزلۈكسىز تەربىيەلىنىپ تۇرۇشى كېرەك**

نۆۋەتتىكى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنىڭ كۈنسېرى يېڭىلىنىشى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدىن كەسپىي ۋە تەتقىقات ئىقتىدارلىرىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل جىددىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن مۇھەررىرلەر ئۈزلۈكسىز مائارىپ بويىچە تەربىيەلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇنىدىن باشقا يەنە ھەر خىل كۇرس، تەربىيەلەش شۇنداقلا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى كېرەك. بۇ خىل پائالىيەتلەر مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇچۇر ئېڭىنىڭ ئۆسۈپ، ئۇچۇر ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرنى لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، بىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇچۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**3) ئۆز- ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك**

ئۇچۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇھەررىرلەر ئۆز- ئۆزىنى تەربىيەلەشكىمۇ زور ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۆز- ئۆزىنى تەربىيەلەش ئادەتتە كۆپ كۆزىتىش، كۆپ قول سېلىش، كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ياخشى بولغان ئادەت يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەجرىبە توپلاشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] 徐雅雯. 论网络环境下学术期刊质量的提高[J]. 大连海事大学学报(社会科学版),2012, (06) :126-128。

[2] 张青. 基于准公共品属性的学术期刊发展探讨[J]. 出版参考 ， 2012, (09) :8-9。

[3] 张斯龙. 微博客:学术期刊网络传播的新路径[J]. 中国出版， 2012, (17) :47-50。

[4] 王雅坤, 侯翠环. 数字环境下区域性学术期刊如何提升传播力[J]. 传媒， 2012, (03) :55-56。

[5] 骆淑莉, 沈莹. 科技期刊编辑要富有工作激情[J]. 编辑学报， 2012, (02) :198-199。

[6] 杨玉. 浅谈科技期刊编辑必需的几种素质[J]. 科技创新导报， 2012, (07) :255-256。

[7] 陶范. 科技期刊编辑独立性论析[J]. 编辑学报， 2012, (01) :22-24。

[8] 陈焰. 浅议科技期刊编辑的读者作者工作[J]. 科技创业月刊， 2012,(12) :172-173。

[9] 《东北石油大学学报》获评第 4 届中国高校优秀科技期刊奖[J]. 东北石油大学学报, 2012,(06) :87。

[10] 樊鑫. 功夫在诗外——对于编辑工作的一点体会[J]. 剑南文学(经典教苑) ， 2012, (09) : 221。


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.34, Iss.3 (Total:135) Sep 2013

## Contents

A Discussion on the Necessity of the Implementation of the New Rural Endowment Insurance System ------ Shanshan County as An Example.................................*Minnawar Momen*(1)

A Discussion on Cultural Interpretation of Perception and Its Extended Meaning.................. ..........................................................................*Yan Jin, Omar Halpiz*(12)

A Classification of Angels and Magic Girls in Uyghur Folk Stories............*Hasyet Habibulla*(18)

A Review for Historical Masterpiece "Firdaws al-Iqbāl" ...........................*Osmanjan Yakup*(28)

A Discussion on "People-Oriented" Based Ideological and Political Education for University Students...........................................................................................*Tursunay Samat*(37)

A Discussion on the Necessity of Enlarging the Proportion of Middle-Income Earners.................. ............................................................................................*Hornisa Khasim*(41)

A Discussion on Economic Appreciation and Economic Development............*Halchem Amat*(47)

A Study on Babur and Linguistics..........................................*Teltikin Yusuf Egambardi*(51)

A Brief Introduction to the Structure of Translatology...............................*Yusufjan Khadir*(62)

A Discussion on the Important Role of Emotional Factor in Second Language Learning.............. ............................................................................................*Arafatgul Osman*(67)

A Brief Introduction to Cognitive Linguistics.......................................*Rayhangul Abliz*(74)

A Study on Uyghur Official Titles in Khitan................................................................. ................................................*Nurulla Momin Yulghun, Memetzunun Abdukerim*(79)

A Discussion on Writ and Book Culture of Uyghur ................*Ablajan Muhammad Umudyar*(84)

An Analysis on Literary Works on the "Garden" Column of "Xinjiang University Newspaper"......... ............................................................ *Abdulla Matkhurban*(88)

A Discussion on Western Marxist Literary Criticism and Its Main Features............................. .......................................................................................... *Ahmed Saydulla*(97)

An Analysis on the Poem "Sound of Flute"...... ............ *Aygul Abdurahim, Hoshurjan Ahun*(102)

A Discussion on Muhammadjan · Sadik and Uyghur Classical Poetics................................. ....................................................................................*Ablikim Abdurahman*(111)

A Discussion on Statue of "Farhad-Shirin" Story in Uyghur Written Literature and Its Significance ...........................................................................................*Maynur Yunus*(118)

Study on the Long Historical Oral Epic Tradition of Turkic Ethnic --- Cultural Origin of Narrative Pattern of Uyghur Historical Novel .............................................*Aliye Abdulla*(124)

A Discussion on Mongol's Invasion to Turpan, Kumul and Uyghur's Migration to Gansu Province... .........................................................................................*Ayimgul Khabil*(131)

On the Information Qualities of Editors of Academic Periodicals..................*Ahmedjan Omar*(137)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке )

**№.3.2013г (Общий: № 135)**

**Содержание**

Необходимость распространения страхования для пожилых в деревнях... Минаварь Мумин

Национальность в значениях слов и воприятие..............................ДжуньЯнь Умарь Хапыз

Классификация сказок об ангелах и феях......................................................Хасият Хабибулла

Об историческом произведении «Счастливый рай»........................................ Усманджан Якуп

Понятие «человечество свыше всего» и политическое воспитание студентов………………

............................................................................................................................Турсунай Сэмэт

Повышение количества людей со средним уровнем дохода на основе углубжения системы распределения доходов......... ..................... ..................... ..............................Хурьныса Касым

Экономическая добавленная стоимость и экономическое развитие....................Хэлчэм Эмэт

Бабур и языкознание..........................................................................Юсуп Игамбэрди Культыкин

О структуре перевода.... ....................................................................................Юсупджан Кадыр

Роль эмоциональных факторов в изучении второго языка............................Арпатгуль Усман

Краткое представление о когнигнитивной лингвистике..............................Рейхангуль Аблыз

Уйгурское название должности у Киданцев.......................................... ..................... ............

..... ........................................................... Нурулла Мумын Юлгун, Мэмэтзунун Абдукерым

Древная канцерярская и книжная культура уйгуров..........................................Аблажан Мэмэт

Изучение колонки «Сад» в журнале Синьцзянского университета........................... .............

............... ..................... ..................... .................. ..... ..... ..... ..... ...............Абдулла Мэткурбан

Особенности изучения критики маркистической литературы на западе..... ..... ..... ..... ..... .....

.......................................................... ....................... ............................Ахмэтжан Сайдулла

«Звук флейта» и сопоставительный анализ стихов..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... .....

.......... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ...........Айгуль Абдурэхим, Хушуржан Ахун

Уйгурская поэтика и Мухаммаджан Садык........... ..... ..... ..... ..............Аблукым Абдурахман

Роль изучения «Фарход и Ширын» и значение в уйгурской книжной литературе..... .... ..... ...

..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ..... ...Маинур Юнус

Традиция эпоса древних тюрских народов ________ Способ описания уйгурских исторических романов и источник культуры........................................ Алия Абдулла

вторжение Монголы в Турфан, Комул и Турфанские уйгуры домогательствах миграции в Ганьсу……………………………………………......………Айымгуль Кабыль

Об информационной грамотности редакторов научных журналов………Ахмад Умар

# ئابدۇرېشىت ئىسلامى

## 阿布都热西提·伊斯拉米



ئابدۇرېشىت ئىسلامى (ئابدۇرېشىت داموللام، 1925 ـ 1889) مەكىت ناھىيەسىدىن، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدا دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، تىل ـ ئەدەبىيات، تۈركىي ـ چاغاتاي، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى شۇنداقلا بۇ تىللار ئارقىلىق ئەدەبىيات، ئېتىكا، كالامىزم، فىقھە، مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىنشا قاتارلىق ئىلىملەرنى ئىگىلىگەن. ئۇ ئىزچىل ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بىلىملىك ۋە يارامىلىق بىر ئادەمگە ئايلانغان. ئۇ كېيىنچە مەكىت ناھىيەلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەكىت ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، مەكىت ناھىيەلىك يېڭى دېموكراتىزملىق ياشلار ھەرىكىتى رەھبەرلىك ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ ئۈرۈمچىدە يىغىنغا قاتناشقان. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ياركەند ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە قاغىلىق ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ياركەند ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشتە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى (ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تېخى قۇرۇلمىغان) مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، تەتقىقاتچى، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ 1962 ـ يىللىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1965 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق، قەدىمكى ئەسەرلەرنى يېشىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دەرس مۇنبىرىدە «ئىسلام تارىخى»، «چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدا»، «چاغاتاي تىلىدىكى تېكىستلەردىن تاللانما» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.

ئابدۇرېشىت ئىسلامى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان، باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئۇستازلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ مىسالى ئۇ تۈزگەن«شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» ناملىق قوللانمىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ كىتاب جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئۇستاز تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا «ھەيرەتۇلئەبرار»، «مەجالىسۇننەفائىس»، «دىۋانى بىلال»، «دىۋانى مەھزۇن»، «گۇل ۋە بۇلبۇل»، «دەھرۇننەجاد»، «كىتابىي غېرىپ»(پارچە)، «ماقالات»، «تەجەللى شېئىرلىرى» قاتارلىقلارنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە «تارىخىي رەشىدى ـ زەئىلى»، «تارىخىي كاشغەر ۋە فەرغانە »، «رەۋزەتۇسسەفا»، «كاشغەر تارىخى»، «شەجەرەئىي تۈرك»، «قابۇسنامە» قاتارلىقلارنى پارس، تۈرك ۋە چاغاتاي تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغان. «ئۇيغۇر شائىرى تەجەللى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مەسىلىسى» قاتارلىق ماقالىلارنى يازغان.

ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر يېتىلگەن خەتتات ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلىگەن ئىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، تۇردى ئەھمەد ئەپەندى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 1980 ـ يىلى باستۇرۇلغان «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (چاغاتاي تىلى)ناملىق دەرسلىك كىتاب ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇ كۆچۈرۈپ چىققان. ئۇ يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئەسەر تاللاش، تەھرىرلەش جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن. ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام ئىلمىي ئىجادىيەتتە «ئابدۇرېشىت ئىسلامى»دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.

ئومۇمەن، ئۇستاز ئابدۇرېشىت ئىسلام ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سالاپىتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ھۆرمەت تاپقان، بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئادەم ئىدى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلار خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلىنىپ زامان ـ زامانلار ساقلانغۇسى، ئەسلەشنىڭ جانلىق ئۆلگىسى بولۇپ قالغۇسى.

# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第34卷 第三期 2013年9月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
主　　编：阿布里克木・亚森
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂
邮政编码：830046
电　　话：0991-8582927
电子邮箱：xju13@xju.edu.cn
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN65-1034/G4-W
国内代号：58-13
国外代号：5798（QR）
定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878
10>
9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 - يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2013 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (34 - يىللىق 3 - سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 - 8582927
ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 - 5878
مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 - 1034/G4 - W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 13
باھاسى : 6 يۈەن